سەمەت مۇھەممەد رامزان

# سۇزۇلگەن تۇمان



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



سەمەت مۇھەممەد رامزان

# سۈزۈلگەن تۇمان

(پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئارزۇگۇل سىدىق**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۇل ئوسمان**

# سۆزۈلگەن تۇمان

**(پوۋېست - ھېكايىلەر)**

ئاپتورى: **سەمەت مۇھەممەت رامىزان**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 7.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2012 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000

---

ISBN 978-7-5373-2615-5
باھاسى: 20.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998—2653927

# مۇندەرىجە

سۈزۈلگەن تۇمان (پوۋېست)............1

## ھېكايىلەر

كېسەل..............81
«مۇدىر پولۇسى»..............106
تىلىسەك تاپارسەن..............110
يىرتىق گەپ..............128
ياق! مەن «ئوغرى» ئەمەس..............131
قاپاق..............147
بادام دوپپىلىق يىگىت..............149
سەۋەب..............165
خىسلەت..............169
ئەركەك..............174
ئۆتىنە ئالەم..............185
ھەسرەت..............188
تۇتۇرۇق..............192
پالتا سەۋەبىدىن..............200
پۇشايمان..............203
ئىككى تىلەمچى..............207
ئاتىنىڭ يۈرىكى..............209
سائىل..............214

# سۇزۇلگەن تۇمان

## (پوۋېست)

### 1

كىچىككىنە يېزا بازىرىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان قېرى قاپاق تېرەكنىڭ غولىغا يانداپ سېلىنغان، ئېچىلىۋاتقىنىغا نەچچە يىللار بولغان بۇ ئاياغ دۇكىنىنى، «ساۋۇت ساختا»نىڭ ئاياغ دۇكىنى دېسە مۇشۇ يېزا بازىرىدىلا ئەمەس، يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللە - كەنتلەردىكىلەردىنمۇ بىلمەيدىغانلار يوق. ئۇنىڭغا «ساختا» دېگەن بۇ لەقەم قاچان، كىم تەرىپىدىن قويۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ، ئەمما بىزدە «لەقەم دېگەننى خىزىر قويىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، ساۋۇتنىڭ ئۆزى ھەرقايسىمىزغا ئوخشاشلا بەش ئەزاسى ساق، ھېچ يېرىدە بىرەر «قاشقىسى» يوق ئادەم. لېكىن، دۇكىنىدىكى ئاياغلارنىڭ كۆپ قىسمى ساختا خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن ئەرزان باھالىق ئاياغ. ئەلۋەتتە، بازار باشقۇرۇش، سۈپەت تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرگۈچى خادىملىرى كەلسە كۆز باغلاپ ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن تىزىپ قويۇلىدىغان ھەقىقىي خۇرۇم ئاياغلارمۇ يوق ئەمەس. ئادەتتە ئۇنىڭ خېرىدارلار ئالدىدا كۈلكىسىمۇ خېلى ئەرزان، سۆزلەيدىغىنىمۇ ھەرقانداق كىشىنى ئۆچكە يېغىدەك ئېرىتىۋېتىدىغان، خام قايماقتەكلا ياغلىما گەپلەر. ئۇنىڭ كۆپرەك ئويلايدىغىنى يەنىلا «كور خېرىدار» نىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، يانچۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى پۇللىرىنى قانداق قىلىپ كۆپرەك سۇغۇرۇۋېلىشنىڭ

چارە- ئاماللىرى ئىدى.

ئۈنىڭ تەلىيى ئۇڭمۇ ياكى مۇشۇ كۈنلەردە جەمئىيەتتە ئەرزان باھالىق، ساختا خورۇم ئاياغلار مودا بولۇۋاتامدۇ ياكى كىشىلەر ساختا خورۇمدىن ئىشلەنگەن ئاياغ بىلەن ھەقىقىي خورۇمدىن ئىشلەنگەن ئاياغنى تازا بەك پەرقلەندۈرەلمەمدۇ ۋەياكى تۇرمۇش شارائىتى بەكلا تۆۋەن بولغاچقا ئاشۇنداق ئەرزان، ناچار ئاياغلارنى ئېلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتامدۇ، ئادەتتە دۇكانغا كىرىپ چىقىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ساۋۇت ساختىمۇ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىرىدە خېرىدارنى «خام قايماق» تەك گەپلىرى بىلەن ماختاپ- ئۇچۇرۇپ، بىرىدە چاقچاق قىلىپ، بىرىدە دوق قىلىپ، بىرىدە «ھەقىقىي كالا خورۇمى»دىن ئىشلەنگەن ئاياغلىرىنى ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتقۇچە ماختاپ ئۇچۇرۇپ، دۇكانغا كىرگەنلا كىشىنى ئاساسەن يېڭى ئاياغلىق قىلىپ قويىدۇ. دۇكان سودىسىنىڭ شۇنچە ئاۋاتلىقىغا كۆرگەن- بىلگەنلەرنىڭ بىرلىرى ھەسەت قىلسا، كۆپلىرى ھەۋەس قىلىدۇ. شۇڭا، ساۋۇتنىڭ ھەييارلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان گازىر كۆزلىرىدە، تۈكچە سالغان ناندەك چوقۇر يۈزلىرىدە باشقا ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ كۈلكىسىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان غەيرىي بىر خىل كۈلكە يامراپلا تۇرىدۇ.

بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ يامان چۈش كۆرۈپ قوپتىمۇ - قانداق، ھەر كۈنى ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بۇ دۇكانغا ئىشىك ئاچقىلى ئىككى سائەتتىن ئاشقان بولسىمۇ بىرەرمۇ خېرىدار ئاياغ باسمايۋاتاتتى. قاپاق تېرەكنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە سايىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن يەرنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، مايسىراپ كەتكەن غالتەكنى غىچىرلىتىپ، قاق سەھەردىلا كېلىۋالىدىغان گازىرچى چوكانمۇ؛ بىر - ئىككى موچەن پۇل سۇنىسىمۇ ياق دېمەي ئېلىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس ھىجىيىپ قويۇپ، ئازراقلا مىدىرلىسا غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئورۇندۇقىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئاياغ ياماپدىغان ئۆچكە ساقال ياماقچىمۇ؛ قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك ئەتىگەندىن كەچكىچە تېرەك سايىسىدىن قوپماي، قورساقلىرى ئېچىپ تارتىشىپ كەتسىمۇ پەرۋايى پەلەك ۋارقىرىشىپ-

جارقىرىشىپ قارتا ئوينايدىغان بىكار تەلەپلەرمۇ نىمىشقىدۇر 6 ـ ئاينىڭ پاقىسىدەكلا غايىپ بولۇشقانىدى. ئۇنىڭغا دۇكان خۇددى چۆلدەرەپ قالغان كونا ئۆتەڭدەك، ئىككى سائەت ۋاقىت گويا ئىككى يىلدەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. «ۋاي راست، بۇگۇن يۇقىرىدىن بىرەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلەمدۇيا؟ ياق، ياق، تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىدىغان ئىش بولسا يېزا ـ كەنت مۇدىرلىرى قاق سەھەردىلا كانايلاردا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ‹يوليورۇق› بېرىپ، تاڭ سەھەردىلا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ بولغان، كوچا ـ كويلارغا پىلاكاتلار ئېسىلغان، تام ـ تاملارغا ئالا قويماي دەبدەبىلىك شوئارلار چاپلانغان، يوللار سىپىرىپ ـ سۈپۈرۈلۈپ سۇ چېچىلغان بولاتتى، ھەرقانچە بولسىمۇ بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئۆزگەرمەس قائىدە بۇزۇلۇپ كەتمىگەندۇ؟ دېمەك، بۇگۇن تەكشۈرۈش يوق! ئۇنداقتا......» دەپ غۇدۇرىدى ئۆز ـ ئۆزىگە. بىردىنلا كۆڭلىگە «ھە راست، نىيىتى يامان كۆرەلمەستىن بىرسى، ئۇدۇمى بار كونا موللىدىن بىرىگە ئۇلپاك توپىسىغا ئوقۇتۇپ، دۇكانىنىڭ ئىشكى ئالدىغا چېچىۋەتتىمۇيا؟» دېگەن خىيال كېلىپ قالدى ـ دە، دەرھال قولىغا سۈپۈرگە ئېلىپ دۇكان ئىچى ۋە ئىشىك ئالدىنى قايتىدىن تۈجۈپىلەپ سۈپۈرۈپ سۇ سەپتى.

تەئەججۈپلۈك خىيال بىلەن ئېگەك قېقىپ ئولتۇرغان ساۋۇت دۇكانغا بىرسىنىڭ لەپپىدە كىرىپ كېلىشى بىلەن ئېسىگە كەلدى ۋە قارىداپ كەتكەن چوقۇر يۈزلىرى بىردىنلا ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ كەتتى.

— كەلسىلە مۇدىر، كەلسىلە، باشلىرىدىن ياغاچ ئۇشتۇۋېتەيمۇ ياكى ئاياغلىرىغا پايانداز سالايمۇ؟— ساۋۇت گەرچە بۇ كىشى بىلەن ئانچە تونۇشلۇقى بولمىسىمۇ خۇددى كونا تونۇشلاردەك قىلچىمۇ چاندۇرماستىن قىزغىن ئەھۋال سوراپ كەتتى.

خېرىدار كۆڭلىدە: «مېنى قاچانلاردىن بېرى تونۇيدىغان بولغىيدى بۇ كىشى، ‹مۇدىر› لىقىمدىن قالغىلى نى زامان، تېخىچە بىلمەي يۈرگەن چېغى......» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئۆزىگە سەپسېلىپ قاراۋاتقان بۇ خامسېمىز دۇكاندارنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قايتىدىن قاراپ چىقتى.

ـــ مانا، مانا! ئاياغلىرىنى يېڭىلىۋالاي دەپ قاپلا ـ دە؟ دېمىسىمۇ

بۇ كېلىشكەن سالاپەتلىرى بىلەن قەقەي دادامنىڭ ۋاقتىدىن قالغان، مالچىنىڭ چورۇقىدەكلا ئاقىرىپ كەتكەن كەشنى سۆرەپ يۈرسىلىمۇ بولماس مۇدىر.

— شۇنداقمۇ؟ مەن ئەسلىگۇ ئاياغ ئالماقچىغۇ ئەمەس ئىدىم، مۇشۇ قايماقتەك گەپلىرى بىلەن كۆڭلۈمنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتىلە، شۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئاياغدىن بىرنى ئېلىپ كېتەي. دېمىسىمۇ ئايىغىم كونىراپمۇ قاپتۇ، — دېدى خېرىدار رەتلىك تىزىۋېتىلگەن ئاياغلارغا سەپسالغاچ.

«بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىشى»دىن ساۋۇتنىڭ كۆڭلى ياپراپ، كۆزلىرى پۈرۈلۈپ كەتتى.

— قېنى تاللىسىلا مۇدىر، قانداق ئاياغ دېسىلىرى شۇندىقى بار.

— ساختا خۇرۇم ئاياغمۇ بارمۇ؟

— سىلىدىن يوشۇرغىلى بولاتتىمۇ؟ ساختىسى بولمىغىنى بىلەن ئەرزىنى بار، قىممىتى بار، پۇلىغا تۇشلۇق پايلايدۇ دېسىلە، سىلىگە ئەرزانلىرىنى بەرگىلى بولمايدۇ.

— سودىلىرى ئوبدان بولۇۋاتامدۇ؟

— بەك ياخشى دېگىلى بولمىسىمۇ ھەرھالدا يەتتە - سەككىز يىلنىڭياقى جاننى ئوغرىغا بەرمەي ساقلاپ كېلىۋاتىمىز دېسىلە.

— مۇشۇ ئاياغلار بىلەنلا چەكلىنىپ تۇرماي، يېمەك - ئىچمەكلەردىنمۇ سېلىپ قويسىلا بولمامدۇ؟

— مەنمۇ شۇنداقراق ئويلىغان، يېمەك - ئىچمەك سېلىپ قويسامغۇ تازا ئوبدان بولاتتى مۇدىر، لېكىنزە، مەن قورسىقىمغا قەۋەت ئامراق، بالا - چاقىلىرىممۇ مېنىلا تارتتى دېسىلە، شۇڭا دۇكانغا يېمەك - ئىچمەك سالسام ئۆزلىرىمىزدىن ئاشماي قېلىپ زىيان بولارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ سالماي قالدىم.

— ھا، ھا، ھا!...... قىزىقلا سۆزلەيدىكەنلا، ماڭا قارىسىلا، سىلىنىڭچە بۇ ئاياغ؟...... — «مۇدىر» خېرىدار پاراڭلاشقاچ تاللاپ - تاللاپ خېلى سىپتا تىكىلگەن ئەۋرىشكە ئۈچۈنلا تىزىپ قويۇلغان خۇرۇم ئاياغدىن بىرنى قولىغا ئالدى.

«پاھ، ئەجەب كۆزى ئۆتكۈر، مال تونۇيدىغان گادايكىنا بۇ، خۇرۇم ئاياغنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى دېسە» دەپ قالدى ئىچىدە ساۋۇت.

— مانا، مانا، مال تونۇيدىكەنلا، ئاياغلارنىڭ كۆزى دېسىلە ئۇ، لېكىنزە پۇلى قىممەترەك، مانا ماۋۇ خىلدىكىسى كېمى يوق 60 كوي، ماۋۇ خىلدىكىسى 50 كوي، ماۋۇسى 40 كوي، ماۋۇ يەردە يەنە 20 كويلىقمۇ بار تېخى، — دېدى ساۋۇت ئاياغلىرىنى تونۇشتۇرۇپ.

— نېمە، 20 كويلۇق ئاياغلارمۇ سېتىلامدۇ مۇشۇ كۈنلەردە؟

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، ئەرزانلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك دەيمەن، ئويلاپ باقمامدىلا، مۇشۇ كۈنلەردە يېزىمىزدا قولىدا بار بايلاردىن قانچىسى بار دەيلا؟ بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا، قولىدا يوقلارچۇ؟ ئاز ئەمەس. ھاللىقلار قىممەترەكىنى ئالالىغىنى بىلەن، كۆپ ساندىكىلەر ئەرزىنىنى ئالىدۇ. بۇرۇنلاردا يالاڭئاياغ يۈرسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى، ھازىرچۇ؟ باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ يالاڭئاياغ يۈرەلمەيدۇ. دەردىنى ئىچىدە بىلىۋاتقان نامراتلار ئۈچۈن يەنىلا مۇشۇنداق ئەرزان ئاياغلار بولمىسا بولمايدۇ - دە!

— بۇ ئاياغنىڭ باھاسى؟......

— بۇنىڭغا ئۆزلىرى بىلىپ بىرنېمە دەپ باقسىلا، قېنى؟ — ساۋۇت ئۇنىڭ قانداق «جۆيلۈيدىغانلىقى»نى بىلىشكە ئالدىراۋاتاتتى. لېكىن، خېرىدار ئالدىراپ جۆيلۈمىدى.

— قائىدە بويىچە سىلى ئاۋۋال بىر تون پىچىپ قويسىلا بولارمىكىن؟

— بۇغۇ ئات - تۆگە ئەمەس، شۇنداقتىمۇ دەپ قاللا، بۇ ئاياغ كېمى يوق 180 كوي، بۇنى پەقەت سىلىدەك مۇدىرلارلا كىيەلەيدۇ دېسىلە.

— بەكلا ئۆرە بولۇپ كەتتىمۇ - قانداق؟

— ياق، ياق، مەن سىلىنى ئۆز كۆرۈپ بولىدىغان يېرىنىلا دېدىم.

— ئۇنداق بولسا ئالماي تۇراي.

— دەسلەپكى سودىدىن يانمىسىلا دەيمەن، قېنى ئۆزلىرى بىرنېمە دەپ باقسىلا، تېخى دەسلەپمۇ قىلمىغان، ئازراق زىيىنىغا بولسىمۇ

دەسلەپ قىلىۋالاي، ئاياغلىرى يارىشىپ......

— بوپتۇ، ئۇنىمۇ دېمەي، بۇنىمۇ دېمەي 140 كويغا بەردىلىمۇ؟— دېدى خېرىدار ئاياغنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىگە قايتىدىن قاراپ بېقىپ. ئۇ راستتىنلا «كور خېرىدار» ئىدى. ساۋۇتنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك جۆيلۈگەنىدى.

— ئۇنداقمۇ دېمىسىلە، ئەتىگەندە ماڭا بەكلا زىيان بولۇپ كەتمىسۇن، باشقا ئادەم بولغان بولسا 190 كوي باھا قويۇپ 160 كويدىن كەم ساتمىغان بولاتتىم،— دېدى ساۋۇت يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ باھاسىنى ئاشۇرۇپ. ئەمەلىيەتتە بۇ دۇكاندىكى ئاياغنىڭ ياخشىراقى ھەم قىممەترەكىمۇ شۇ ئىدى، لېكىن ئۇ ھېچقاچان 90 كويدىن يۇقىرى سېتىپ باقمىغانىدىم.

— ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى، ئەكەكچىلىكتە گېپىمدىن يېنىۋالماي، بېرەي دەپ قالسىلا دېگىنىمگە ئالاي بوپتۇ،— دېدى خېرىدار بىرنەرسىنى سەزگەندەك.

— بوپتۇ، ئەكەلسىلە قولىرىنى، زىيان تارتسامۇ دېگەنلىرىگە بەردىم. قېنى «بىسمىللا» دەپ يەرگە بىر تاشلىسىلا پۇللىرىنى.

خېرىدار پۇلنى بېرىپ ئاياغنى ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ساۋۇت تۇۋلاپ قالدى:

— توختىسىلا مۇدىر، ئاياغنى بۇنداقلا كۆتۈرۈپ ماڭسىلا سەت تۇرىدۇ، ئەكەلسىلە مەن خالتىغا قاچىلاپ جايلاشتۇرۇپ بېرەي،— ئۇ ئاياغنى قولىغا ئېلىپ ئاياغ جازىسى ئارقىسىغا كەلدى ۋە خالتىغا قاچىلاپ ئالدىن «جايلاش»تۇرۇپ قويغان، تەپسىلىي قارىمىسا مۇشۇ ئاياغدىن قىلچە پەرقلەندۈرگىلى بولمىغۇدەك ئەرزان باھالىق ئاياغدىن بىرنى ئېلىپ كەلدى،— ھە مانا، ئەمدى ئەپلەشتى، ھە راست، كۆرگەن-بىلگەنلەر سوراپ قالسا 130 كويغا ئالدىم دەپ سالمىسىلا جۇمۇ، بازارنى ئۆلتۈرىلا.

## 2

بۇ يىل قىش بالدۇر كېلىپ 12- ئاي كىرە - كىرمەيلا ھاۋا سوۋۇپ

كەتتى. شۇڭا، ساۋۇت خېلى بۇرۇنلا قار ياغقاندا «قۇشقاچ تۇتۇش»نىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ ئاياغ جازىلىرىنى ھەر خىل پاسوندىكى ئەرزان باھالىق قىسلىق ئاياغلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى.

كۈنلىرى تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدىلا ئۆتىدىغان، پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق نومۇسسىزلىقتىن، پەسكەشلىك، يالغانچىلىق، ساختا قەسەم قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان، ساۋۇت ئۈچۈن بۈگۈن «قۇشقاچ تۇتۇش»نىڭ راستتىنلا ئوبدان پۇرسىتى كەلگەنىدى.

كېچىچە ياغقان قار پۈتكۈل ئالەمنى ئاق لېچەككە ئورىغان، كائىنات مۈزدەك قاتقانىدى. لېكىن، ئاپپاق قار ساۋۇتنىڭ قەلبىدىكى قارا زېمىننى ئاقارتالمىغان، يۈرىكىنى مۇزدىنمۇ بەكرەك قاتۇرغانىدى.

ساۋۇت ئەزەلدىنلا كۈننىڭ دائىم مۇشۇنداق جۇدۇنلۇق بولۇشىنى تىلەيتتى. شۇنداق بولغاندىلا ئاياغلىرىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ قىممەت باھادا ساتالايتتى.

ئۇ ئالدىراپ ئۆيىدىن چىقىپ، قولاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، قايسىدۇر بىر خەلق ئاھاڭىغا ئالىتاغىل غىڭشىغىنىچە تېخى ھېچكىم ئىز سېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئاپپاق قارلارنى غىرسىلىتىپ دەسسەپ دۇكىنى ئالدىغا كەلدى ۋە «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ قولۇپقا ئاچقۇچ سالدى. ئۆزىگە لايىق قىلىپ قۇيدۇرغاندەكلا يوغان قورساقلىق، پاكار چويۇن مەشكە ئوتۇننى بولۇشىغا تىقىپ ئوت ياقتى، كۆمۈرنىڭ سەرخىللىرىنى تاللاپ سېلىپ قويۇپ سۈپۈرگىنى قولىغا ئالدى.

ئۇ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ بولۇپ كىرگەندە دۇكان ئىچى خېلىلا ئىللىپ قالغانىدى. ئۇ قولىنى مەشكە سۇنۇپ بىردەم ئىسسىتىۋالغاندىن كېيىن دەسمال ئېلىپ پوكەي، مال جازىلىرىنى تۈجۈپىلەپ سۈرتتى. ئادىتى بويىچە تۈۋى تېشىلىپ كەتكەن كونا لېگەنگە مەشتىن چوغ چۈشۈرۈپ ئۈستىگە ئادراسمان ئۇرۇقى، ئارچا يوپۇرمىقى سېلىپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغىنىچە دۇكاننىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنىمۇ قويماي ئىسرىق سېلىپ چىقتى، ئاندىن ئاياغ جازىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ھەر خىل پاسوندىكى ئەڭ ئەرزان ئاياغلارنى تاللاپ يالتىراق خالتىغا قاچىلاپ، رەڭگى، نومۇرى، پاسونى بويىچە ئايرىپ، جاي - جايىغا

قويۇپ ئالدىن تەييارلاپ قويدى. يەنە قايسىبىر ئىشنى خىيال قىلىپ تۇرغىنىدا تونۇشلا بىر ئاۋاز قۇلىقىغا ئاڭلاندى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ساۋۇت باي ئىنىم، تىنچلىقمۇ؟ بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئىچىپسىزغۇ دۈكىنىڭىزنى، تېخى ئاچمىغان بولسا ئۆيىگىلا بارارمەن دەپ خىيال قىلىپ كېلىپ بېقىۋىدىم، — بوسۇغىدىن ئاتلا-ئاتلىمايلا جاۋىلداپ كىرگەن ئايال ساۋۇتنىڭ مەرھۇم چوڭ ئاكىسىنىڭ ئايالى ئىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام يەڭگە، قەدىمىڭىزگە مۇبارەك، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ ئۈچ- تۆت ئاي بوپتۇ مانا، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ ئۆي ئىچى تىنچلىقتۇ؟— ساۋۇت قولىدىكى ئىشنى قويۇپ مەشنىڭ يېنىغا كەلدى،— قېنى كېلىڭ، سوغۇقتا توڭۇپ كەتكەنسىز، ئاۋۋال ئىسسىنىۋېلىڭ.

— سىزنىڭمۇ بالا - چاقىڭىز تىنچلىقتۇ؟ بىزمۇ شۇ بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق دېگەندەك كۈننى كۈنگە ئۇلاپ قەدىر ئەھۋال ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىز ئىنىم. بىر ئۆي دېگەننىڭ غېمى تۈگىمەيدىكەن، بىرسىگە تاپساڭ بىرسىگە يوق، بىرسىنى يامىساڭ بىرسى يىرتىلغان، رەھمەتلىك ئاكىڭىز بولغان بولسىغۇ بۈنچىۋالامۇ قىيىنىلىپ كەتمەس ئىدۇق،— ئايال ئېغىر ئۇھسىندى. «ئاياغ سېتىۋالغىلى كەلدىمىكىن دېسەم، ئەتىگەندە پۇل سوراپ كەلدىمۇ نېمە بۇ تېجىمەل» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ساۋۇت. شۇنداقتىمۇ مەقسىتىنى ئېنىق بىلىپ باقماقچى بولۇپ سورىدى:

— يەڭگە ئەتىگەندە تويغا چىللاپ كەلدىڭىزمۇ ياكى؟......

— ئادەمنى مازاق قىلمىسىڭىزچۇ، ئەتىگەندە بىزدەك كەمبەغەللەرگە توي نېمە ئىش قىلسۇن بۇ قەھرىتان كۈنلەردە، تويمۇ سىلەردەك بايلارغا يارىشىدىغان بولۇپ كەتتى. مۇنداق ئىش ئىدى، ئۆيدە ئازراقمۇ كۆمۈر قالماپتىكەن،— گەپنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغۇچىلا ساۋۇتنىڭ بۆرىكى «جىغلا» قىلدى، «مانا دېمىدىممۇ، ئىت پوق يېمەستە پۇل سوراپ كىرگەن گەپ» دېگەن خىيال كۆڭۈل ئېكرانىدىن غىل- پاللا ئۆتتى-دە، چىرايى تۇتۇلدى،— قاراپ ئولتۇرساق توڭلاپ قالغۇدەكمىز، شۇڭا ئوغلۇم غوپۇرجان غەيرەتكە كېلىپ خاڭدىن بىر ھارۋا كۆمۈر

ئەكبىلىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلغانىدى، قارىسام ئايىغى بەكلا كونىراپ كېتىپتۇ، شۇنداقلا يولغا سېلىپ قويسام پۇتلىرىنى ئۇششۇتۇپ قويغۇدەك، شۇڭا دۇكىنىڭىزدىن مۇۋاپىق كەلگۈدەك ئاياغدىن بىرنى ئېلىپ بېرەيمىكىن دەپ كەلگەن، — دېدى ئايال.

ساۋۇتنىڭ كۆڭلى ئەمدى بىرئاز ئىزىغا چۈشكەندەك بولۇپ، قىشنىڭ ئاسمىنىدەك تۇتۇق چىرايى بىردىنلا يېڭى گۈشنىڭ شورپىسىدەك ۋىلىلداپ ئېچىلدى، لېكىن كۆڭلىدە يەنىلا نېمىدىندۇر خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىۋاتاتتى.

— ياخشى بوپتۇ، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولمامدۇ، جاپا تارتسىمۇ ئۆينىڭ غېمىدە بولۇۋېتىپتۇ مانا. خېلى چىدامىلىق، غەيرەتلىك ئادەم بولدى جومۇ غوپۇرجان، سوغۇقتا توڭلىسىمۇ بىر- ئىككى ھارۋا كۆمۈر چۈشۈرۈۋالسا قىشمۇ چىقىپ كېتىدۇ دېگەن گەپ. ھە، قانداقراق ئاياغ ئېلىپ بېرەي دەۋاتىسىز يەڭگە؟

— بىز كەمبەغەللەرگە قانداق ئاياغ بولماقچىدى، پۇلى ئەرزان، ئۇزاقراق كىيگۈدەك پىششىق ئاياغ بولسىلا بولدى، ئۆزىڭىز بىلىپ تاللاپ بەرمەمسىز.

— شۇنداقتىمۇ ئۆزىڭىز بىر كۆرۈپ بېقىڭ، ماۋۇ خىلدىكىسى سەل قىممەتىرەك، لېكىن پۇختا، ماۋۇ خىلدىكىسى سەل ئەرزان، ماۋۇ خىلدىكىسىمۇ ئەرزان، لېكىن كۆركەم، سىزنىڭچە؟......

— قىممەترەك بولسىمۇ ئۇزاقراق پايلايدىغىنىنى ئېلىپ بېرەيمىكىن.

— نەچچىنچى نومۇرلۇق بولسا بولىدىكەن؟

— 42 ـ ، 43 ـ نومۇرلۇق بولسا بولۇۋېرىدۇ دېگەندەك قىلغان، يەنە بىر گەپنى ئالدىن دېۋالاي، ھازىر نەق پۇل بېرەلمەيمەن، دەپتىرىڭىزنىڭ ئوڭ بېتىگە يېزىپ قويۇپ تۇرۇڭ، كېلەر ئايلىق «تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى» قولۇمغا تەگكەن ھامان بېرىۋېتىمەن.

ساۋۇتنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى، يۈزلىرى تاتاردى، ئاياغ تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تىترەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىپ:

— ماڭا قاراڭ يەڭگە، سىزمۇ سودىگەرنىڭ قائىدىسىنى ئوبدان بىلىسىز، بىزدە «ئەتىگەندە نېمە يېسەڭ كەچكىچە شۇ» دەيدىغان

گەپ بار، مەن تېخى دەسلەپمۇ قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ نېسىگە ئاياغ بېرەلەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دېگەن 42 ـ، 43 ـ نومۇرلۇق ئاياغدىن بىرسىمۇ يوق دەڭە، تۈنۈگۈنلا سېتىلىپ بولغان، — دېدى.

— ماڭا قاراڭ ئىنىم، مەن سىزگە تاغدەك ئىشىنىپ ئەتىگەندە ئالدىڭىزغا كەلدىم، مەن دېگەندەكلىرىدىن بولمىسا باشقىچىرەكلىرىدىن بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ياكى بولمىسا مەن پۇلىنى بەرمەيمەن دېمىدىمغۇ؟ مېنى قۇرۇق قول قايتۇرماڭ، جىيەنىڭىزگىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ئۇ سىزنى بەكلا چوڭ بىلىدۇ. يېتىمنىڭ بېشىنى سىيلاپ قويسىڭىز ساۋاب بولار، ئۇقتىڭىز تېخىمۇ روناق تاپار ئىلاھىم، مەرھۇم ئاكىڭىز هايات بولغان بولسىغۇ ئايىغىڭىزنىڭ پۇلىنى نېسى قىلماس ئىدى، مەرھۇمنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ......

ساۋۇت يەڭگىسىنىڭ يول ـ يول قورۇق باسقان نۇرسىز مەڭزىنى بويلاپ يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك دومىلاپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىغا پەرۋا قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— خاپا بولماڭ يەڭگە، مەن راستتىنلا قاق پودا نېسىگە ئاياغ بېرەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دېدىمغۇ، سىز دېگەن ئاياغلار يوق دەپ، مېنى خىجىل قىلىپ ئىت پوق يېمەستە سوغۇق بۇرۇن قىلماي باشقا دۇكانلارنى كۆرۈپ بېقىڭ! — ساۋۇت ئېلىپ كۆرسەتكەن ئاياغلارنى جايىغا تىزىپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى.

بىچارە ئايال قايتا يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىپمۇ كەتمىدى، باشقىلارغا ئوخشاش «نەپسىڭگە بالا تېگەر، دۇكىنىڭغا ئوت كېتەر ئىلاھىم.......» دەپ قارغاپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە كۆڭلىدە «قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا كۆڭلۈڭگە ئىنساب بەرگەي ئىلاھىم» دەپ چىن دىلىدىن خەيرلىك تىلەپ، ئۇن ـ تىنسىزلا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. ساۋۇت خۇددى زەھەرلىك چۆپ يېۋالغان قويدەك خامۇش بولۇپ قالدى. قولى ئىشقا بارمىدى. خىياللىرى چېچىلدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا تونۇشلا بىر چىرايىنىڭ دۇكانغا كىرىشى بىلەن ئېسىنى يىغدى.

— خۇش كەپسىز مېهمان، سىزگە قانداقراق ئاياغ لازىمكىن؟

— ماڭا ئەمدى سىزنىڭ ئايىغىڭىز لازىم ئەمەس، پۇل لازىم، پۇل! —

ئاچچىقتىن چىرايى تامدەك تاتارغان خېرىدار تۇمشۇقى تومۇز ئىسسىقتا قاغجىراپ كەتكەن ئۆردەكنىڭ تۇمشۇقىدەك ئېچىلىپ تۇرغان ئاياغنى پوكەينىڭ ئۇستىگە تاشلىدى.

— ئاچچىقلانماڭلا بۇرادەر، بۇ ئاياغنى مۇشۇ دۇكاندىن ئالغانما؟ — هېچنېمىنى بىلمىگەندەك پەرۋاسىزلا سورىدى ساۋۇت.

— نېمە دېگىنىڭلا بۇ، هوي؟ ئادەمنىڭ زەردىسىنى ئۆرلىتىپ، تېخى ئۈلۈشكۈنلا يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن داڭلاپ ساتقانتىڭلارغۇ؟

— شۇنداقمۇ؟ ئالارمەنلەر كۆپ بولغاچ ئېسىمدە قالماپتۇ، خوش، نېمە دېمەكچى سىلى؟ ئوچۇقراق دەڭلار قېنى؟

— نېمە دېمەكچىدىم، «ئىللا - بىللا جىنىڭ خورۇم» دەپ قەسەم ئىچىپ ساتقان ئايىغىڭلا ساختا چىقىپ، ئۈچ كۈن بولمايلا تۇمشۇقى ئېچىلىپ قالدى مانا، ئايىغىڭلىنى ئېلىپ 90 يۈەن پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلا.

— نەدە شۇنداق لاي- پاتقاقتا شالاقلىتىپ كىيىپ بەش پارچە قىلىۋەتكەن ئاياغنى ياندۇرۇپ ئالىدىغان ئىش بار؟ ياندۇرۇۋالماقچى بولساڭلا شۇ كۈنى كەلسەڭلا بولمامدۇ؟ يا مەن سىلىگە زورلاپ ساتمىسام، يا قاراڭغۇ كېچىدە ساتمىسام، ئۆزۈڭلا كۆرۈپ، رازى بولۇپ ئالغان تۇرۇقلۇق، بۇ كۈن بولغاندا ئېلىپ كەلسەڭلا قانداق بولغىنى؟ قاملاشمىغان گەپ بولىدىغۇ بۇ؟! مېنى تولا نوي- نوي قىلماي ئاۋۇ ياماقچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ چىرايلىق يامىتىپ كېتىڭلا جۇما؟ ئا...... تە!

— نېمە! ياندۇرمامسىلە؟! بۇنداق قىلىشمىساق بولارمىكى؟ بولمىسا هېلىلا ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىدە كۆرۈشۈپ قالارمىزمىكىن! — خېرىدارنىڭ گۈرەن تومۇرلىرى ئاچچىقتىن يېرىلىپ ۋارتىلا يېرىلىپ كېتىدىغان، قاسساپ سىيرىۋاتقان قوينىڭ ئۈچەيدەك كۆپكەندى.

— چۈش كۆرۈپ قاپسىلە جۇما، سىلى، ماڭا قاراڭلا، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانىسىچۇ، ئاۋۇ يېزىلىق هۆكۈمەت قورۇسىنىڭ يېنىدىكى بازار باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئىچىدە، تېزرەك بېرىڭلا!

— كۆرسىتىپ قويمىساڭلىمۇ ئېنىق بىلىمەن، قېنى كۆرۈشۈپ

قالارمىز تېخى، — خېرىدار غودۇرىغان هالدا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. پوپوزىسىنى كۆرۈڭ ئاۋۇ سولتەكنىڭ، نەگە بارسا بارامدۇ؟ ئىستىمالچىلار جەمئىيىتىدىكىلەر مېنى نېمە قىلالايتتى، جاجىسى يەنە ئۆتكەنكىدەكلا بىر پاقلاننىڭ گۆشى تايىنلىق، نەچچە يىلدىن بېرى سېنىڭدەكلەردىن نەچچىنى يولغا سالغانمەن، قورقۇپ قالىدىغاندەك، ساۋۇت ئۆز - ئۆزىگە غودۇرىدى. بىر تۇرۇپ بازار باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ يېڭىدىن ئالمىشىپ كەلگەن باشلىقى بىلەن تېخى تونۇشۇپ قويمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ بىرئاز ئەنسىرەپمۇ قالدى. تۇرۇپلا يەنە «نېمىگە بۇنچە ئەنسىرىگۈلۈك، يېزا باشلىقى دولقۇنجان تېخى هاياتقۇ؟ ئۇ ئوتتۇرىغا چىقسا كىم بىرنېمە دېيەلەيتتى» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ خاتىرجەملىنىپ قالدى.

ئىشقىلىپ، بۈگۈن كۈن ئىلگىرىكىدەكلا شەرقتىن چىقسىمۇ، ئەمما ساۋۇت ئۈچۈن خۇددى غەربتىن چىققاندەكلا نەس كۈن بولدى. ئەتىگەندىلا مۇزدەك قاتتىق يۈرىكى تا كەچكىچە ئىلىلمىدى، ھەممىسى شۇ نەس خوتۇننىڭ كاساپىتى...... دەپ غودۇراپلا تۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن كۈن بەك ئەستە كەچ بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

## 3

ناھىيەدىن چۈشكەن سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، يېزا - بازارلىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى بىرقۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىزىغا سېلىپ قويۇپلا قايتىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈنلۈك پاتىپاراقچىلىقتىن كېيىن يېزا ئورگىنى سەل تىنچلىنىپ قالغاندەك بولدى. لېكىن، يېزا باشلىقى دولقۇن تېخى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى قانچە ئويلاپمۇ ئاخىرىغا چىقىرىپ بولالمايدىغان ھەم شېرىن، ھەم ئازابلىق، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بىردە ئۆزىنىڭ شېرىن خىياللىرى بىلەن خۇش بولسا، بىردە سايلام رىقابەتچىسى، يېزىنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى يارمۇھەممەتنىڭ

دېھقانلار نەزەرىدىكى ياخشى ئوبرازى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا، بىرسى گال پىچاق بىلەن يۈرىكىنى تىلغاندەك ئازابلىنىپ كېتەتتى.

ئۇ بۈگۈن چۈشتە ئۆيىگە كەيپىياتى ئىلگىرىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ناچار ھالدا كىرىپ كەلدى.

— يەنە نېمە بولدى سىزگە؟ ئۆيگە بىر كۈلۈپ كىرىڭە، مەن خۇش بولاي، كۈلكە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ دەيدىكەن، — دېدى ئايالى قورۇق چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى ياشلىق جىلۋىسىنى يوقاتمىغان ئاقپىشماق چىرايىنى سۈزۈپ.

— بولدى، بولدى ئۇ گېپىڭلىنى قويۇڭلا، مەن نېمە كويدا، سىلى نېمە ئويدا، — دېدى دولقۇن قوپاللا. قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن يۈزى كونا چاپاندەك قورۇلۇپ، كۆز قۇيرۇقلىرىدا! ئىرماش- چىرماش سىزىقلار پەيدا بولدى، — بىلەمسىلە، مانا ئەمدى خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا بىر كۈچلۈك رەقىب قىستىلىپ كىردى، ئالدىمىزدىكى سايلامدا مېنىڭ نام - ئەمەلىم بىراقلا يەر بىلەن يەكسان بولارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ئۇنچىۋالا قايغۇرۇپمۇ كەتمەڭ، سىز پايپېتەك بولۇپ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان چوڭلىرىمىزمۇ قاراپ تۇرماس، ناۋادا شۇنداق بولغاندىمۇ ھۆكۈمەت ئەسكى چاپاننى تاشلىغاندەكلا تاشلىۋەتمەس، — ئايال ئېرىنىڭ كۆڭلىگە يارىشا شۇنداق دېگەنبىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ئېرىنىڭكىدىنمۇ بەكرەك بۇزۇلغانىدى. ئېرى يېزا باشلىقلىقىدىن قالسا تويى - تۆكۈن، ئولتۇرۇش، قاتار چايلاردا «ۋاي خانىم ئالسىلا، باقسىلا، ئاستىلىرىغا كۆرپە سېلىپ بېرەي، شۇنداق ئېسىل رەخت چىقىپتىكەن، ئوخشاش قىلىپ بىر قۇردىن كېيەيلى......» دەيدىغانلارنىڭ چىچا يارىم دېمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىلىرى يۈزىدىن - يۈزىگە سېلىپ چاندۇرىدىغانلىقىنى ئۇمۇ بىلەتتى.

گەرچە دولقۇن يېقىندىن بۇيان يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ، بىرلىرىگە يادەك ئېگىلىپ، بىرلىرىگە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، بىرلىرىگە ئۆي - زېمىن، ياغاچ - تاش، باغىۋاراڭ، مال چارۋا ۋەدە قىلىپ تۈرلۈك - تۈمەن ۋاستىلەر بىلەن يېزا باشلىقلىق نامزاتىنى يەنە بىر نۆۋەت قولغا

كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما سايلام رىقابەتچىسى يارمۇھەممەتنى ھەقىقەتەن سەل چاغلىسا زادى بولمايتتى. راست، يارمۇھەممەت مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن بىلىملىك، قابىلىيەتلىكلىكى، ھەققانىيلىقى، ئەمەلىيەتچانلىقى بىلەن دېھقانلارغا بەكلا ياراپ كەتتى. ئۇنىڭ قۇمدۆۋە يېزىسىدىكى تەسىرى دولقۇننىڭكىدىن كۈچلۈكرەك ئىدى. دولقۇننىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋاتقىنىمۇ دەل قانداق قىلىپ مۇشۇنداق كۈچلۈك سايلام رىقابەتچىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، «ئالتۇن تاج»نى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسى ئىدى. ئۇ شۇنچە باش قاتۇرسىمۇ، ئەمما كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرگۈدەك بىرەر چارە - تەدبىرنىڭ تېپىلمىغانلىقىدىن تىت - تىت بولاتتى.

— قېنى تامىقىڭىزنى ئىسسىقىدا يېۋېلىڭ، تۈزۈكرەك تاماق يېمىگىنىڭىزگىمۇ نەچچە كۈنلەر بولدى، — ئايالى گۆش ۋە سەۋزىسىنى كۆپرەك قىلىپ، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇدىن بىر تەخسە ئۇسۇپ ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى، لېكىن پولۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دولقۇننىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچالمىدى. ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدىغاندەك قىلمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئايالىنىڭ زورى بىلەن بىر - ئىككى كاپام ئېلىپلا بولدى قىلدى.

دولقۇننىڭ بۇرۇندىنلا قانداقلا شارائىتتا بولسۇن، چۈش بولغان ھامان بىرەر ئەپلىك جاينى تېپىپلا بىردەم بولسىمۇ ئۇخلاپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى. لېكىن، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇ چۈشتىلا ئەمەس، كېچىسىمۇ ياخشى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، بۈگۈنمۇ ئىش ۋاقتى توشماستىنلا ئىشخانىسىغا كەلدى. كەڭ، ئازادە ئىشخانىسىدا توختىماستىن ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. شۇ تەرىزدە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بىردىنلا نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك، ئىشخانا ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— تۇرسۇن رەئىس! ھاي تۇرسۇن رەئىس!

— مانا، مانا ھازىر، — دېگىنىچە پاكار بويلۇق، قارىماققا توشتۇرۇپ يەل ئۇرۇلغان ۋاسكېتبولنى ئەسلىتىدىغان، قۇمدۆۋە يېزىلىق

خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ رەئىسى تۇرسۇن كەكلىكتەكلا يورغىلاپ دولقۇننىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى.

— خوش، يېزا باشلىقى، بىرەر تاپشۇرۇقلىرى بارمىكىن؟

— قارىغا رەئىس، — ئەتەي «سىز» لەپ باشلىدى دولقۇن ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، — سىزنى كۆڭلۈم تارتىپ بىرەر- يېرىمدەم پاراڭلىشايلى دېدىم.

— ئوبدان، ئوبدان...... — دېدى تۇرسۇن يېزا باشلىقىنىڭ خوتەننىڭ مەشۇتىدەك يۇمشاق، سوزۇلۇپ چىققان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق ھېس قىلىپ. ئۇ ئىلگىرى قېرى تۆگىنىڭ كالپۇكلىرىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان توم، قوپال لەۋلەر ئارىسىدىن مۇنداق يۇمشاق ئاۋاز چىققانلىقىنى ئەسلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام بىز بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىر-بىرىمىزگە ھەمدەمدە بولۇپ، قوللىشىپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىشلەپ كەپتىكەنمىز، بىر- بىرىمىزگە مېھرىمىز چۈشۈپ قاپتىكەن، مانا ئەمدى نۆۋەتتىكى سايلامدا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپلا يۈرۈۋاتىمەن، ئېيتىڭە سىزنىڭچە مەن ئاشۇ سېرىقتۇكىنىڭ ئالدىدا بەل قويۇۋەتسەم بولامدۇ؟ ناۋادا بۇ نۆۋەت سايلىنالماي قالسام دوست- دۈشمەنلىرىمىز ھېلىقى يېرىدە كۈلمەمدۇ؟ ئاڭلىسام ناھىيەدە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغانلارمۇ خېلى بارمىش، سىزنىڭچە مەن قانداقراق چارە- تەدبىر قوللانسام بولار؟

تېخى بىر - ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىلا يولۋاستەك سۈر- ھەيۋىسى بىلەن ئالەمنى مالەم قىلىدىغان «يەرلىك خاقان»نىڭ مانا ئەمدى يېتىم قوزىدەكلا ياۋاشلاپ قالغىنىدىن ھەيران بولغان تۇرسۇن بىر - ئىككى ئېغىز تەسەللى بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ھەرگىز ئەنسىرىمىسىلە يېزا باشلىقى، ئۆزلىرىنىڭمۇ يۇقىرى- تۆۋەندىكى يانتاياقلىرى كۈچلۈك، يېزىمىزدىمۇ تاغدەك ئىناۋەتلىرى بار، بۇ نۆۋەتلىك سايلامدىمۇ شەكسىز سىلى غەلىبە قىلىدىلا، بۇ ئاياقتىكى قېتىقتەكلا ھەممىمىزگە ئايان، ئارتۇقچە خىياللاردا بولمىسىلا.

— دېگىنىڭىز كەلگەي ئىلاھىم، ئۇ چاغدا سىزمۇ مۇشۇ ئورۇندا

تۇرۇۋەرمەيسىز-دە......

— رەھمەت! رەھمەت!!

— قاراڭ رەئىس، كۆڭلۈمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، سىز ھازىرىنىڭ ئۆزىدە ئىشخانىڭىزغا چىقىپ، يېزىمىزنىڭ بۇ ئۆۋەتلىك ئۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا قاتنىشىدىغان قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئارخىپىنى ئېلىپ كىرىڭ، تەپسىلىي بىر كۆرۈپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىنى بىلىپ باقاي دەيمەن.

— يېزا باشلىقى بۇ، بۇ...... بۇنداق قىلساق قانداق بولار؟ سايلام بەلگىلىمىسىگە......

— ھەي، نېمانچە دۇدۇقلايسىز؟ بولدى، بۇگۈنچە قويۇپ تۇرۇڭ ئۇ بەلگىلىمە-پەلگىلىمىلىرىڭىزنى، مەنمۇ سىزنى ئورنىغا ئىتتىرىپ يۇرمەيمەن، پەقەت ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىنى كۆرۈپ چىقساملا بولدى، سىزمۇ يېنىمدا تۇرىسىز بىرلىكتە كۆرىمىز ئەمەسمۇ؟ قېنى بولۇڭ!

تۇرسۇن ھايالسىمايلا بىر قۇچاق ئارخىپ خالتىسىنى كۆتۈرۈپ كىردى. دولقۇن ئىشخانا ئىشكىنى مەھكەم تاقاپ ئارخىپلارنى بىر-بىرلەپ تەپسىلىي كۆرۈشكە باشلىدى.

— ماۋۇ ھامۇت تاش دېگىنىمىز ھېلىقى ئاقبوز كەنتىدىكى......

— دەل شۇ، ئېسىڭىزدە بار ئىكەن، ئاقبوز كەنتىنىڭ سابىق مۇدىرى، تېخى ئۆتكەن يىلىلا ئورنىغا مەخمۇتجان مۇدىر بولدى، لېكىن ھامۇت ئاخۇن يەنىلا سىلى قول تىقىپ ھەل قىلىپ بەرگەن ھېلىقى «چارباغ»نىڭ راھىتىنى سۈرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ.

— سىزنىڭچە، ئۇ كىشىنىڭ ماڭا بولغان قارىشى قانداقراقتۇ؟ — دولقۇن ئۆتكەن يىلىدىكى ھامۇت مۇدىرنىڭ ئورنىغا مەخمۇتجاننى مۇدىر قىلىشنىڭ ئالدى-كەينىدىكى بىر قىسىم خۇپىيانە ئىشلارنى ناۋادا ئۇ بىلىپ قالغان بولسا دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى.

— خاتىرجەم بولسىلا يېزا باشلىقى، بىلىشىمچە، ھامۇت ئاق كۆڭۈل ئادەم، سىلىنىڭ شاپائەتلىرى بىلەنلا «چارباغ»نىڭ راھىتىنى سۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماس، چوقۇم سىلىگە بېلەت تاشلىشىدا گەپ يوق.

— شۇنى بىلسىلا بولاتتىغۇ ئۇ ئەبگار؟ لېكىن...... — دەپ توختاپ قالدى دولقۇن. ئۇ ئەينى چاغدا مەن باغنى قايتۇرۇۋېلىشقا باھانە تاپالماي يىللىق تاپشۇرىدىغان ھۆددە ھەققىنى مەقسەتلىك نەچچە ھەسسە كۆپەيتىۋەتتىم- دە؟ دېمەكچى بولدى- يۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، — ھە، مۇنداق بولسۇن، سىز مۇۋاپىق پەيتتە ئۇ كىشىگە ياخشى تەرىپىمنى قىلىپ، بەزى ئىشلارنى سەمىگە سېلىپ قويۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن باغنى يەنە داۋاملىق ھۆددىگە ئالامدىكەن - ئالمامدىكەن ئۇقۇپ بېقىڭ، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا مېنىڭ قاراپ تۇرمايدىغانلىقىمنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇڭ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى تۇرسۇن ئىپادە بىلدۈرۈپ، لېكىن كۆڭلىدە « ‹ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتتى توقۇمى نەزىر› بولدىغۇ ئاخىر» دېگەننى ئويلىدى.

— ماۋۇ زىياۋۇدۇن دېگەننى ھېچ ئېسىمگە ئالالمايمەنغۇ؟

— ھە، تۆۋەنكى شورمەھەللىدىن، دېھقانچىلىق تېخنىكى، ئالدىنقى يىلى سىلىنىڭ ئويتېتىردىكى «بېھىشباغ»لىرىنى چاتاپ- پۇتاپ رەتلەپ بەرگەن قارىمۇتۇق يىگىت شۇ، شۇ يىلى باغدىكى مېۋىلەر ئالامەت ئوخشىغانىدى - ھە؟ ئۇ يىگىت سىلىنى بەك چوڭ بىلىدۇ.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئېيتىپ قويۇڭ، مېنىڭ ئۇ يىگىتنى ئىلگىرىلا شورمەھەللە كەنتىنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا قويۇش پىلانىم بار ئىدى، بۇ نۆۋەت...... — يېزا باشلىقى گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقارمايلا تۇرسۇنغا قارىدى. تۇرسۇن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئۇ خېلى گەپ ئۇقىدىغان يىگىت.

— ماۋۇ نۇسرەت ساۋۇت دېگىنىمىز؟......

— بۇ چوكان شۇ يارمۇھەممەتنىڭ نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئايالى، يۇقىرىقى قۇمتاش كەنتىدىن، — رەئىسنىڭ گېپى تۈگىمەيلا دولقۇننىڭ يۈرىكى خۇددى بىرسى يىڭنە سانجىغاندەك چىملا قىلىپ قالدى. ياۋۇز دۈشمەنگە دۈچ كەلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— تەپسلىيرەك سۆزلەڭ، — دېدى دولقۇن سەل ئېسىگە كېلىپ ۋە قولىغا قەلەم ئالدى، — ئۇ كىمنىڭ قىزى بولىدۇ؟ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى باردۇ؟

— ئۇنتۇلۇپ قاپتىلا-دە؟ ئۇ ھېلىقى ساۋۇت باينىڭ ئۇسسۇلچى قىزى ئەمەسمۇ، — دېدى تۇرسۇن قانداقتۇ بىر ئىشتىن بېشارەت بەرگەندەك غەلىتىلا ھىجىيىپ. دولقۇن خاتىرىلىۋالدى.

— ماۋۇ بارات چوڭ دېگىنى ھېلىقى؟......

— ھە، ئۇمۇ يۇقىرىقى قۇمتاش كەنتىدىن، تازا بىر جاھىل مۇتتەھەم، ئۆتكەن يىلى تازا كېلىشتۇرۇپ ئەدىپىنى بەرگەنتىلىغۇ ئۇ گۇيىنىڭ.

— قانداقسىگە ۋەكىل بولۇپ قالدى ئۇ قارا قورساق! — دولقۇن ئۇنىمۇ خاتىرىسىگە يېزىپ قويدى.

— ماۋۇ جۇمە سادىق دېگىنى باغچە كەنتىكى بورداقچى شۇمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ يارمۇھەممەتكە شىرەم تۇغقان كېلىدىغۇ دەيمەن.

— شۇنداقمۇ؟ مەن تونۇيدىغان ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بارمىدۇ؟

— ساۋۇت باينىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى.

— بىلدىم، باجىسى دەڭ؟ ماۋۇ......

دولقۇن ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت قادىلىپ ئولتۇرۇپ ۋەكىللەر ئارخىپىنى ئاخىر كۆرۈپ بولدى. تۇرسۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خاتىرىسىگە يېزىۋالغانلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. كۆڭلىدە ئۇياققا تاسقاپ، بۇياققا تاسقاپ ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئۇچۇن بىلەت تاشلىشى مۇمكىن، يەنە يېرىمىنى يارمۇھەممەتكە بىلەت تاشلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ساۋۇت باينىڭ ئۇرۇق- تۇغقان، يېقىن- يورۇقلىرىدىنلا تۆت ۋەكىل بار ئىدى. ئۇنىڭ بېشى تاشتەك قاتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ يەنىلا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى شياۋ دۇغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرقانچىسىنى، ساۋۇت باي ئارقىلىق شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۆت ۋەكىلنى قولغا كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردى. شۇجىغۇ ماڭا ئەزەلدىن يامان كۆزدە قاراپ كەلمىدى، شۇنداقتىمۇ...... ھە راست، پات يېقىندا

ئۇنىڭ ئايالى بېيجىڭغا ئۆگىنىشكە ماڭغۇدەك، شۇ باھانىدە ئۇنىڭغا ئوبدانراق يوللۇق تۇتۇپ قويارمەن. لېكىن، ساۋۇت باينى قانداق قىلىپ ئەيۋەشكە كەلتۈرسەم بولار، توغرا، ئۇ باي بولغان بىلەن ئاچ كۆز، پۇلغا تويمايدۇ، شۇڭا......

يېزىلىق سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىغا يېڭىدىن باشلىق بولۇپ كەلگەن ساۋاقدىشى دىلشات ئېسىگە كېلىشى بىلەن دولقۇنىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ، چىرايى سەل- پەل ئېچىلدى. ئۇ شۇ ھامان تېلېفوننى قولىغا ئالدى.....

## 4

ئۈلۈشكۈنكى كۈتۈلمىگەن پېشكەللىكتىن ساۋۇتنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولدى، ئاغزىغا تاماقمۇ تېتىمىدى، ئورۇن- كۆرپىسىگە بۇدۇشقاق يېپىشىۋالغاندەك ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ، كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. بۇ كېلىشمەسلىكنى قانداق قىلىپ مۇۋاپىق ئوڭشىۋېلىشنىڭ ئامال- چارىلىرى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇردى. ئاخىر دولقۇننى ئىزدەپ، شۇ ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشنى ئەڭ مۇۋاپىق كۆردى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى سائەتكە تولا قاراپ ئىش ۋاقتىنىڭ بالدۇرراق توشۇشىغا تەقەززا بولدى. نىھايەت ئىش ۋاقتىمۇ بەك تەستە توشتى. ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا تېزرەك بېرىپ دولقۇن ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتمەستە كۆرۈشۈۋېلىشنى خىيال قىلىپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرگىنىدە دولقۇن نەگىدۇر بىر يەرگە بېرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ سومكىسىنى قولتۇقلاپ ئىشخانىسىدىن چىقىپ تۇرغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يېزا باشلىقى، بىر يەرگە ماڭغانلىرى چېغى؟......— مانا تاسلا قاپتىمەن ئۈلگۈرەلمىگىلى دېدى كۆڭلىدە ساۋۇت،— ئۆزلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىدىغان زۆرۈر بىر ئىش بىلەن يانلىرىغا كېلىۋىدىم، مالال قىلىپ قويارمەنمۇ؟

— ياقەي، ئۇنداق بولامدىغان، مەنمۇ كەنتلەرنى ئايلىنىپ

«بەشتە كاپالەت» ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى باشقىدىن بىر ئىگىلەپ كېلەي دەپ تۇرۇۋىدىم، — شۇ تاپتا دولقۇن چاندۇرمىغان بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئويلاپ تاپقان چارە - ئاماللىرىنىڭ شۇنچە تېز ئەمەلىيلىشىپ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى، — قېنى ماڭسىلا، تالا بەك سوغۇق، قانداق گەپ بولسا ئىشخانىغا كىرىپ ئالدىرىماي پاراڭلىشايلى.

ساۋۇت ئالدىغا قويۇلغان قايناق سۇنى پۇۋلەپ تۇرۇپ بىرنەچچە ئوتلام ئوتلىۋېتىپ، ئېغىر بىر ئۇھسىنغاندىن كېيىن دولقۇنغا يۈزلىنىپ ئېغىز ئاچتى:

— نەچچە يىللاردىن بېرى دۇكان ئېچىپ هالال تىجارەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سايىسىدا تىجارىتىم روناق تېپىپ كۆڭلىرىمىز خېلى ئوبدان ئۆتىۋاتاتتى، سىلى قانات ئاستىلىرىغا ئالغانلىقلىرى ئۈچۈنلا تۈرلۈك توسۇق، ئەلگەكلەردىنمۇ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەلگەن، لېكىن ئۆلۈشكۈن چۈشتىن كېيىن كۈتۈلمىگەن بىر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالدىم، دۇكانغا خېلى رەتلىك كىيىنگەن، بىر قارىسا كادىردەك، يەنە بىر قارىسا دېھقاندەكلا بىر كىشى كىردى، ئاياغ ئالدىغان چېغى دەپ قىزغىن كۈتىۋالدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ كىشى ئۆزىنىڭمۇ بىر ئاياغ دۇكىنى بارلىقىنى، لېكىن سودىسىنىڭ تايىنى يوقلۇقىنى، شۇڭا مەندىن ئاز - تولا مەسلىھەت سورىغاچ ئەرزانراق ئاياغلاردىن توپ باھاسىدا 20 — 30 جۈپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، 20 — 30 جۈپ ئاياغ سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشلۇقۇمدىن ھەممىنى ئۇنتۇپ ئىچ - باغرىمنى تۆكۈپ بېرىپتىمەن ھەم تەلىپى بويىچە ئەڭ ئەرزان ئاياغدىن 20 جۈپ قاچىلاپ بېرىپتىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى دۇكان ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىر كىملەرگە شەرەت قىلىۋىدى، ئارقىدىنلا تولۇق خىزمەت فورمىسى كىيگەن قاسقان شەپكىلىكلەردىن ئىككىيلەن كىرىپ كەلدى، يۈرىكىم «جىغلا» قىلدى، ھېلىقى پەرۋق دېگىنىنى تونۇغاندىن كېيىنلا بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ھېلىقى تىجارەتچى سىياقىدىكىسى يېڭى كەلگەن پونكىت باشلىقى دىلشات ئىكەن، «ئىستېمالچىلارنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن دۇكىنىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆردۇق، ماۋۇ 20 جۈپ ساختا

ئايغىڭىزنى بىز پاكىت ئۈچۈن ئېلىپ كېتىمىز، ساختا مال ساتقانلىق قىلمىشىڭىز بىر تەرەپ قىلىنغۇچە دۇكاننى ئاچمايسىز» دېدى، ئاندىن دۇكانغا ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىشكەن ئاتىنىڭ كاللىسىدەك قارا قۇلۇپتىن بىرنى سېلىپ قويۇپلا كېتىپ قېلىشتى. شۇ كۈنى كەچتە سومكىنى ئېغىر قىلىپ پونكىت باشلىقى دىلشاتنى ئىزدەپ باردىم، لېكىن ئۇ يېقىن تۇرىدىغاندەك ئەمەس، چىرايىنىمۇ ئاچماي ئىشىك ئالدىدىنلا يولغا سېلىپ قويدى. ئىلگىرىكى پونكىت باشلىقى قەيسەرجان بولغان بولسىغۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا بولدى قىلىۋېتەتتى. تونۇگۈن ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم، يىلىنىپ - يالۋۇردۇم، لېكىن ھېلىقى دىلشات دېگىنى زادىلا گەپ يەيدىغاندەك ئەمەس. قانۇن - نىزاملاردىن بىرمۇنچە ئېزىپ - ئىچۇرۇپ، ئاخىرىدا 5000 يۈەن جەرىمانە تۆلەيسىز دېمەسمۇ، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. بىزدەك كىچىككىنە دېھقان تىجارەتچى ئۈچۈن ئاز پۇلمۇ ئۇ؟ بېشىمنىڭ ئىچى - تېشى قېتىپ يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ يەنىلا سىلىنى پاناھ تارتىپ كەلدىم. بېشىمنى ئۆزلىرى ئوڭشىمىسىلا باشقا ئادەم ئوڭشىيالمىغۇدەك، مەنمۇ سىلىنىڭ قىلغانلىرىغا قاراپ تۇرماسمەن، — ساۋۇت ئارقا-ئارقىدىن ئۇھ تارتىپ شۇنداق بىچارە قىياپەتتە دولقۇنغا تەلمۈردى. نەچچە يىللاردىن بېرى ھېچكىمگە قۇيرۇق تۇتقۇزماي كەلگەن ساۋۇت مانا ئەمدى تۇمشۇقىدىن ئىلىنىپ، پۇت- قولىنىڭ مەھكەم چۇشىلىپ قالغانلىقىغا ھەقىقىي تەن بەرگەندەك قىلاتتى. شۇ تاپتا دولقۇنغا سۇ راسا لېيىپ ھىلىگەر ئاچ كۆز بېلىقا تور يېيىشنىڭ تازا پەيتى كەلگەندى.

— بولىدىغان ئىش بولۇپ بوپتۇ، ئاڭلىسام يېڭى كەلگەن پونكىت باشلىقى قانۇن- قائىدىلەرگە بەكرەك ئېسىلىۋالىدىغان پىرىنسىپچى، جاھىل، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ئادەممىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى رەھبەرلىك بازار باشقۇرۇش، باج پونكىتلىرىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىۋالماسلىقىنى بەكرەك تەكىتلەۋاتىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ سىلىنىڭ يۈزلىرىنى قىلىپ مەن بىر ئامالىنى قىلىپ كۆرەي، لېكىن ھازىر ئەمەس. ئاڭلىغانلا، مۇشۇ

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يېزىمىزدا نۇۋەت ئالمىشىش سايلىمى بولىدۇ، شۇڭا مەن ھازىر سەل ئالدىراش، سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىرنېمە دېيىشسەك قانداق؟— دېدى دولقۇن بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا قورقاق سېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن گەپ تېمىسىنى ئۆز مۇددىئاسىغا بۇراپ، ئۇ كۆڭلىدە ساۋۇتنىڭ ئىپادىسىنى سىناپ كۆرۈۋاتاتتى،— ناۋادا بۇ نۇۋەت سايلىنالماي قالسام ئۇ چاغدا ھېلىقى ئاداش گېپىمنى ئاڭلامدۇ - يوق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە.

— نېمىدەپ سايلىنالمىغۇدەكلا، كىممۇ سىلىدەك ئادىل سورىيالىغان بۇ يۇرتنى؟ يېزا بويىچە ئابرۇيلىرى تاغدەك تۇرسا، ھەممە ئادەم سىلىنى قوللايدۇ- دە!

— شۇنداق بولىسىغۇ ياخشى بولاتتى، ئويلاپ كۆرسەم مەنمۇ بىر كىمگە يامانلىق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن پىلانلىرىممۇ بار ئىدى، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم ئىلگىرى سىلىگە نەچچە دەي دەپ پۇرسەت بولماي دېيەلمەي كېلىۋاتقان بىر ياخشى مەسلىھەتىممۇ بار ئىدى،— دولقۇن سىناش نەزەرىدە ساۋۇتقا قارىدى.

— سىلى ئاتا، بىز بالا يېزا باشلىقى، قانداق گەپلىرى بولسا قۇلىقىم سىلىدە، قېنى دەپ باقسىلا،— دېدى ساۋۇت ئالدىراپ.

— سىلى ئۇقتىلىمىكىن، يېقىندىن بېرى ھەرقايسى يېزىلاردا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇش تەكىتلىنىپ بىر قىسىم شارائىتى بار يېزىلاردا قۇرۇلۇپ ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ، ئەمما يەنە بىر قىسىم يېزىلارنىڭ دېھقانلىرى نامرات، يېزا- كەنت مەبلىغى كەمچىل بولغاچقا كوپىراتىپ قۇرالماي كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ قۇمدۆۋە يېزىمىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. شۇڭا، مەن كۆڭلۈمدە سىلىنى ئاشۇ تايىنى يوق ئاياغ دۇكىنىنى تاقاپ مەبلەغ غەملىسە، بىر قىسىم كەنت كومىتېتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يەنە بىر قىسىم مەبلەغنى ھەل قىلساق، مەنمۇ قاراپ تۇرماي يېزا مالىيەسىدىن بىر قىسىم مەبلەغنى ئاجرىتىپ بەرسەم، ھەر تەرەپتىن ھەمكارلىشىپ ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرساق، كوپىراتىپ ئاستىدا بىرقانچە كەنتكە دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى دۇكىنى ئاچساق، بىر قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرساق، دېھقانلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىققا

ئىشلىتىدىغان بارلىق ماددىي ئەشيالارنى مۇشۇ دۇكانلاردىن ئېلىشنى مۇنتىزىم بېكىتسەك، تەۋەيىمىزدە ئېلىپ بېرىلىدىغان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىنىمۇ ئۆزىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتى قىلسا، سىرتتىن ماددىي ئەشيا سېتىۋالىدىغان، سىرتتىن قۇرۇلۇش ئەترىتى ئىزدەپ قۇرۇلۇش قىلدۇرىدىغان ئىشنى بىر يوللا چەكلىسەك، ئويلاپ باقسىلا «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا» دېگەن گەپ بار، ئۇ چاغدا پۇل دېگەن ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ ئېقىپ كىرىۋېرەتتى ئەمەسمۇ؟ سىلىنىڭمۇ، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم سۆيۈنگۈدەك، ھۆكۈمەتنىمۇ رازى قىلغۇدەك ئىش بولاتتى.

— دېگەنلىرى كەلسۇن ئىلاھىم يېزا باشلىقى.

— لېكىننە، بۇ قېتىمقى سايلامدا «ساندۇق» تىن چىقالماي قالسام ئارمانلىرىم ئارمان پېتى قالىدۇ- دە!

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسىلا، نېمىلا دېگەنبىلەن سىلىدە ئەمەلدارلىق تەدبىرلىرى، ياق، تەدبىرلىرىلا ئەمەس، تەجرىبىلىرىمۇ مول، ئەڭ مۇھىمى يۇقىرى - تۆۋەندە يۆلەنچۈكلىرى كۈچلۈك، مانا بىزلەرمۇ قاراپ تۇرمايمىز، ئىشىنىمەنكى، سىلى چوقۇم يەنە يېزا باشلىقى بولىلا......

— شۇنداقلا بولسا پىلانلىرىمىزمۇ بىر- بىرلەپ ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى، سىلىمۇ ئەبجەق دۇكاندىن قۇتۇلۇپ، چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قوللىرىغا ئېلىپ ھەقىقىي غوجايىن بولۇپ، مەيدىلىرىنى كېرىپ ياشايتتىلە دېسىلە.

— پىلانلىرىغۇ بەكلا بەلەن پىلان ئىكەندۇق، كۆكيۆتەلگە ئەركەك قوينىڭ بۆرەك يېغى ياققاندەكلا كۆڭلۈمگە ياققان، دۇكاننى تاقاشقۇ ئاسان، لېكىننە 5000 يۈەن جەرىمانە بىلەن دۇكاندىكى 300 جۈپكە يېقىن ئاياغنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىسام يۈرىكىم ئېچىشىدۇ دېسىلە.....

— ئەگەر بىز ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇپ ماسلىشىدىغانلا بولساق، بۇ ئىشنىمۇ مۇۋاپىق ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز، سىلىگە قوش پايدا تەگسە تېگىدۇكى، ھەرگىز زىيان بولمايدۇ.

— ئىلاھىم سىلىگە دەرد كەلمىسۇن يېزا باشلىقى، قېنى يەنە قانداق دانا كۆرسەتمىلىرى باركىن؟ — «قوش پايدا»نىڭ گېپى چىقىۋىدى، ساۋۇت خۇددى غايىبتىن تۈگىمەس خەزىنە ئۇچراپ قالغاندەك خۇش بولۇپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ھاياجاندىن ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئادەم بىرەر پېشكەللىككە دۇچ كەلگەن چېغىدا ئۇنىڭغا ئانچىكى ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن قارىغان كىشىمۇ خۇددى پەرىشتەدەكلا كۆرۈنۈپ كەتسە كېرەك، شۇ تاپتا دولقۇنىمۇ ساۋۇتنىڭ كۆزىگە بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچىسىدەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— كۆز ئالدىمىزدىكى گەپنى قىلسام، ھازىر يېزىمىز تەۋەسىدە 200 دىن ئارتۇق بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىسى بار، يار- يۆلەك مەبلىغىدىن ئازراق ئاجرىتىپ ھەربىر ئائىلىگە بىر- ئىككى جۈپتىن قىشلىق ئاياغ ئېلىپ بەرسەك سىلىنىڭ دۇكانىدىكى 300 جۈپكە يېقىن قىشلىق ئاياغلار بىردەمدىلا پاك- پاكىز نەق پۇلغا ئايلىنىدىغان گەپ، كېيىن دۇكاننى ئاچمىغاندىكىن بازار باشقۇرۇشتىكىلەرمۇ 5000 يۈەن جەرىماننى ئالالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن قولىمىزدىكى نەق پۇلنى جۇغلاپ كوپىراتىپمۇ قۇرۇۋالالايمىز. لېكىن، ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە سايلام ۋاقتى قىستاپ كەلدى، پەقەت مەن مۇشۇ يېزىدا باش كۆتۈرۈپ تۇرالىسامىلا ئاندىن ئاشۇ پىلانلىرىمىزنى بىر - بىرلەپ ئىشقا ئاشۇرالايمىز. ئىگىلىشىمچە، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئىچىدە سىلىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزلىرى نۇسرەتقىز؛ باجىلىرى جۇمە سادىق؛ ئاغىنىلىرى بارات چوڭ؛ كەسپداش شاگىرتلىرىدىن رېيىم چۇخەي قاتارلىق سىلىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىدىنلا تۆتى بار ئىكەن. ھازىرقى مۇھىم ئىش ھەرقانداق بەدەل تۆلىسەكمۇ، بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن مانا شۇلارغا پايدا - زىياننى ئېنىق بىلدۈرۈپ بىز تەرەپكە مايىل قىلساق بولاتتى، قانداق، ئۆزلىرى مۇشۇ ئىشتا......

— چۈشەندىم، خاتىرجەم بولسىلا يېزا باشلىقى، ئۇلار دېگەن پېقىرنىڭ ئالىقىنىدىكى كىشىلەر، تۆت ئېغىز گېپىمنى يېگۈزەلىگۈچىلىكىم بار، بۇ تەرەپنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە، پىلانلىرىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغانلا

بولسا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازىمەن. سىلى ئىنچىل ئاتىدارچىلىق قىلىپ كەلدىلە، مەنمۇ ئويلىغانلىرىنى جېنىم بىلەن بەجا كەلتۈرۈپ، ھىممەتلىرىگە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن، — دېدى ساۋۇت پۈتكۈل خۇشاللىقىنى دەبدەبىلىك ۋەدىسىگە مۇجەسسەملەپ. ئۇنىڭ قىسماق كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— ئۆزلىرىگە ئىشەنگەچكە كۆڭلۈمدىكىنى ئوچۇق ئېيتتىم، ۋاقىت قىس، پۇرسەت قولدىن كەتمىسۇن، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ئوبدان ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلايلى، بوش تۇرمايلى جۇمۇ؟! ھە راست، دۇكانلىرىدىكى ئاياغلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئىشىنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن، — دېدى دولقۇن يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

مۇددىئا ئېنىق بولدى، مەسلىھەت پىشتى. ساۋۇت ئاللىقانداقتۇر بىر خىل شېرىن خىيال، ۋەسۋەسىلەرنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئۆزىنى شۇنچىلىك يەڭگىل ھېس قىلغان ھالدا دولقۇن بىلەن خوشلاشتى.

## 5

دولقۇن ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، ساۋۇت خۇددى ھويلىسىغا تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ ئۈنۈپ چىقىدىغاندەك بىر خىل بېسىپ بولماس ۋەسۋەسە ئىچىدە دولقۇننىڭ قاغجىراپ كەتكەن ئېرىقىغا سۇ باشلاشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە دولقۇن پەقەت ياخشىلىق قىلغۇچى، ئاسرىغۇچى، ئەڭ مېھرىبان شەپقەتچى ئىدى. شۇڭا، ئۇ جىم ياتمىدى، ئاۋۋال كەنت مۇدىرلىرى، ئىمام - مەزىنلەردىن بولۇپ بىر قىسىم يۇرت كاتتىلىرىغا بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىدىن بىرنەچچىنى قوشۇپ چاقىرىپ، بىر قوچقارنىڭ بېشىنى كېسىپ مېھمان قىلدى، سورۇن ئەھلىگە باشتىن - ئاخىر دولقۇننىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلدى، ماختاپ ئۇچۇردى، ئاندىن يەنە سەل گۇمانلىق دەپ قارالغان بىرنەچچە ۋەكىلنىڭ ئۆيىگە كورپىدە ئىشلەنگەن «ھەرەمنىڭ ئالاھىدە مېلى»دىن بىر كىيىملىك ياكى

گۈلگدۇڭنىڭ ئەڭ ئېسىل «جىڭ خۇرۇم» ئاياغلىرىدىن بىر - ئىككى جۈپتىن «كۆڭۈل» سوۋغىسى ئېلىپ كىرىپ يوقلىدى. شۇ تاپتا ئۇ دولقۇننىڭ «ئالتۇن تاج»نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى، ھەتتا كىشىلەر نەزەرىدىكى ئەڭ يىرگىنىشلىك، پەسكەش ئىش بولسىمۇ قىلىشقا تەييار ئىدى.

مانا بۈگۈنمۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئۈياق - بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ مېھمان چاقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. تەييارلىق قىلغاندىمۇ خۇددى ناھىيە ھاكىمىنى، ياق! بىرەر ۋالىينى كۈتىدىغاندەك ھەشەم - دەرەم بىلەن تەييارلىق قىلدى. قوشنا مەھەللىدىكى بورداقچىدىن سۈت ئەمما پاقلاندىن ئىككىنى ئەكەلدى، ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ تۆت - بەشتىن قىرغاۋۇل، توخۇ - ئۆردەك، كەپتەر باچكىسى سېتىۋالدى، ئۆيمەھەللىدىكى بارات چاپاق ئۆز قولى بىلەن ئېچىتقان «رەڭلىك مۇسەللەس»تىن بىر كوزا كەلتۈردى...... سەمى مۇقام، قادى غېجەك، تۈردى تەمبۇرلار كېلىپ بولغىلى ئىچاغ، ئۇلار تېخى بىر - ئىككى پىنەكتىن تارتىشىپ، غېجەك، تەمبۇرلىرىنى سازلىشىپمۇ بولدى. لېكىن، ئاساسلىق مېھمانلاردىن خەۋەر يوق. ساۋۇت سەل جىلە بولغاندەك ئىزىدا تۇرالماي قالدى. نەچچە قېتىم دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ قاراپمۇ باقتى. «تاماقنىڭ پەيزى كېتىدىغان بولدى - دە» دەپ غۇدۇرايتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. تاقىتى تاق بولغان ساۋۇت يەنە قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا ساقلاۋاتقان ئەزىز مېھمانلىرى ئارقا - ئارقىدىن سالام بېرىپ كىرىپ كېلىشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەزىزلەر، تىنچ - ئامان كېلىشىپتىلا، قېنى، قېنى كۆرپىگە ئۆتۈشسىلە، ھە بارات ئاداش، سىلى ھەممىدىن چوڭ بولغاندىكىن باشتىراق ئولتۇرۇپ بېرىڭلا، — دېدى ساۋۇت ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ.

— ياق، ياق، يەنىلا جۇمە سادىق باجاڭلار تۆرگە چىققىنى تۈزۈك، ئىككىڭلار بەك يېقىن ئولتۇرۇپ قالساڭلار چاتاق چىقىدۇ...... — دېدى 55 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، چىرايىدىن ساغلاملىقى بىلىنىپ

تۇرىدىغان، قارىماققا ياشتىمۇ، بويىدىمۇ ھەممىسىدىن چوڭ كۆرۈنىدىغان بارات چوڭ چاقچاق قىلىپ.

— ھا، ھا، ھا!...... ھى، ھى، ھى...... — سارايىنى كۈلكە قاپلىدى.

— ھېچنېمە بولمايدۇ بارات چوڭ ئاكا، يەنىلا ئاۋۋال سېنىڭ تۆرگە ئۆتكىنىڭ تۈزۈك، تۆگە بىلەن چاشقاننىڭ تۆر تالاشقىنى نەدە بار، باجىلارغا كەلسەك، ئىككىيلەن نېمىلا دېگەنبىلەن ئۈزاقتىن بېرى كۆنۈشۈپ قالغانلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىسىغا مەن قىسىلىۋالىمەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى يۈز تېرىلىرىنى يېشىغا باقمايلا چىبەرقۇتتەك يول - يول قورۇقلار قاپلىغان، دوملاق كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، نەچچە كۈن تاماق يېمىگەندەك كېزىك چىراي رېيىم چۇخەي كۆرپە ئۈستىگە ئۆتۈۋېتىپ.

— ھەممەيلەن جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. ھايالشمايلا تاماقلارمۇ تارتىلدى.

— تەييارلىق مولغۇ ساۋۇت باي، يەنە كېلىدىغانلار بار ئوخشىمامدۇ؟ ناھىيەنىڭ غوجاملىرىدىنغۇ كەلمەيدىغاندۇ- ھە؟ — دېدى بارات چوڭ پىيالىدىن ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىق چايدىن بىر- ئىككىنى ئوتلىغاچ.

— بىرنېمە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ بارات چوڭ، بۇنچىلىك كاتتا تەييارلىققا قارىغاندا ۋىلايەتنىڭ غوجاملىرى كېلەمدۇ تېخى، مۇشۇ كۈنلەردە ساۋۇت باي باجامنىڭمۇ قولى ئۇزىرىپ، نەزەرى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولدى ئەمەسمۇ؟ — گەپ قوشتى كۆز جىيەكلىرى قېنىق سۈرمە سۈرۈۋالغان ئايالالرنىڭ كۆزىدەك كۆكۈش، ئۇدۇلدىكى ئىككى تال چىشى خۇددى بوياپ قويغاندەكلا سېرىق جۇمە سادىق ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي. ئۇنىڭ نەزەرىدە مۇشۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا ساۋۇت ھەرگىز بۇنچە جوۋاپ كەتمەيتتى.

— ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىشمىسىلە ئەزىزلىرىم، مانا كۆرۈپ تۇرۇشۇپلا، ھەممىمىز ئۆز كىشىلەر، قەدىناسلار، ئەمدى كېلىدىغان مېھمان يوق، مېنىڭ نەزەرىمدە ھەرقايسىلىرى بەگ - غوجاملاردىن

قىلىشمايدىلا، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، قېنى، بەھۇزۇر ئىلىپ ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى ساۋۇت كۆزلىرىنى ئويۇنتۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاچ. ئۇ يەنە نېمىگىدۇر ئىزاھات بەرمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇۋىدى، بارات چوڭ ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى.

— بۈگۈن ئەتىگەندە كۆن قاياقتىن چىققان بولغىيدى - ھە، جۇمە سادىق ئاداش؟ ساۋۇت باي خېلىدىن بېرى ئاياغلىرىمنى ئەرزىنىغا ئېلىۋالامدىكىن دەپ قۇيرۇق تۇتقۇزماي كېلىۋاتقان، لېكىنزە، بۈگۈن ئەلپازى خېلىلا يامانىدەك تۇرىدۇ بۇ ئادىشىمنىڭ، پادىشاھ ھۇزۇرىنى سۈرىدىغانىدەك قىلىمىز جۇمۇ؟

— راست، نەچچە ۋاقىتتىن شەيتانغىمۇ قۇيرۇق تۇتقۇزماي كەلگەن دەيمەن......

— ھاي، ھاي ئەزىزلىرىم، لېكىن- پېكىنلەرنى قويۇپ ئاۋۋال چوڭ-چوڭ ئالايلى، راست گەپنى قىلسام بۈگۈن يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى شياۋ دۇ بىلەن يېزا باشلىقىمىز دولقۇنىمۇ سورۇنىمىزغا داخىل بولماقچىدى، لېكىن ناھىيەدە جىددىي بىر يىغىن ئېچىلىپ قالغاچقا، كېلەلمەي قالدى، شۇنداق بولسىمۇ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئۆز پارىڭىمىزنى قىلىپ، ناخشا - پاخشىمىزنى بولۇشىغا تۇۋلاپ ئولتۇرۇۋېرەيلى، قېنى خوش، چوڭ - چوڭ ئالايلى. ھېلى «دورا»غا ئېغىز تېگىپ قالساق ياخشى يېيەلمەي قالىمىز......

ئولتۇرغانلار نېمىشقىدۇر بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. بىر دەملىك يەپ - ئىچىشتىن كېيىن ساۋۇت نەپىس ئىشلەنگەن خىرۇستال چەينەككە لىق تولدۇرۇلغان ئاتىنىڭ قېنىدەك مۇسەللەس بىلەن قىرلىق ئىستاكاندىن ئىككىنى ئېلىپ كەلدى ۋە:

— قورساقنىمۇ ئانچە- مۇنچە ئەستەرلىۋالدۇق، ئەمدى بىر تەرەپتىن يېگەچ، بىر تەرەپتىن ئاز- تولىدىن شۆكۈم قىلىشقاچ پاراڭلىشايلى، قېنى، بۇنى سىلى......— دېگىنىچە بارات چوڭنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ نېمە گەپ ئۆزى ساۋۇت باي، «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» دېگەنىدەك، ياش بىر يەرگە بارغاندا......

— قاچاندىن بېرى قېرىپ قالدىڭ ھوي باراتكا؟ بۇگۈن ئۇستام قۇشناچىمغا نەچچە كۈن يېلىنىپ- يالۋۇرۇپ، ئاران دېگەندە مۇشۇنچىلىك سورۇن ھازىرلىغاندا تاختا قوياي، نوغۇچ قوياي دەيسەنغۇ؟ نېزىنقىماي ئال قولۇڭغا، سەن تۇرۇپ مەن ئاقساقاللىق قىلسام بولماس ھېلى، قانداق دېدىم جۇمەكا؟

— بوپتۇ ئەمىسە، ساۋۇت باينىڭ قولىنى ياندۇرمايلى، ئۇنداق بولسا قائىدە بويىچە ئاۋۋال ساۋۇت باي تۇزىنى تېتىپ بەرسۇن، — دېدى بارات چوڭ لىقلاپ مۇسەللەس قۇيۇلغان ئىستاكانىنى ساۋۇتقا تەڭلىگەچ.

— بەلەن گەپ، شۇنداق قىلايلى، بۇگۈن سورۇندىن «ئوت» چىقىرىۋېتەيلى، قېنى خوشە، — دېيىشتى باشقىلارمۇ ئۇنى قوللاپ.

— بۇ، بۇ......— دېدى ساۋۇت قولىدىكى مۇسەللەسكە قاراپ دۇدۇقلىغىنىچە، — مۇشۇنداقمۇ تولدۇرۇپ قۇيغان بارمۇ ھوي بارات چوڭ؟

— تىپوسىدا مۇشۇنداق ھەيدىمىسەك ئادەم قىزىمايدۇ دەيمەن ساۋۇت باي، ئىككى- ئۈچنى مۇشۇنداق ھەيدەپ ئاستا-ئاستا ئىزىغا سالىمىز-دە. لېكىنزە، ساۋۇت باي بۇگۈن «ساختا»لىق ئاقمايدۇ جۇمۇ؟ پىيالىدىكى چايلارغا ياندۇرۇپ يۈرمەڭلا يەنە!

— بوپتۇ ئەمىسە، لېكىنزە، ئۇزاق يىللار بوپتىكەن شۆكۈم قىلمىغىلى، بۇگۈن ھەرقايسىلىرىنى كۆڭلۈم تارتىپ ھال- مۇڭ بولۇشقاچ بىردەم - يېرىمدەم «ياشايلى» دېدىمغۇ، شۇنداق بولغاندىكىن ياق دېسەممۇ قاملاشمىغۇدەك، خوشە ئەمىسە ئەزىزلىرىم، خوشە مۇغەننەلىرىم، خۇشاللىق ئۈچۈن، كەلگۈسى ئامەتلىرىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى......

— ئاتىسىنىڭ دۇئاسىنى قالتىس ئالغان بەندىدە بۇ، خوشە! سىڭسۇن!

— ھەببەللى، خەپشۇك ئەمىسە، — دېدى بارات چوڭ ساۋۇت قائىدە بويىچە باشلاپ بەرگەندىن كېيىن ئىستاكانلارنى لىقلىغاچ، — ئەمدى مۇغەننەلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن لىقلاپ ئىككى ئىستاكاندىن

كەلتۈرۈپ موتورنى بىر ئوت ئالدۇرايلى، ئۇلار كارامىتىنى كۆرسىتىپ مۈك باشلىسۇن، بىز بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ ھۇزۇرلانغاچ، بىر تەرەپتىن يەپ ئىچىشكەچ ئويناشساق قانداق دەيسىلەر؟ يەنە بىر گەپ، ئارىلىقتا كۇس- كۇس پاراڭ قىلىشمىساق، كىمكى «ھۆپۈپ ئۇسۇرۇقى» قىلىشىدىكەن، قائىدە بويىچە «جازا» ئىجرا قىلىنىدۇ. قېنى مۇغەننەلىرىم خوشە، كەتتى ئەمسە.

سازەندىلەر ئارقا-ئارقىدىن سۇنۇلغان مۇسەللەسنى پىژغىرىمدا ۋۇجۇدى چۇخراپ ھالى قالمىغان ئوتتۇنچى، قاپاقنىڭ مۇزدەك سوغۇق سۇيىنى گۇپۇلدىتىپ بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتكەندەك غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېغىزلىرىنى سۇرتۇشۇپ سازلىرىنى قولىغا ئالدى. «بوم باياۋان» دىن باشلانغان مۇڭلۇق كۈي ئەۋجىگە چىقتى.

ئىچىش داۋاملاشماقتا. سورۇن بارغانچە قاينىماقتا، تاماقلارمۇ بىر-ئىككى قېتىم يەڭگۈشلەندى. سورۇن ئەھلىنىڭ بىرلىرى خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى قىسىشىپ، پەس ئاۋازدا غىڭشىپ مۇڭغا جور بولسا، بىرلىرى يۇڭلۇق مەيدىلىرىنى ئېچىۋېتىپ قايسىبىر يۇرتنىڭ مۆتىۋەرىدەك كېرىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ساۋۇتمۇ ئۇلپەتداشلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن نۆۋىتىنى قالدۇرماي سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشكەچ ئەسلىي مەقسەت- مۇددىئاسى ئۇلارغا قانداق بىلدۇرۇش، گەپنى قەيەردىن باشلاش ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى. يەنە بەزىلەرنىڭ قېنى قىزىپ تۇرغاندا ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىنمۇ ئەنسىرەپ تۇراتتى. مۇغەننەلەر بىر يۇرۇش كۇيىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ چېلىشتىن توختىدى.

— ھارماڭلار ئەزىزلىرىم، ھارماڭلار! قولۇڭلارغا دەرد كەلمىسۇن، قېنى ئۇسساپمۇ قالغانسىلەر، بىردىن كۆتۈرۈۋېتىڭلار ئەمىسە،— بارات چوڭ مۇسەللەستىن ئىستاكاننى تولدۇرۇپ مۇغەننەلەرگە سۇندى.

— پاھ! پاھ! ئېسىل مۇسەللەسكەن، تەمىمۇ باشقىچىلا، يۈرەكنىڭ بېغىنى شىغىلا تەگدى- دە! كۇندە مۇشۇنداق مېھمان قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم بولسا ھارماي چالاتتۇق- دە، ساز دېگەننى، ھى، ھى، ھى.......— دېدى ئېغىزلىرى قۇلىقىغا يەتكەن «قادى غېجەك»

لېگەندىكى گۆشتىن چوڭ بىر پارچىنى ئىلغاپ ئالغاچ.

ساۋۇت ئەمدى ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇۋىدى، ئايالى قىيا ئېچىقلىق ئىشىكتىن بويىنىنى تىقىپ:

— ماڭا قارىسىلا ساۋۇت ئاخۇن، مېھمانلارنىڭ كۆڭلى يەنە نېمىگە تارتىدىكىن؟ بولۇق مانتا ئېتىپ بەرسەم بولارمۇيا؟— دەپ سوراپ قالدى.

— نېمە دەيسەن ھوي خوتۇن! ئۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ، بولۇق مانتا دېگەنچۇ ئايرىم ئېتىپ يەيدىغان نەرسە ئۇ، ئۇپچىغا قاملاشمايدۇ دەيمەن......— دېدى ساۋۇت قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ئالە شەرىڭنى! نەچچە كۈنلەردىن بېرى نېمىشقا كەم دىدار بولۇپ كەتتىكىن دېسەم، ئەسلىدە مانتىنى يالغۇز يەيمەن دەپ ئۆيەر- بۇيەرلەردە تىمىسقىلاپ يۈرۈپتىكەنسىلەر- دە، ساۋۇت باي، قالتىس ئادەم جۇمۇ سىلى؟— دېدى باياتىننىڭياقى جىم ئولتۇرغان سەمى مۇقام. كۈلكە ئەۋجىگە چىقتى.

— ئۇنىمۇ دېدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق خوتۇن، ياقىدىغىنى يەنىلا ئاچچىق- چۈچۈك سۇيۇقئاش، ئوخشىتىپ بىر سۇيۇقئاش قىلىپ ئەكىرىڭلا، قانداق دېدىم،— دېدى ساۋۇت كۈلكە بېسىققاندىن كېيىن ئولتۇرغانلارغا قاراپ. ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن «خوش، بولدى قىلايلى» دېگەن گەپ چىقىدىغاندەك قىلمايتتى. ئايال ئاستا چىقىپ كەتتى.

— پاراڭمۇ قىلىشتۇق، ئەمدى يەنە نۆۋەتتى بويىچە بىر - ئىككىنى ھەيدىمەيمىزمۇ؟— دېدى بارات چوڭ لىققىدە مۇسەللەس قۇيۇلغان ئىستاكاننى ساۋۇتقا سۇنۇۋېتىپ،— قېنى باي غوجام گۈپپىدىلا......

— ھەي ئىسىت، مۇشۇنداق ئېسىل سورۇنىمىزغا يېزا باشلىقىمىز دولقۇنجان قاتنىشالىغان بولسا تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى- دە! تازا بىر چاغدا پۈتلاشتى بۇ يىغىن! — دېدى ساۋۇت ئىستاكاننى قولىغا ئېلىۋېتىپ. بۇ گەپ بىلەن سورۇن پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەكلا بىردىنلا جىمىپ قالدى.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلە ساۋۇت باي، ئەگەر يېزا باشلىقى بۈگۈن مۇشۇ سورۇنغا كېلىپ تۆردە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ كەتسە،

پاراڭلىرىمىز كۆڭلىگە ياقسىغۇ ياقتى، ياقمىسا قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتسە، ئۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ مۇشۇنداق ئىچىلىپ - يېيىلىپ، كۈلكە- چاقچاقلىرىمىز بىلەن ئولتۇرالارمىدۇق؟ ئولتۇرالمايتتۇق. چۈنكى، باشلىق دېگەننىڭ ھۈنىرى تولا، ئۇنىڭ كېلەلمىگىنى بەك ياخشى بولدى، قانداق دېدىم؟— دېدى بارات چوڭ ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ چىقىپ.

— بارات چوڭ راست دەيدۇ باجام، باشلىق دېگەنگە ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىگۈلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە جانابىي يېزا باشلىقىمىزنىڭ قۇيرۇقىنى قوم باسىدىغانغا ئازلا كۈن قالدى، يەنە نېمىگە شۇنچە قىلىپ كەتكۈلۈك ئۇنىڭغا؟— جۇمە سادىق باجىسىنىڭ گەپلىرىگە نارازى بولغاندەك قىلاتتى. ساۋۇتمۇ باجىسىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشىنى ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك، قاپاقلىرى سەل - پەل تۈرۈلدى، ئۇ جۇمە سادىققا تىكىلىپ بىر قاراپ قويۇپ، قولىدىكى مۇسەللەسنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى، ئاندىن:

— بەزى ئىشلارغا ئالدىراپ سۆزلىگۈلۈك ئەمەس، باجام، يېزا باشلىقىمىزمۇ ئۇنچە بوش ئادەم ئەمەس، ئاڭلىسام يۇقىرى - تۆۋەن يۆلەنچۈكلىرىمۇ خېلى كۈچلۈكمىش، سىلىمۇ بىلىسىلەر، يېزىمىزدىكى قوللىغۇچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق سىلى دېگەندەك ئاز كۈندىن كېيىنلا قۇيرۇقىنى قوم باسارمۇ؟— دېدى.

— بىز ۋەكىللەرنىمۇ سەل چاغلاپ قالماڭلا ساۋۇت باي، ئۆز ۋاقتىدىكى يېزا باشلىقى غالىپمۇ باشلىق بولۇۋېلىپلا ئۆزىنى يېزىمىزنىڭ خاقانى بىلىپ، ئىشتىنىغا پاتماي كۆرەڭلەپ كەتكەن، دېھقانلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قىلمىغىنى قالمىغان، شۇنىمۇ مانا بىز قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئەرز قىلىپ ئۆرۈۋەتكەن، ئاشۇنداق باشلىقلارنىڭلا زامانى ئەمەستە بۇ! ئۇلارنىمۇ تەرلىتىدىغان ئادەم بار، باشلىق بولسىمۇ پۇقرالىرىغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ زۇلۇم قىلمىغۇلۇق......

— شۇنداقمۇ دەيسىلە بارات چوڭ، لېكىن دولقۇنجان غالىبقا ئوخشىمايدۇ - دە؟ ئويلاپ كۆرمەمسىلەر، دولقۇنجان مۇشۇ ئولتۇرغانلىرىمىزغا نېمە زىيان سالدى؟ باشلىق دېگەندە ئاز - تولا كىبىر

بولمىسىمۇ بولمايدۇ، دولقۇنىنىڭ بەزىبىر كىچىككىنە كەمچىلىكىنى كۆرۈپ نەتىجىسىنى يوققا چىقىرىۋەتسەك قاملاشمايدۇ، ئۇ يېزا باشلىقى بولغاندىن كېيىن يېزىمىز دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتا بولسۇن، مال چارۋا باقمىچىلىقىدا بولسۇن، باغباراڭچىلىق ئىگىلىكىدە بولسۇن، كۆكتاتچىلىق، قوشۇمچە ئىگىلىكىدە بولسۇن، ئىش قىلىپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى. بۇلارغا كۆز يۇمۇۋالساقمۇ بولماس......

— ۋاي جېنىم ئۇستام، سىلى بىزنى يىغىن ئاچقىلى چاقىرغانمۇ، يا؟ ئۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ ئويىنىمىزنى ئوينىمايمىزمۇ، ماڭا قارا ھوي باراتكا، مەن مەست ئەمەس جۇما، قۇيمامسەن «دوراڭ»دىن، رېبىيم ئىنىڭ قاغجىراپ كەتتى دەيمەن، چالامسىلەر ھوي سازلىرىڭلىنى......

— ھەي يېرىم بالا، سەنمۇ ئۇستاڭدەك ھەممىگىلا ماھىر بولغاندىكىن، ئۆزۈڭلا قۇيۇپ ئىچىۋالامسەنيا؟ بولمىسا قېيىنئانامدىنمۇ ئارتۇقراق ھۆرمەتلەيمەن سېنى! قېنى خوشە ئەمىسە، چۇخراپ كەتكەن بولساڭ مانا سەن ئىچكەچ تۇر، ئەممازە، چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي تۇر، ما ساۋۇت باي بۈگۈنكى سورۇننى بىكارغا تۈزمىگەندەك قىلىدۇ جۇمۇ؟ — بارات چوڭ رېبىيم بىلەن سوقۇشتۇرۇپ گۈپپىدە بىرنى قېقىۋېتىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئەجەب چوڭ ئاتاڭلىدەك داڭلاپ كەتتىڭلا ئۇ ئاداشنى، ئادەمنىڭ رىغبىتىنى ياندۇرۇپ. دۇرۇس، سىلى دېگەندەك يېزىمىزدا ئاز - تولا ئۆزگىرىش بولدى، ئاز بىر قىسىم دېھقانلار ھەقىقەتەن بېيىپ ھاللىق سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتتى، لېكىن كۆپ قىسىم دېھقانلار يەنىلا نامرات. يەنە بىر قىسىملارچۇ، «تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى»مىز قاچان تارقىتىلار، قاچان ھېيت - بايرام كېلەر دەپ كۈن ساناپ ئۆتمەكتە. شۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ، دېھقان باي بولدى دەيمىز، ئەمما ھەقىقىي بېيىغىنى دېھقانمۇ ياكى يېزىنىڭ بىر قىسىم غوجاملىرىمۇ؟ دېھقانلىرىمىز مىڭبىر جاپالارنى تارتىپ ئىشلەپ ئىككى - ئۈچ مو يېرىدىن ياكى بىر - ئىككى مو بېغىدىن كۈزدە ئالغان ھوسۇلى ئەتىيازدا ئالغان ئۇرۇق، ئوغۇت قەرزگە ئاران يېتىشىپ، تېخى سۇ پونكىتىغا سۇ پۇلىغا قەرز بولۇپ

قىلىۋاتسا، ئەپسۇس! كادىرلىرىمىز سان - ساناقنى كۆپتۈرۈپ يوللاپ، بىر تەرەپتىن نام - ئاتاققا ئېرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن يىل ئاخىرىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئويلايدىغىنىمۇ ئەنە شۇ يۈز - ئابروي، نام - ئاتاق، مۇكاپات! قېنى، زادى كىم ھەقىقىي باي بولۇۋېتىپتۇ! بولدىلا، بۇ سورۇن بىراۋلار ئۈستىدىن دادلايدىغان سورۇن بولمىغاندىكىن، قۇرۇق گەپ قىلىپ كۆڭلىمىزنى ئاچچىق قىلغاندىن كۆرە، ناخشىمىزنى ئېيتىپ بىر كۈن غەمنى ئۇنتۇپ ياشايلى، قانداق دېدىم؟

— بۇ گېپىڭلارنىڭمۇ ئاز - تولا ئاساسى بار بارات ئاداش، ئولتۇرغانلار خەلقنىڭ ۋەكىللىرى، قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغانلار، ئاق-قارىنى پەرق قىلالايسىلەر. لېكىن، بارات ئاداش، سىلى تىلغا ئالغاندەك ئىشلار بىزنىڭ يېزىدىلا ئەمەس، ھەممە يېزىلاردا بارغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق مەسىلىنى بىرلا يېزا باشلىقىغىلا ئارتىپ قويغىلى بولمايدۇ- دە؟ «غوجامنىڭ غوجىسى، چامغۇرنىڭ ئورىسى بار» دېگەندەك، بەزى ئىشلاردا ئۇلارنىڭمۇ ئامالسىز قالىدىغان يەرلىرى بار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە يېزا باشلىقىمىزمۇ بىزگە يامانلىق ئويلاپ باقمىدى، بولۇپمۇ ماڭا قولىدىن كېلىشىچە غەمخورلۇق قىلىپ بېشىمنى سىلاپ كەلدى، مەن يېزا باشلىقىمىزدىن ئىنتايىن رازى......

— نېمىدېگەن زىغىردەك گەپ بۇ باجام، ئىچمەيمىزمۇ «دورا» دېگەننى، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردۇڭلارغۇ ئاخىر......

— ھەي، ھەي جۇمە سادىق ئالدىرىماڭلا دەيمەن، ئاڭلىمىدىڭلامۇ، باجاڭلار دېگەن يېزا باشلىقى بېشىنى سىلىغان ئادەم جۇمۇ، گېپىنى دەۋالمىسۇنمۇ؟......

— يېزا باشلىقى بېشىمنى سىلاپ كەلدى دېسىلە ئۇستام، يېقىنىڭىياقى ئۇستامنىڭ بېشى قۇيرۇق مايدا مايلىغاندەكلا نېمانچە پارقىراپ تۇرىدىغاندۇ دېسەم، يېزا باشلىقى سىلاپ تۇرىدىكەن- دە، ئەسلىي؟

— قارىسام يېزا باشلىقى نەچچە كۈننىڭ ياقىمۇ مەھەللىمۇمەھەللە چېپىپ يۈرۈپ ئالدىراشتەكلا قىلىۋاتاتتى، ئەسلىدە ئۇنىڭ- بۇنىڭ

بېشىنى سىيلاپ ئالدىراش بوپكېتىپتىكەن. دە! ھى، ھى، ھى......

— پاھ! باجام تۇرۇپ ماڭا ئۇقتۇرماي يۈرگىنىنى، يېزا باشلىقىنىڭ باش سىلايدىغان ھۈنىرىنىڭ بارلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام مەنمۇ پات-پات سىيلىتار ئىكەنمەن، ئىلگىرى سەتىراشقا شاگىرت كىرگەن بولغىمىدى باشلىقىمىز؟

— ھاي، ھاي! ئەزىزلىرىم بولدى قىلىڭلار، چاقچاقىڭىزمۇ جايىدىراق بولغىنى ياخشى، «تۆت تامنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەن گەپ بارغۇ؟ قارىغاندا دولقۇنجان ئۇلتۇرغان مۆھتەرەم ۋەكىللىرىمىزنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. لېكىنزە بىر - ئىككىمىزنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەنگىلا «قۇيرۇقىنى قۇم باسىدۇ» دەپ قارىساقمۇ بولماس، «تاغنىڭ كەينىدە تاغ بار» ئەمەسمۇ. ئەسلىدە ھازىرچە سىلەرگە دېمەي دېگەن، ئەمدى دېمىسەممۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، راست گەپنى قىلغاندا دولقۇننىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى قىلماقچى بولغانلىرى يېزىمىز ئۈچۈن، شەخسەن مۇشۇ ئولتۇرغان ھەربىرىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىشلار ئىكەندۇق، ئەپسۇس!

— مۇنداق دەڭلا ساۋۇت باي، قېنى مەسلەن؟

— مەسلەن، ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇش، قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىللەش، ھۆددىگە بېرىلگەن يەر، باغۋاراڭلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش...... ئىشقىلىپ، خېلى كۆپ.

— سىلى يېزا كادىرى بولمىساڭلا، قانداق بىلدىڭلا ھوي ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى؟ پاق - پاق گەپ قىلماڭلا ساۋۇت باي.

ئاۋۋال ئاڭلاپ باقمامسىلەر، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا دولقۇن مېنى ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇش خۇسۇسىدا مەسلىھەتلەشكىلى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتىكەن، — ساۋۇت قايسى كۈنى دولقۇننىڭ ئىشخانىسىدا بولۇنغان گەپلەرنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى، — ئويلاپ باقسام بۇ بىزگىمۇ، دېھقانلىرىمىزغىمۇ پايدىسى تېگىدىغان بەلەن ئىش ئىكەندۇق. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ سىلەرگىمۇ مەسلىھەت سېلىپ بېقىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا» دەيدىغان گەپ بار، يالغۇزلا بىر ئىش قىلسامىغۇ بولاتتى، لېكىن يەنىلا پۇتۇمغا پۇت،

قولۇمغا قول بولغۇدەك سىلەردەك ئىشەنچلىك ئۇرادەرلىرىم بولمىسىمۇ بولمىغۇدەك، مەبلىغى بولمىسا كوپېراتىپقا زۆرۈر بولىدىغان، ئات ـ ھارۋا، قورال ـ سايمانلىرىنى، ھالال كۈچىنى مەبلەغ ھېسابىدا سالسىمۇ بولىدىغۇ دەپ ئويلىدىم. ئەمما، بۇ مەسىلىھەت سىلەرگە ياقامدۇ ـ ياقمامدۇ بىلمىدىم. شۇڭا بۇگۈن......

ساۋۇت قېنى ئەمدى قانداق ئىنكاس قايتۇراركىن دېگەن ئوي بىلەن سورۇن ئەھلىگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئولتۇرغانلار بىر-بىرىگە بىرپەس قارىشىپ جىم تۇرۇۋشقاندىن كېيىن بارات چوڭ ئېغىز ئاچتى.

— بۇ بوۋاق بالىغا قۇرۇق ئېمىزگۇ سالىدىغان ئىش ئەمەستۇ ساۋۇت باي؟ ئەگەر راست بولىدىغانلا ئىش بولسىغۇ خېلى ياخشى پىلان ئىكەندۇق، بۇرۇنلاردا مۇشۇنداق قىلغان بولسىچۇ، قانداق دېدىم؟

— ئىش راستىنلا ساۋۇت باي دېگەندەك بولسا، ساۋۇت باينىڭ سايىسىدا بىزمۇ نېسىۋىسىز قالمايدىكەنمىز، لېكىن ۋەدىسىدە تۇرارمۇ ئۇ؟

— چوقۇم تۇرىدۇ، خېلى ئەركەك تۆكى بار ئادەم ئۇ، — دېدى ساۋۇت كەسكىنلا، — گەپ ھەرقايسىڭلاردا، سىلەرنىڭ ماڭا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىدىغان نىيىتىڭلار بارمۇ زادى؟ سىلەرلا بەل قويۇۋەتمىسەڭلار مېنىڭ بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىنىم چىقارغان.

— پاھ ـ پاھ! مەنمۇ پىتلىنىپ قالسام، كېلىشكەن جومباقتىن بىرنى تېپىۋالسام، ھى، ھى، ھى...... — رېيىم بالا سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلگەندە يۈز تېرىلىرى تېخىمۇ قورۇلۇپ يامغۇردا قالغان ئەسكى تېرىگىلا ئوخشاپ قالدى.

— دېگىنىڭ كەلسۇن رېيىمجان بالا، شۇنداقلا قىلالىساڭ مانا مەن ئۇستاڭ باش بولۇپ ئۆيلەپ قويىمەن، ئۇ چاغدا چوخەي سېتىشتىنمۇ قۇتۇلىسەن، — دېدى ساۋۇت يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ماۋۇ جۇمە سادىق بىلەن مەن يىگىت قولدىشى بولمىزدە ئۇ چاغدا، لېكىن يەڭگىمىزگە ئېيتىپ قوي، قىز قولدىشىغا ئۇنداق-مۇنداقنى تاللاپ قويسا ئۇنىمايمىز جۇمۇ، قانداق دېدىم جۇمە سادىق؟— دېدى بارات چوڭمۇ قىزىقچىلىق بولسۇن دېگەندەك.

— سىلەر يېنىمدا قاتارلىشىپ تۇرساڭلار بوۋىلىرىڭىز نېمىش قىلىدۇ يېنىڭىزدا دەپ ئاچچىقلاپ قالار سۆيگىنىم.

— تويۇڭدا نەغمىكەش ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولما ئۇكا، مانا بىز ئوت چىقىرىۋېتىمىز جۇمۇ، — دېدى سەمى مۇقام گېلىنى قىرىپ قويۇپ.

— ياخشى گەپ، ياخشى تىلەكلەر بولۇۋاتىدۇ ئەزىزلىرىم، مۇشۇنداق ئۆزئارا قوللاشساق، ھەممەمدە بولۇشساق بىز قىلالمايدىغان ئىش يوق، ياخشى نىيەتلىرىمىزنىڭ پاتراق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىچمەيمىزمۇ؟ قېنى، بارات ئاداش لىقلاپ قۇيىمامسىلە، — دېدى ساۋۇت چايلارنى يېڭىلاپ قۇيغاچ. شۇ تاپتا ئۇ «كوپىراتىپ قۇرساق سىلەرمۇ پايدىدىن نېسىي قالمايسىلەر» دەپ پۇراتقان قۇيرۇق ماينىڭ ھىدىدىن ئۇلارنىڭ ئاستا- ئاستا مەستخۇش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلىدە خۇش بولۇۋاتاتتى.

— ئىچەيلى ساۋۇت باي، ئىچەيلى، سىلى ئۇنداق دېگەندىكىن بىز يەنە نېمە دەيتتۇق، قولىمىزدىن كېلىشىچە سىلىنى قوللايمىز- دە، بىزمۇ ئىدىيە جەھەتتىن ئاز- تولا تەييارلىق قىلغاچ تۇرايلى، سىلى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تىرىشىڭلار، قانداق دېدىم ئاغىنىلەر، باشقىچە قارىشىڭلار يوقتۇ؟ — دېدى بارات چوڭ ئولتۇرغانلارغا نەزەر سېلىپ.

— سىلى دېگەن چوڭىمىز، ساۋۇت باي بىلەن ئىككىڭلار نېمە دېسەڭلا شۇ، مەن باجىسى، ماۋۇ بالاڭزا شاگىرتى بولغاندىن كېيىن بىزنى يامان يولغا باشلىمايدۇ- دە؟ — دېدى جۇمە سادىق «قانداق دېدىم» دېگەندەك ساۋۇتقا نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ.

ئىچىش قايتىدىن باشلاندى. ناخشا- سازمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ساۋۇت باشلىغان سۇنىڭ ئېرىقىدا ئېقىۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئىچىش، ۋەدە بېرىشىشلەر يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

ساۋۇت تۈنۈگۈن ئاخشام بەكلا كەچ ئۇخلىغاچقىمىكىن، بۈگۈن نەچچە كۈندىكىدىن خېلىلا ۋاقىچە ئورنىدىن تۇردى. بەدەنلىرى ئۇرۇپ- چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان، كاللىسى تۈگمەن تېشىدەك ئېغىر

بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى خۇشال ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن ناشتا قىلماقچى بولۇپ، يۈز- كۆزلىرىنى چالا- بۇلا يۇدى- دە، ئايالى ئالدىبۇرۇنلا راسلاپ قويغان داستىخانغا كەلدى. دەملەنگەن چايدىن بىر پىيالە قۇيۇپ، قىزىرىپ پىشقان گىردىدىن بىر بۇردا ئېلىپ بىر چىشلەم چىشلىدى- دە، خۇددى خام پىياز چاينىۋېلىپ كۆڭلى ئاينىغاندەك بولدى. ئۇزۇنغىچە چايناپ زورلاپ يۇتۇۋەتمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما ئۆتمىدى. ئۇ ئىلاجىسىز داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، دۇئا قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ ھويلىغا چىقتى ۋە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن بىر كېرىلىۋالدى. شۇ تاپتا كاللىسىدا «بۈگۈن نېمىلا بولمىسۇن دولقۇنغا ئاخشامقى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزمىسەم بولمايدۇ» دېگەن خىيال ئەگىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۇدۇللا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىشقا تەمشىلىپ بولۇپ، تۇيۇقسىزلا ئېسىگە يەنە بىر مۇھىم ئىش كېلىپ شاپپىدە توختاپ قالدى. «تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، ئەتە قۇرۇلتاي ئېچىلىدىغان تۇرسا، دولقۇن توغرۇلۇق ئىشنى نۇسرەتقىزنىڭ سەمىگە سېلىپ قويمىسام قانداق بولىدۇ، بولمىسا ئۇ ئىككىلەنمەيلا ھېلىقى يارمۇھەممەتكە بېلەت تاشلايدۇ- دە؟ قىزىمنىڭ ئۇنىڭغا بېلەت تاشلىغانلىقى كېيىنچە ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا ئۇ چاغدا پۈتۈن ئىشىمىز تەتۈرىگە ماڭمامدۇ؟ بۇ جاھىل قىز نېمە دەيدۇ تېخى؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ نۇسرەتقىزنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باللىرىم، تىنچ- ئامان تۇردۇڭلارمۇ؟ — ساۋۇت قىزىنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە نەگىدۇ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان كۈيئوغلى بىلەن نۇسرەتقىز سەل ھەيران قالغاندەك تەمتىرەپ قالدى.

— مېنى قارشى ئالمايدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ يات ئادەمگە قارىغاندەكلا سەپسېلىپ قاراپ كەتتىڭلارغۇ؟ — دېدى ساۋۇت.

— يوقسۇ ئاتا، قارشى ئالمامدىغان، سىلىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كېلىشلىرىنى ئويلىمىغان ئىكەنمىز، خۇشلىقىمىزدىن نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمىز، قېنى ئۆيگە كىرسىلە ئاتا.

— زۆرۈر ئىش بىلەن بىر يەرگە ماڭمىغان بولغىيتتىڭلار؟ ئىشىڭلارغا دەخلى يەتمىسۇن يەنە؟ — دېدى ساۋۇت ئانچە يېڭى بولمىسىمۇ پاكىز

سۈپۈرۈلگەن گېلەمدە ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ياق ئاتا، يارمۇھەممەت ئاكاملارنىڭكىگە بېرىپ كېلەيلى دەپ تۇرغان، كېيىنرەك بارساقمۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى كۆيۈ ئوغلى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ ئۇزاق ئولتۇرمايمەن، نۇسرەتقىز بىلەن دېيىشىدىغان ئازراق گەپ بار ئىدى، شۇڭا ئەتىگەندە كېلىشىم.

— زۆرۈر گەپلىرى بولمىسا كەلمەيدىكەنلا- دە، ئەسلىدە؟ — دېدى قىزى ئالۇچىدەك چىرايلىق ئىغىزىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە دومسىيىپ.

— يوقسۇ قىزىم، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، ھەرقايسىڭلار دائىم خىيالىمدا، لېكىن يېقىنىڭلاقى راستىنلا بەك ئالدىراش بولۇپ قالدىم.

— ياقۇپجان، ئاتام چاي- پاي ئىچىپ تۇرغۇچە دىككىدە چىقىپ ئازراق گۆش ئېلىپ كىرەمسىزكىن، ئۆيدە گۆش تۈگەپ قاپتىكەن، — دېدى نۇسرەتقىز ئېرىگە قاراپ.

— ساۋۇت بولدى ئەكىرمىسۇن، مەن ئالدىرايمەن دەپ توسۇپ قويۇشنى ئويلىدى - يۇ، بىراق كۆيۈ ئوغلىنىڭ يېنىدا بەزى گەپلەرنى قىلىشنىڭ ئەپسىزلىكىنى ھېس قىلىپ جىم بولۇپ قالدى.

— مەن ئالدىرايمەن قىزىم، گەپنى دېگەچ تۇراي، ھېلى ياقۇپجان كىرسە ئەپسىز بولۇپ قالغۇدەك، خەۋىرىڭىزدە بار، ئەتە سايلام بولىدۇ، سىزمۇ ۋەكىل بولغاندىكىن قاتنىشىسىز ئەلۋەتتە، بەلكىم كۆڭلىڭىزدە يېزا باشلىقلىقىغا قېيىنئاتىڭىزغا بېلەت تاشلاشنى ئويلاۋاتقانسىز...... — ئاتىسىنىڭ گېپىنىڭ تېخى ئاخىرى تۈگىمەستىنلا نۇسرەتقىز ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ- دە، ئاتا، يارمۇھەممەت ئاكام ھەم قابىلىيەتلىك، ھەم......

— بولدى، گېپىمنى بۆلمەي تۇرۇڭ قىزىم، مەن بىلىمەن، لېكىن سىز مېنى، ئائىلىمىزنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىمىسىڭىزمۇ بولماس، گەپنىڭ پوس كاللىسىنى دېسەم سىز بۇ قېتىم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ دولقۇنجانغا بېلەت تاشلىشىڭىز كېرەك.

ساۋۇت قىزىنى گەپ قىلغىلى قويمىدى. ئۇ قىزىغا نەچچە كۈندىن

بۇيانقى بولۇنغان گەپ، ئىش - ھەرىكەتلەرنى، دولقۇننىڭ كۆرسەتكەن پىلانلىرىنى، ئائىلىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەخت- سائادىتىنى ئېزىپ- ئىچۈرۈپ چۈشەندۈردى.

نۇسرەتقىزنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ چويۇندەك قاتتى. بۇياققا قارىسا ئاتىسى، ئانىسىنىڭ، ياق، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ پايدا- مەنپەئەتى، ئاتىسى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ پايدا- مەنپەئەتى بىلەنلا خۇش بولىدۇ؛ ئۇياققا قارىسا ئېرى، ئېرىمۇ ئەلۋەتتە نەۋرە ئاكىسىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشى كېرەك، چۈنكى ھەرقانداق قول ئىچىگە ئېگىلىدۇ- دە! ئۇ ئاتىسىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. كاللىسىدا: «قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئاتام دېگەندەك قىلسام، كېيىنكى كۈنلەردە يارمۇھەممەت ئاكام بىلىپ قالسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئاتامغا ماقۇل شۇنداق قىلاي دەپ قويۇپ يارمۇھەممەت ئاكامغا بىر بىلەت تاشلىسام، كېيىن بۇنى دولقۇن بىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئاتامنىڭ، ئائىلىمىزنىڭ خۇشاللىقى يوققا چىقامدۇ؟ ئاتامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟» دېگەندەك ئويلار ئەگىپ يۈرەتتى. ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ ئاخىر بوپتۇ، كېيىن نېمە بولسا بولسۇن، ئاتامنىڭ دېگىنىدەك قىلاي، ئائىلىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ شۇنداق قىلىشىم كېرەك، ياقۇپجانغا ئەلۋەتتە يارمۇھەممەت ئاكامغا بىلەت تاشلايمەن دەپلا قويسام ئارتۇقچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەس، دېگەن يەرگە كەلدى.

— ئاتا، بوپتۇ سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولسۇن، لېكىن بۇ گەپ ئاغزىلىرىدىن ھەرگىز چىقىپ كەتمىسۇن، قېنى قىزىق چاي ئىچسىلە، — دېدى نۇسرەتقىز چاي جىقلىغاچ، ساۋۇتنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى.

— رەھمەت قىزىم، مېنى چۈشەنگىنىڭگە رەھمەت، مەن چىقاي، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغان زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، خوش ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن، سۆيۈنچىسىنى كېيىن بېرىمەن جۇمۇ!

— نېمە دېگەنلىرى بۇ ئاتا، ئەتىيازنىڭ قۇيۇندەكلا خۇيلىرى بار سىلىنىڭ، ئۇياقتىن پىرقىراپ پەيدا بولۇپلا، بۇياقتىن غايىب بولىدىغان، ئاران بىر كەلگەندە ياقۇپجان كەلگۈچە ئولتۇرۇپ تۇرمامىلا،

ئوخشىتىپ بىر پېتىر مانتا قىلىپ بېرەي؟

— رەھمەت! ئۇمۇ كېيىنچە بولۇپ قالار قىزىم، مەن چىقاي، — ساۋۇت ئالدىراپ دۇئا قىلىپلا كۆڭلى خۇش ھالدا ھويلىغا چىقتى.

شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ دولقۇنغا يۈز كېلەلەيدىغانلىقىدىن كەيپى چاغ ئىدى. ئەتىگەندە ئۇنى قىيناپ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان بىئاراملىق ئاللىقاياقلارغا يوقالغاندەك ئۆزىنى يەڭگىل سېزەتتى. خىيالىدا دولقۇن ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ يارايلا ساۋۇت ئاكا! مۇشۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن سىلى ئويلاپ باقمىغان سۆيۈنچىگە ئېرىشىلا دەۋاتقاندەك، غايىبتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بەخت قۇشلىرى بېشىغا قونۇۋاتقاندەك، بىردىنلا ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنياغا ئېرىشىدىغاندەك بىر لەززەت تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى.

## 6

دولقۇن نېمىلا دېگەنبىلەن گېپىدە تۇردى. ساۋۇتنىڭ چەككەن رىيازەتلىرى، قۇربان بېرىشلىرى بىكارغا كەتمىدى. ناھايىتى ئاز بىرقىسىم تەلەيلىكلەر بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقسا، ئۇ ماھىرلىق بىلەن ئۈچ پاختەك سوقتى. بىرىنچىدىن، دولقۇن قايتا يېزا باشلىقى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ئەڭ يېقىن، ئەتىۋارلىق كىشىسىگە ئايلاندى؛ ئىككىنچىدىن، قومتاش كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى — 360 تۈتۈنلۈك دېھقاننىڭ بېشى بولدى؛ ئۈچىنچىدىن، كىچىكرەك بولسىمۇ مۇشۇ يېزىدىكى بىردىنبىر كارخانا — ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا ئاساسلىق مەبلەغ سالغۇچى سۈپىتىدە كوپىراتىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ بەلگىلىك پۇلغىمۇ ئېرىشتى. ئىشقىلىپ، كۆڭلىگە پۈككەن، ئۇيقۇسىز كېچىلەردە تىنىمسىز خىيال قىلغان شېرىن ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى بىر ـ بىرلەپ ئىشقا ئېشىشقا باشلىدى. ئۇ دائىم ئەلۋەتتە دولقۇنمۇ گېپىدە تۇرغانىدى. شۇڭا، مۇشۇ كۈنلەردە ساۋۇتنىڭ كەيپى بەكمۇ چاغ، ئۇ بەزىدە كەنت كومىتېتىدىكى ئىشخانىسىدا بولامدۇ، ھەمكارلىق كوپىراتىپىدىكى

ئىشخانىسىدا بولامدۇ، ئۆز ھويلىسىدا بولامدۇ، دىقماققىنە كەلگەن قىسقا قولللىرىنى كەينىگە قىلىپ، بادائ قورسىقىنى پومپايتىپ، گېدەيگەن ھالدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغىنىچە قايسىبىر ئاھاڭلارغا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىدۇ.

ئۇ كېچىدىن ياخشى چۈش كۆرگەنمۇ ـ قانداق، بۈگۈن ئەتىگەنمۇ كەيپى خۇش ناھايىتى تېتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەڭ ئاۋۋال بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك بۇقۇلداپ سايرىشىۋاتقان كەپتەرلىرىگە دان چېچىپ بەردى. قوي ـ كاللىرىغا ئوت سالدى، ئاندىن ئايالى تەييارلاپ قويغان داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قىزىرىپ پىشقان گىردە بىلەن بادام، ياڭاق، ئۆرۈك مېغىزىنى قوشۇپ ئۇزاق چايناپ ھوزۇرلىنىپ يېدى، قېنىق دەملەنگەن چايدىن قانغۇدەك ئىچتى.

ئۇ ئاۋۋال كەنت ئىشخانىسىغا بارايمۇ ياكى كوپىراتىپ ئىشخانىسىغا بارايمۇ دېگەننى خىيال قىلىپ ئەمدىلا دەرۋازا تەرەپكە قەدەم ئېلىشىغا، بەش سانتىلىق قېلىن شالدىن ياسالغان، يامۇلنىڭ دەرۋازىسىدەك ھەيۋەتلىك دەرۋازا ئەنسىز ئېچىلىپ، ئارزۇلۇق قىزى نۇسرەتقىز گۈللۈك ياغلىققا ئورالغان يوغانلا بىر بوغچىمىنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ناچىدەك بۇرنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، بۇرۇنقى نۇرلۇق كۆزلىرى قۇرۇغان بۇلاقتەك ئولتۇرۇشقان، ئالمىدەك قىپقىزىل مەڭزىنىڭ قېنىمۇ، گۆشىمۇ قېچىپ تامدەكلا تاتارغان، جىنەستىدەك لەۋلىرى زاغىرا ناندەك يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئىلگىرى كۆرگەنلا كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق قىزىنى بۇ ھالدا كۆرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ساۋۇت دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېتىپ قالدى.

— ئانىسى! ھوي ئانىسى! قېنى سىلى؟ چاپسان بۇياققا چىقىڭلا! — تووۋلىدى ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ.

— ھە مانا، مانا، نېمانداق ئەنسىز ۋارقىرايلا، — دېگىنىچە باغدىن ئالدىراپ چىققان ئايال قىزىنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ قولىدىكى ئوتياشنى تاشلاپ غۇلچىنى كەرگىنىچە ئېتىلدى، — ۋاي ئاتام، ۋاي ئانام! نېمە بولدى ئاي قىزىم سىزگە؟ گۈلدەك چىرايىڭىز سولغۇنغۇ قىزىم......

نۇسرەتقىز ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە ئانىسىنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى. ئۇ بار دەرد - ئەلىمىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇپ تۈگىتىۋېتىدىغاندەكلا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلىدى. ساۋۇتنىڭ ئەتىگەنكى كۆتۈرەڭگۈ روھىي كەيپىياتى يىلتىزى قىيىلغان پېلەكتەكلا سولىشىپ قالدى. مودۇر - چوقۇر يۈزلىرىگە ئەنسىزلىك، بىئاراملىق ئىپادىسى تېپىپ چىقتى.

— ئېيتىڭا قىزىم، سىزگە زادى نېمە بولدى؟ — دېدى ساۋۇت ئىككىلەننىڭ يىغىسى سەل بېسىققاندا پېشايۋان ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ئاجرىشىپ كەتتۇق، — دېدى نۇسرەتقىز ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ. خاپىغان چىرايىدىن يۈرەك زېدىسى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قوم تىققاندەك ئېچىشىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئانىسىغا تىكتى، نېمدۇر بىر نېمە دېمەكچىدەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، يەنە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— نېمە دەيدىغانسىز قىزىم، ياخشى- يامان گېپىڭلار يوق بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتاتتىڭلارغۇ، قانداق كۆزى يامانىڭ كۆزى تەگكەندۇ سىلەرگە؟ — دېدى ئانىسى نۇسرەتقىزنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— كىمنىڭ يامان كۆزى تېگەتتى، مۇشۇ ئاتامنىڭ ئىشى بولمامدۇ، — دېدى نۇسرەتقىز بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ ئانىسىغا يۈزلىنىپ، — ھېلىقى بالا- قازا سايلام قاچان بولدى، بىر ئوبدان ئۆيىمىزدە شۇنىڭدىن باشلاپ جېدەل قۇرۇمىدى، قايسىبىر شۇم ئېغىز يەتكۈزۈپ قويىدىكىن، مېنىڭ دولقۇن دېگەن تۈلكىگە بېلەت تاشلىغىنىمنى. ئېرىم ئۆيدە بولامدۇ، ئېتىز بېشىدا بولامدۇ، ئەتراپىدا ئادەم بارمۇ- يوق، ئىشقىلىپ، كۈندىلا شۇ گەپنى قىلىدۇ، «سەن ئايالىم تۇرۇپ ئاكامغا بېلەت تاشلىماي نەدىكى بىر ھارامتاماق، كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان تەخسىكەشكە بېلەت تاشلاپسەن، قېيىنئاتام بولغان ئادەممۇ شاپاشلاپ يۈرۈپ قىلمىغانلىرى قالماپتۇ، مۇشۇ كۈنلەردە تېخىمۇ ئېغىز- بۇرۇن يالىشىپ يۈرىدۇ، دېگىنە، سىلەرگە زادى نېمە

قىلىپ بەرگەن ئۇ چايان؟ ئاكام سىلەرگە نېمە قىلغان؟ مانا ئەمدى بىر ئوبدان بېشىمىزنى سىيلاپ كېلىۋاتقان ئاكامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ماڭ سەنمۇ ئىشىڭنى قىل، ئاتاڭنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالا! ئەمدى سەندەك تۇغقان تونۇمايدىغان بىكۆيۈم خوتۇننى كۆرەر كۆزۈم يوق!» دەپ ھەيدىگەنىدى، چىشىمنى چىشلەپ، خورلۇقلىرىغا چىداپ بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزدۈم، يېلىنىپ - يالۋۇرۇپمۇ باقتىم، پەقەت بولمىدى، ئاخىر ئۆزۈمنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارنى ئاغرىتماي دەپ ھېچكىمگىمۇ تىنماي تېپتىنچ ئاجرىشىپ كەتتۇق......

شۇ تاپتا قىزىغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالغان ساۋۇتنىڭ بېشى ئوغرىنىڭ بېشىدەك قاتتى، دورداي كالپۇكلىرى قېرى تۆگىنىڭ كالپۇكلىرىدەك ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇ ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولدى دەپ خۇش بولغان، «بىر كۈلكىنىڭ كەينىدە بىر يىغا بار» دېگەندەكلا كۈتۈلمىگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ قىش شامىلىدەك تۈيدۇرماي كىرىپ كېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ نەگىدۇر بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۈن- تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. بەزى ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئازراق ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمما ئىزىغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

راست، قۇمتاشلىقلار ئاجايىپلا خەق، قاراشلىرى، خۇي- پەيلى، تۇرمۇش ئادەتلىرى قوشنا كەنتلەرنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىق. ئوڭايلىقچە باشقا يۇرتتىن ئوغۇل ئۆيلىمەيدۇ، باشقا يۇرتلۇقلارغا قىز بەرمەيدۇ. ئۇلار ئارىسىدا ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق، يۇرتۋازلىق تۇيغۇسى ئالاھىدە كۈچلۈك. شۇڭا، ئېرىنىڭ نەزىرىدە نۇسرەت قىز ئېرىگە، ياق، ئېرىنىڭ باشپاناھىغا ساتقىنلىق قىلغان، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىش شەرمەندىلىك، نۇسرەتقىز ئائىلىسى مانا مۇشۇ ئالاھىدە تۇيغۇنىڭ قۇربانى. ئەلۋەتتە، شۇ قېتىملىق سايلامغا نۇسرەتقىز قاتناشمىغان بولسا بۇ كۆڭۈلسىزلىكمۇ بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. نۇسرەتقىزغا ئوخشاش قانچىلىغان ئەر - خوتۇن، ئاكا - ئىنى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئازارلىنىشىش، قېيىدىشىشلار كەنت سايلىمىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. بۇ يۇرتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ساۋۇتقىمۇ

سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە.

— بولغۇلۇق بوپتۇ قىزىم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، سىزنى گۈلدەك ئاسراپ، ئەتىۋارلاپ باققۇچىلىكىمىز بار تېخى، ئۇ توڭگۇرلۇقلارنىمۇ كۆرۈپ باقارمىز تايىنلىق،— دېدى ئانىسى قىزىنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكەچ،— ئاتىڭىزدىنمۇ خاپا بولماڭ، ئائىلىمىزنىڭ بەختىنى دەپ بەزى ئىشلارنى چولتا ئويلاپ قالغان چېغى.

— ئانىڭىز توغرا دەيدۇ قىزىم، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، تېخى بىز هاياتقۇ، «مۈڭگۈزلۈككە ئۈستۈرمەي، تۇياقلىققا تەپتۈرمەي» ئەتىۋارلىغۇچىلىكىمىز بار. ئەتىدىن باشلاپلا مەن بىلەن كوپىراتىپقا بېرىپ كاسسىرلىق قىلىپ بېرىڭ، بولامدۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپ قالماڭ،— دېدى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغان ساۋۇت قىزىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

«خەپ توختاپ تۇر، كۆرەرمىز قېنى» دەپ غۇدۇرىدى ساۋۇت ئۆز- ئۆزىگە ئەلەم بىلەن. شۇ تاپتا ئۇ ئىچ- ئىچىدىن پۇچىلىنىپ ئۆرتەنمەكتە ئىدى. هويلىنى سۈكۈت باستى.

## 7

هاۋا ئاستا- ئاستا ئىللىپ تېرەكلەر پوتلا چېقىرىشقا، ئۆچەكتىكى جانلىقلار مىدىراشقا باشلىدى. دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ يوقىنى غەملەپ ئېتىزلىرىغا بالدۇرراق ئۇرۇق سېلىۋېلىشنىڭ غېمىدە ئىدى. ساۋۇت نەچچە كۈندىن بېرى كىرگۈزگەن «ئالاهىدە باهالىق» خىمىيەۋى ئوغۇتنى بىر ئاماللارنى قىلىپ تېزرەك قولدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ، كۆپرەك نېسىۋىگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا. خۇددى «ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاساپ ياغ قايغۇسىدا» دېگەندەك، ئەسلىدە ساۋۇت باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، دېھقانلار نەزەرىدىكى ساۋاتلىق، خېلى بىلىملىك كىشى هېسابلىناتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ «هوقۇقۇم قولۇمدا بولسىلا نام- ئابرۇيۇممۇ بولىدۇ، پۇل- مال، پايدا- مەنپەئەتمۇ قولۇمدىن قېچىپ

كېتەلمەيدۇ» دەپلا ئويلايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي - پىكرى خۇددى چىنىدىكى قېتىقتەكلا ھەممىگە ئايان.

ئىلگىرى ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا ئالدى بىلەن قۇمتاش كەنت كومىتېتى قورۇسىدىكى ئىشخانىسىغا بېرىپ يىغىن ئېچىپ، ئورۇنباسارلىرىغا ۋە كەنتنىڭ باشقا كادىرلىرىغا ئىش تاپشۇراتتى، ئاندىن ئەسلىدىكى يېزىلىق تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ كونا قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېزا ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىكى ئىشخانىسىغا ھازىر بولۇپ، بوغالتىر، ئامبارچىلارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ ئىش ئورۇنلاشتۇراتتى.

لېكىن، بۈگۈن ئىلگىرىكى قائىدىسىنى بۇزۇپ ئالدىراپ- تېنەپ ئاۋۋال ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كەلدى ۋە ئۇدۇللا لاپاس ئاستىغا باردى. كۆز ئالدىدا تۈنۈگۈن كەچ «ئىچكى باھا» دا يۆتكەپ كېلىنگەن ئورېيالار ئۇنىڭ ئەنسىرىگىنىدەكلا تېخىچە قالايمىقان دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. «قاراڭلار بۇ ھارامتاماقلارنى، ‹مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى› دېگەندەك، مىدىرلىشىپمۇ قويمىغىنىنى، قول - قول تۇتۇش قىلىپ، ئىلگىرىكىدەك بىر قاتارغا ناھىيەلىك شىركەتتىن ئىلگىرى كىرگۈزگەن قىممەترەكىدىن، بىر قاتارغا تۈنۈگۈن چۈشۈرگەن ئاۋۇ دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەرزانراقىدىن ئارىلاشتۇرۇپ تىزىپ، جايى - جايىغا رەتلەپ قويسا بولمامدۇ؟ ئۇ شۇنداق دەپ غۇدۇرىغانچە ئىشخانىسى تەرەپكە ماڭدى.

— ھاي جۇمە سادىق، بارمۇسىلە؟ — تووۋلىدى ئۇ ئىشكى ئوچۇق تۇرغان ئامبار تەرەپكە قاراپ. ئۇنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى مۇزغا كالتەك ئاتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

— ھە مانا، مانا. سەھەردىلا كېلىپ بولغان دەيمەن مۇدىر، — دېدى جۇمە سادىق قوللىرىنى بىر - بىرسىگە ئۇرۇپ توپىسىنى قېقىپ ئامباردىن چىقىۋاتقاچ.

— قالغانلارنىمۇ چاقىرىڭلار يىغىن ئاچىمەن.

جۇمە سادىق بىر - بىرلەپ تووۋلاپ يىغىن بارلىقىنى ئۇقتۇردى. بارات چوڭ، نۇسرەتقىز، مۆمىن قارىي، ئەيسا بۇرۇت قاتارلىق كوپېراتىپ

خادىملىرى ھايالشمايلا ساۋۇتنىڭ ئىشخانىسىغا ھازىر بولدى. مۇدىرنىڭ چوقۇر يۈزلىرىدىكى يېڭىلا ئورۇلغان بېدە يىلتىزىدەك كۆكىرىپ تۇرغان ساقال ئىزلىرى تېخىمۇ قارىداپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار روشەن نارازىلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ بىر-بىرىسىگە قاراشقىنىچە جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى.

— قانداق گەپ بۇ جۇمە سادىق ئاداش،— ساۋۇت قايناپلا كەتتى،— ھەرقايسىڭلار نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ ئاۋۇ لاپاس ئاستىدىكى ئورېيالارنى ئىلگىرىكىدەك جاي-جايىغا يەم بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويماي، ئاش ۋاقتى بولغاندا دېھقانلار ئوغۇت ئالىمىز دەپ يوپۇرۇلۇپ كەلگىلى تۇرسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بەش كۈن ئاۋۋال ئۇقتۇرۇش چاپلاپ قويدۇڭلار «ئىچكى باھا» دا ئوغۇت سېتىلىدۇ دەپ.

ئۇ كوپېراتىپتىكىلەرگە مەيلى ئىش تاپشۇرسۇن، مەيلى ئىشنىڭ نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرسۇن، خوش كەيىپ سۆزلىسۇن ياكى ئاچچىقلاپ دوق قىلسۇن «قىزىم ساڭا دەي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، ھەرقانداق گەپنى ئەڭ ئاۋۋال قەدىناس باجىسى جۇمە سادىقتىن باشلايتتى. «گېپىمنى ئاۋۋال باجامغا، قىزىمغا ئۆتكۈزەلىسەملا، باشقىلارمۇ غىڭ قىلماي ئاڭلايدۇ» دەپ ئويلايتتى كۆڭلىدە.

— بۇ، ئەمدى، شۇ......— جۇمە سادىق نېمىشقىكىن گەپ قىلالماي دۇدۇقلاپ قالدى.

— بۇگۈن نېمە بولدى سىلىگە ھوي، تىلىڭلىنى قۇشقاچ چوقۇۋالغاندەك دۇدۇقلاپ كەتتىڭلىيا؟

— بولدى ساۋۇت ئاداش، باجاڭلارغا ئاچچىقلانماڭلا، ئەسلىدە جۇمە سادىق، مۆمىن قارىي، ئەيسا بۇرۇتلار تۈنۈگۈنلا سىلى ئويلىغاندەك رەتلەپ تىزىپ قويايلى دەپ تۇرۇپتىكەن، مەن قوشۇلماي توختىتىپ قويدۇم،— دېدى بارات چوڭ ساۋۇتنىڭ كۆزىگە تەمكىن بىر ھالەتتە تىكىلىپ تۇرۇپ.

يېقىندىن بېرى ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا ئىسمىنى ئۇدۇل ئاتاپ باقمىغان. «سېكرېتار»، «مۇدىر» دېگەن بۇ «ئۇلۇغ» مەنسەپ نامى گويا ئىمام قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان مۇبارەك خاس

ئىسمىدەك سىڭىشىپ، «ساختا» نىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. شۇڭا، بۇنداق ئاتاش ساۋۇتقا ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ بارات چوڭنىڭ ئەيمەنمەي تىكىلىپ قاراشلىرىدا قانداقتۇر بىر مۇددىئاسىنىڭ بارلىقىنى پەملىگەندەك بولدى - دە، چىرايى قوغۇشۇننىڭ رەڭگىنى ئالدى. ئۇ توك ئۇزۇم چاينىۋالغاندەك غۇچچىدە تۇرۇلۇپ قالغان قاپاقلىرى ئاستىدىن بارات چوڭغا قادالدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟ بۇ ئوغۇتلارنى ساتمايمىزما؟

— ساتمايلى ئاداش، ئىش قىلغان ئىكەنمىز دۇرۇسراق قىلايلى، ھېلىمۇ «بەزىبىر سىرلىرىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ» دەپ بىر يىلنىڭ ياقى دېھقانلىرىمىزنى ئاز قاقتى - سوقتى قىلمىدۇق، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئويلاپ قېرىنداشلىرىمىزنى، شۇ جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنى ئويلىمىساقمۇ بولماس، مەن كۆپ ئويلاندىم، ئىلگىرىكى ئىشلىرىمىزغا كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ئويلاپ باقمامسىلە، بىزمۇ ئىلگىرى سېرىقتال ياشاپ كەلگەن دېھقان ئىدۇققۇ؟ قاغا جېنىدا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمىغان يەردە بىز ئىنسان تۇرۇپ ئۆز قوۋمىمىزغا قارا سانىساق بولارمۇ؟— دېدى بارات چوڭ ئالدىرىماي سۆزلەپ.

ساۋۇتنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقتىن ئۆشۈكتە قالغاندەك غال- غال تىترەپ، مودۇر - چوقۇر، قارامتۇل چىرايى مۇردىدەكلا تاتىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا بارات چوڭنى قاتتىقراق گەپ بىلەن ئوبدان بىر ئەدەپلەپ قويماقچى بولدى - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ چۇس، جاھىللىقىنى ئويلاپ ئىشنى يوغىنىتىۋالماي دەپ بىرئاز پەسكويغا چۈشتى.

— سىلىنىڭچە بىز ئىشنى دۇرۇس قىلمىغان ئوخشمايمىزمۇ بارات چوڭ؟ قېنى ئېيتىپ بېقىڭلا، بىز قايسىبىر دېھقانغا ئۇرۇق، ئوغۇت، يالتىراقلىرىمىزنى زورلاپ ساتتۇق؟ قايسىبىر دېھقاننىڭ زىرائەتلىرى ئۆنمەي قويدى؟ قايسىبىر دېھقاننىڭ زىرائىتى قۇرۇپ كەتتى؟— ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى، كىمدۇر بىرسىنىڭ كالتە يۆتىلى بىلەن توختاپ قالدى. ئۇ باشقىلار قانداق ئىپادە بىلدۈرەركىن دېگەندەك ئولتۇرغانلارغا بىر- بىرلەپ قاراپ چىقتى.

جۇمە سادىقنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، چىرايى تۇتۇلغانىدى، لېكىن بارات چوڭىنىڭ گېپىگە ئاچچىقى كەلدىمۇ ياكى باجىسىنىڭ گېپى قۇلىقىغا ياقمىدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. نۇسرەتقىز بولسا كىمنىدۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئىپادىسىز ئولتۇراتتى. يېشى 50 لەرگە ئۇلاشقان قارىمۇتۇق، ياغاق يۈز مۆمىن قارىي بولسا ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە ياۋاش كىشى بولغاچقا، ھەر ئىككىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىگەندەك يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى. پەقەت ئەيسا بۇرۇتلا بۇرۇتلىرىنى سىلىغانچە بىرنەرسە دېگۈسى باردەك، ئورا كۆزلىرىنى بىردە ساۋۇتقا، بىردە بارات چوڭغا يۆتكەپ تۇراتتى.

— راست، بىز زورلاپ ساتمىدۇق، ئەمما باشقا جايدىن 150 كويغا سېتىۋالغىلى بولىدىغان ئوربىيانى ئالاھىدە «ئىچكى باھا» دېگەن چىرايلىق قالپاقنى كىيدۈرۈپ 140 كويدىن بەردۇق. لېكىن، قەيەردە ئىشلەنگەنلىكىنى، نەدىن كىرگۈزۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان، سۈپەتسىز، ئۆلچەمسىز، قىممىتى 40 يۈەنگىمۇ يەتمەيدىغان ئاۋۇ لاپاس ئاستىدا دۆۋىلىنىپ ياتقان ئوربىيالارغا ئوخشاشلىرىنىمۇ يانداشتۇرۇپ شۇ باھادا ساتتۇق. «پۇلنى كۈزدە بەرسىمۇ بولىدۇ» دەپ نېسىگە بېرىش يولى بىلەن دېھقانلىرىمىزنى بويىنىدىن باغلىۋالدۇق. پۈتكۈل ئۈمىدىنى ئازغىنە يېرىدىن چىقىدىغان كۈزلۈك ھوسۇلغا باغلاپ، بىر ياز ئېتىزدىن كىرمەيدىغان دېھقاننىڭ تىترەپ تۇرۇپ بەرگەن پۇلىغا مۇشۇنداق ئۆلچەمسىز، ساختا ئوغۇتنى ساتقىلى كۆڭلىمىز ئۇنىدى. ئەلۋەتتە، كۈچسىز ساختا ئوغۇت چېچىلىپ زىرائەتلەرگە زىيان قىلىپ قۇرۇتۇپمۇۋېتەلمىدى ھەم پايدا قىلىپ بولۇقمۇ ئۆستۈرمىدى. ئەپسۇس! زىرائەت قۇرۇمىغان بىلەن دېھقانلىرىمىزنىڭ يانچۇقى قۇرۇدى، يۈرىكى قۇرۇدى. پاتاڭلىرى ئېغىرلىدى. نەچچە يۈز كويلۇقتىن ئوغۇت ئېلىپ چاچسىمۇ ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، زىرائەتلىرىنىڭ ئاينىماسلىقىدىكى ھەقىقىي سىرنى بىلەلمەي، ھوسۇلى كەملەپ كېتىۋاتقان دېھقانلىرىمىز ئوغۇتىمىزدىن گۇمانلىنىپ ھال ئېيتسا، بىرسىگە «دەل ۋاقتىدا چاچماپسىلەر» دەپ، «ئاز چېچىپ قويۇپسىلەر» دەپ، يەنە بىرلىرىگە «ئاپتاپتا چېچىپ قويۇپسىلەر» «سايىدە چېچىپ

قويۇپسىلەر» دەپ، ئەمدۇرگىلى بولىدىغانلىكى قۇرۇق ئىمىزگۈلەرنى ئاغزىغا كەپلەپ تىقىپ قويدۇق. ئەمدى يەنە ئۆز قوۋمىمىزنى — ئاشۇ ساددا، بىچارە دېھقانلىرىمىزنى «نەگە ھەيدىسە شۇ يەرگە ماڭىدىغان قويدەكلا ياۋاش كۆرۈپ» بوزەك قىلىۋەرسەكمۇ بولماس! ئويلاپ كۆرسەم بۇ جاھاندا ھەقىقىي ئەر ئۈچۈن ئۆز قوۋمىنى ئالداش، ئوتقا ئىتتىرىشتىنمۇ ئارتۇق نومۇسسىزلىق يوق ئىكەن،— دېدى بارات چوڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ.

— بارات چوڭ توغرا دەيدۇ مۇدىر، بىز......— ئەيسا بۇرۇت ئەمدىلا ئىغىز ئېچىپ تۇرۇۋىدى، ئۆتى يېرىلاي دەپ قالغان ساۋۇت ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە گەپنىڭ بىلىگە تەپتى.

— بولدى بەس، ماڭا دەرس ئۆتمەن دەپ ئاۋارە بولۇشما! ھەرقايسىڭنىڭ كاللىسى قىزىپ قاپتۇ، نېمە ئۇ نومۇسسىزلىق - يومۇسسىزلىق دېگەن، قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كوپېراتىپ ئۈچۈن، تېگى- تەكتىدىن ھەرقايسىمىزنىڭ جانىجان مەنپەئەتى ئۈچۈنغۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن قويۇن يانچۇقۇڭلىغا نەق - نەق ئانار چېچەكلىرى كىرگەندە گەپ يوق، ئەمدى مەيدەڭلىگە تېپىۋاتامدا؟— ساۋۇتنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى،— مېنىڭ ئارتۇقچە گەپ تالىشىپ ئولتۇرغۇم يوق، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئاۋۇ لاپاس ئاستىدىكى ئوغۇتلارنى ئىلگىرىكىدەك بىر قاتارغا ئۇ خىلدىكىدىن، يەنە بىر قاتارغا بۇ خىلدىكىدىن يانداشتۇرۇپ تىزىپ رەتلەپ چىقىپ، دەرھال قولدىن چىقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار.

يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلىشتىمۇ ھەممە جىمىپ كەتتى. ئەيسا بۇرۇتمۇ موللام مۇشۇكىدەك سالپىيىپ قالدى.

— بولدى بەس، بۈگۈندىن باشلاپ مەن بۇ ئىشتا يوق، سالغان مەبلىغىمنى ھېسابلاپ قايتۇرۇپ بېرىڭلار،— دېدى بارات چوڭ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. تورمۇشتا تۈرلۈك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بۇرۇندىنلا ئايان. بىراق، ساۋۇتنىڭ بۇ قەدەر ئاچ كۆز، ئىنسابسىز، غورۇرسىزلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى،— مېنىڭ نەپسىم ئۈنچىۋالامۇ تويمىغۇر ئەمەس، قولۇمدا تىيىنىنىڭ سۇنۇقى

قالمىغان چاغلاردىمۇ كۆڭلۈم تولا كۈن ئۆتكۈزگەن، قاقتى- سوقتى قىلىپ پۇل تاپمىسامۇ كۈنۈم ئۆتۈۋېرىدۇ.

بارات چوڭ نەپرەتلىك نەزەردە ساۋۇتقا تىكىلىپ بىر قاراپ قويۇپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ساۋۇت بارات چوڭنىڭ بۇنداق قىلىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك، باشتا نېمە دېيىشىنى بىلمەي چەكچىيىپ قاراپ قالدى، ئاندىن قاپقارا چىرايى بىردىنلا قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ، بوغۇلۇپ تىترەپ كەتتى.

## 8

قۇمتاش يىل ئۆرۈلۈپ ماي ئېيى كىرىش بىلەن يېشىل لىباسقا ئورالدى. ئەتراپتىكى باغباراڭلاردىن يېقىنلاپ قالغان يازنىڭ شەپىسى كېلەتتى. سەھەر ئۈپۈقى ئوتقاشتەك قىزىرىپ، مەھەللە - كوي ئاستا - ئاستا يورۇشقا باشلىغان، باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ پىنھانلىرىدا تۈنەپ چىققان قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئەمدىلا باشلانغان چاغ. مەھەللە مەسچىتىدىن يانغان جامائەت ئاخىرقى باھار پەسلىگە خاس ئارامبەخشلىك سالقىن ھاۋادىن ھوزۇرلانغىنىچە گۇڭگۇر-مۇڭگۇر بولۇشۇپ ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىشقانىدى. كەنت كومىتېت قورۇسى ئىچىدىكى سەگەن تېرەكنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان يۇقىرى بېسىملىق كاناي ياڭراپ كەتتى. كانايدىن چىقىۋاتقان مۇزىكا كالتەك ئاتقاندەك غاراڭ- غۇرۇڭ ئاۋاز، شۇنچىلىك يېقىملىق ئاڭلىنىۋاتقان قۇشلارنىڭ نەغمىسىنى يۇتۇپ كەتتى.

— قۇمتاش كەنتىدىكى بارلىق ئەزالار دىققەت! قۇمتاش كەنتىدىكى چوڭ- كىچىك، پىششىق- تولا ھەممەيلەن گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئالدىمىزدىكى ئىككى- ئۈچ كۈن ئىچىدە كەنتىمىزنىڭ قۇشقاچ ئۆۋىسى ياساش ئەھۋالى توغرۇلۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، ھە، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ! شۇڭا ھازىرغىچە قۇشقاچ ئۆۋىسى ياساپ بولالمىغان ئائىلىلەر بۈگۈندىن قالماي، ھە، بۈگۈندىن قالماي، قۇشقاچ ئۆۋىسىنى پۈتكۈزىمىز، ھە پۈتكۈزىمىز......

كۈنـدە دېگـۈدەك ئـاڭلاپ تۇرـدىغان مۇنـداق قوپـال، يېقىمـسىز ئاۋازلارنى بۇ مەھەللىدىكىلەر تولا ئـاڭلاپ كۆنـۈپ قالغـان بولـسا كېـرەك، ھېچكىممۇ ھەيران قالمىدى. پەرۋامۇ قىلماي كېتىۋېرىشتى.

ــ ھـاي، ھـاي جامـائەت كانايغـا قـۇلاق سـېلىڭلار، سـاۋۇت مـۇدىر يوليـورۇق بېرىۋاتـىدۇ، ئـاڭلاپ باقـايلى، قانـداق يېڭـى ئـىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىكىن؟ــ دېـدى مەھەلـلە مەسچىتىگە يېقىـدىن ئىمامىلىققا بەلگىلەنگەن تۇردى قارىي ياغاق يۇزلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە ئۆسۈپ چىققـان ئـۆچكە سـاقىلىنى سـىلاپ تـۇرۇپ. كانايـدىن سـاۋۇتنىڭ ئـاۋازى داۋاملىق چىقىۋاتاتتى:

ــ قۇشـقاچ ئۇۋۇـسىنى تېخنىكلارغـا ياسـاتماي ئـۆزى ياسـىۋالغان، بەلگىلەنـگەن جايغـا ياسـىمىغان پېتـىر قـۇلاقلار ئـاڭلاپ تـۇرۇش! ئـۆزۈڭ بىلگەنـچە ياسـىۋالغان قۇشـقاچ ئۇۋۇلىرىـڭ بىـردەك چېقىـپ تاشـلىنىدۇ، ھە، چېقىپ تاشلىنىدۇ! ھازىرغىچە ئۇيقۇڭنى ئېچىشماي كـۇس ئوسـۇرۇپ يېتىۋاتقـانلار ئۇيقـۇڭنى ئـېچىش، ھە! ئۇيقـۇڭنى ئـېچىش! كەنتىمىزنىـڭ تېخنىك كادىرىنى تېپىپ قۇشقاچ ئۇۋىسىنى قايتىدىن ياستىپ بولـۇش، ھە! ياسـتىپ بولـۇش! كىمكـى بۈگۈنـدىن كېـيىن قالـسا 300 يـۈەن جەرىمـانە تۆلەيـدۇ، ھە! جەرىمـانە تۆلەيـدۇ! مـاۋۇ گەپ گەپ بولـسۇن ـ ھە! گەپ بولسۇن!

ــ قانـداق گەپ بولـۇپ كېتىۋاتـىدۇ ئەمـدى؟ تېخـنىكلار ياسـىماي ئـۆزى ياسـىۋالغان قۇشـقاچ ئـۇۋۇلىرى چېقىلـىدۇ دەيـدا، مىڭبىـر جاپـادا قىلغـان ئەمگىكىمىـز بىكـار بولامـدۇ ئەمـدى؟ تېخنىكلارمـۇ ئـۇۋىنى خـام كېسەكتىن ياسايدىغۇ شۇ، ــ دېدى بىرسى غۇدۇراپ نارازى بولغاندەك.

ــ لـېكىن، ئـۆزۈڭلار ياسـىۋالغان ئۇۋىغـا پـۇل تۆلىمەيـسىلەر، تېخـنىكلار ياسـىغانغا 100 يـۈەن تۆلەيـدىغان گەپ، تېخنىكلارمـۇ پـۇل تاپمىسا بولمايدۇ ـ دە؟ــ دېدى يۇقىرىقى مەھەللىلىك سالى مەزىن تەنە ئارىلاش.

ــ 40 دانە خام كېسەك بىلەن بىر سائەتتىلا پۈتكۈزۈپ بولىدىغان قۇشـقاچ ئۇۋۇـسى ئۈچـۈن 100 يـۈەن ئالامـدىكەن؟ــ ھەيـران بولـۇپ سورىدى يەنە بىرەيلەن.

— شۇنداق بولمايچۇ، خام كېسەك بولغىنى بىلەن رېيىم چۇخەي جىق كاللا قاتۇرۇپ قويغان ئالاھىدە تېخنىكىلىق كېسەك ئۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشقاچ ئۇۋىسىنى كۈندە ياساپ يۈرمىگەندىكىن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا بولمايدۇ- دە!

— ھەي، مۇشۇ قوشقاچ دېگەنمۇ تېخنىك ياسىغان ئۇۋا بىلەن ئۆزىمىز ياسىغان ئۇۋىنى بىلىۋالامدىغاندۇ؟ ئۆزلۈك ياسىۋالغان ئۇۋىغا قوشقاچ ئۇۋىلىمايدۇ دەيدا تېخى!

— نېمىگە شۇنچە تالاشقۇلۇق ئەمدى، تەشكىل نېمە دېسە شۇنى قىلغۇلۇققۇ، ئۇنى ـ بۇنى دېگەنىنىڭ نېمە پايدىسى، چاق دېگەننى چېقىپ، كىمنى بەلگىلىسە شۇنىڭغا ياساتساقلا بولدىغۇ، — دېدى تۇردى ئىمام نەسھەت قىلغاندەك.

— شۇنداق قىلساققۇ تازا بولاتتى ئىمام ئاخۇنۇم، لېكىنزە، كىچىككىنە ئىشقا 100 يۈەن بېرىسەن دېسە بۇ پۇلنى قانداق قىلىمىز؟

ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ بىردەملىك تالاش-تارتىشتىن كېيىن جامائەت تارقىلىپ بىر - بىرلەپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە بىردىن - ئىككىدىن تالا- تۈزگە چىقىشقان قومتاشلىقلار بىر دەرۋازا بېشىغا چىقىۋېلىشىپ ئۇۋا ياساشنى باشلاۋاتقان تۇردى ئىمامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلىشتى، دەرۋازا ئۈستىدە رېيىم چۇخەيمۇ بار ئىدى.

— ۋوي، ھەممىڭلار بۇ يەرگە يىغىلىۋېلىپسىلەرغۇ، ئۆز ئىشلىرىڭلارنى قىلماي، رېيىم تېخنىكنىڭ قولى بىكار بولغۇچە تەييارلىق قىلىپ تەخ بولۇپ تۇرۇشساڭلار بولمامدۇ؟ — دېدى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغان ساۋۇت يىغىلىۋالغانلارغا قاراپ، — بۇ يەردە قوزۇقتەك دىڭگىيىپ تۇرغانغا ئىش پۈتمەيدۇ-دە؟

— ئۇغۇ شۇنداق ساۋۇت سېكرېتار، ئەمدى يانچۇقىمىز سەل بوشراق تۇرىدۇ، شۇڭا رېيىم تېخنىكنىڭكىگە ئوخشىتىپ ئۆزىمىزلا ياسىۋالايلىمىكىن دەپ......

— سېكرېتارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايۋاتامسىلەر؟ بولمايدۇ دېگەندىكىن بولمايدۇ، ئۇۋا ياساشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تېخنىكا تەلىپى بار

دەيمەن، — دېدى رېيىم چوخەي سىرلىقلاشتۇرۇپ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق مۇرەككەپلىكى يوق ئىدى.

— نېمىسى تەس بۇ ئىشنىڭ، كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ قىلىۋېتىمىز بۇنچىلىك ئىشنى، — دېدى تامچى ئۇستامنىڭ كەينىدە ئىشلەپ يۈرگىنىگە خېلى يىللار بولغان تۇرسۇن سوۋاق، — ئۆي سالغاندىنغۇ تەس ئەمەستۇ؟ ئەنە، ئۆزۈڭلىمۇ قولۇڭلىنىڭ ئۇچىدىلا ھاپىلا- شاپىلا پۈتكۈزۈپ، بىر تەرەپتىن ۋەزىپە ئورۇنلىساڭلار، يەنە بىر تەرەپتىن چۆنتىكىڭلارنى ئوڭايلا توملاۋاتىسلەرغۇ، مەن يەنىلا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق قىلىپ ئۆزۈم ياسىۋالاي.

— قەتئىي بولمايدۇ! يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىزنىڭ كەنتنىڭ قۇشقاچ ئۇۋىلىرىنى چوقۇم رېيىم تېخنىك ئۆز قولى بىلەن ياساپ چىقىشى كېرەك. ئۇنداق بولماي تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولۇپ قالسا كىم مەسئۇل بولىدۇ؟! — دېدى ساۋۇت گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى سەزگەن بىرنەچچەيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ھە، بارات چوڭ، سىلىمۇ تېخى تۇتۇش قىلماپسىلەرغۇ ئاداش، سىياسەتنى بىلىپ تۇرۇپ قانداق بولغىنى بۇ ئەمدى؟ — سورىدى ساۋۇت يولنىڭ نېرىقى چېتىدە ئولتۇرۇپ تاماكا ئوراۋاتقان بارات چوڭغا يۈزلىنىپ.

— ياساپ بولدۇم سېكرېتار، خېلى كېلىشتۈرۈپ ياسىدىم، بېرىپ كۆرۈپ باقمامسىز؟ — دېدى باياتىنىنىڭكىياقى گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرغان بارات چوڭ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— مەن كۆرمەيمەنغۇ ئەمىسە؟ قەيەرگە ياسىدىڭلار ئۇۋىنى؟

— ھە، مۇنداق ئىش، ئۆلۈشكۈن يارمۇھەممەت مەھەللە ئارىلاپ كەپتىكەن، ئۇ «قۇشقاچ دېگەن ياۋا جانىۋار، دائىم ئادەم ئۆتۈپ تۇرىدىغان يەردىن ئۈركۈيدۇ، شۇڭا قۇشقاچ ئۇۋىسى دېگەننى كۆزدىن يىراق، ئادەم كۆپ بارمايدىغان جايلارغا ياسىغان ياخشى» دېۋىدى، ئويلاپ كۆرسەم راست، شۇڭا ئۇۋىنى بېغىمىزنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىكى تاشلاندۇق سامانلىقنىڭ ئۈستىگە ياساپ قويدۇم، قېرى ئۈجمىنىڭ

سايىسى ئوبدان چۈشىدىغان ئۆۋا سىلىشقىلا مۇۋاپىق جاي ئۇ.

— نېمە دېدىڭلا؟ قۇشقاچنى ياۋا قۇش دېدىڭلىما؟ كىم دەيدۇ قۇشقاچنى ياۋا دەپ، ياۋا قۇش دېگەن چۆل - جەزىرە، جاڭگاللاردا بولمامدۇ، ھويلىمىزدىكى دەرەخلەرگە قونۇپ، توخۇلىرىمىزدىن دان تالىشىپ، ئەتراپىمىزدا بەھۇزۇر ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قۇشقاچلار قانداقلارچە ياۋا قۇش بولىدۇ؟ قۇرۇق گەپنى قويۇپ، قۇشقاچ ئۇۋىسىنى باشقىلارغا ئوخشاش دەرۋازاڭلارنىڭ بېشىغا، يول تەرەپكە توغرىلاپ دەرھال ياسىتىڭلا.

— قايناپ كەتمەڭلا سېكرېتار، قۇشقاچ دېگەن سىپى ئۆزىدىن ياۋا قۇش. ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرسىمۇ ئۈركۈيدىغان قۇشقاچقا 360 كۈن ئادەملەر غىچىرلىتىپ ئېچىپ - يېپىپ، كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان دەرۋازىنىڭ بېشىغا، يەنە كېلىپ يول تەرەپكە توغرىلاپ ئۇۋا ياساپ بەرسەك قۇشقاچ كىرىپ ئۇۋا تۇتارما؟

— نېمىشقا ئۇۋا تۇتمايدىكەن، قۇشقاچ دېگەن تۆشۈكلا بولسا ئۇۋا ياساۋېرىدۇ، مەن بىلەن تاقارىشماي، دېگەن يەرگە ئۇۋا ياسىتىڭلا، بولامدۇ؟— دېدى ساۋۇت تەئەددى بىلەن. بارات چوڭنىڭ ئاچچىقتىن چىرايى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى.

— بولدى قىلىڭلار، ئارتۇقچە تالاشماڭلا بارات چوڭ، سېكرېتارنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇۋا ياسىماسىلەر، قۇشقاچ ئۆزى كىرمىسە بىز تۇتۇپ سولاپ قويارمىزيا،— دېدى بىرسى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— ياكى بولمىسا ئۇۋا ئەتراپىنى سىم تور بىلەن قاشالاپ، شەھەرگە كىرىپ قۇش بازىرىدىن رەڭلىك قۇشقاچتىن بىرنەچچە جۈپتىن سېتىۋېلىپ كېلىپ سولاپ باقارمىز،— دېدى يەنە بىرسى ھېجايغىنىچە.

— شاتۇتى باقساقمۇ بولامدۇ سېكرېتار؟— سورىدى بىر يىگىت كۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن قىسىپ.

— بولدى، ۋالاقشىشما! كىمنىڭ مازاق قىلىشىسەن- ھە؟! بۇ مېنىڭ ئىشىمما؟ بىلىپ قويۇش، بۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. سىياسىي ۋەزىپە، شۇڭا چوقۇم ۋەزىپىنى ئورۇنلاش لازىم، بولمىسا جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ!— ئوتى ئۆلۈغ كەلگەن قازاندەكلا قايناپ

كەتتى ساۋۇت، — ئاۋۇ باغنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا، ھاجەتخانىنىڭ ئۈستىلىرىگە ياسالغان، ئىزدەپ كىرمىسە كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇۋىلارنى دەرھال چېقىۋېتىش!

— شۇنداق ئەپلىك جايغا مىڭبىر جاپادا ياسىغان قۇشقاچ ئۇۋىسىنى چېقىۋېتەمدۇق؟ بولىدى، مەن ئۇنىمۇ چاقمايمەن، دەرۋازا بېشىغا يەنە بىرنى سالدۇرۇپ قويساملا بولمىدىمۇ، — دېدى قويۇق ئۆسكەن بۇرۇتى قارامتۇل چىرايىغا خوپ ياراشقان، گەۋدىلىك، تەتۇر ئۇستىخان بىر يىگىت.

— «زىيالىي، قىلغان ئىشى خىيالى» دەپ مەن نېمە دەۋاتىمەن، سەن نېمە دەۋاتىسەن ئاداش، ئۇنى چېقىۋەتمىسەڭ قۇشقاچ شۇ يەرگە ئۇۋا ياسىۋېلىپ دەرۋازا بېشىدىكى ئۇۋا قۇرۇق قالامدۇ. يەنە دەپ قوياي، ئۇۋا ئىچىگە ئاز - تولىدىن چاۋار - چاتقال سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قېلىشما، ھەربىر تۆشۈك ئېغىزىغا قۇشقاچ پوقىدىن چېچىپ قويۇش! ئۇۋىغا قۇشقاچ كىرمىسە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكىلى بولمايدىغان گەپ.

— بىزنىڭ مەقسىتىمىز قۇشقاچقا ئۇۋا ياساپ قۇشقاچنىڭ كۆپىيىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىشمۇ ياكى ۋەزىپە ئورۇنلاپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈش ئۈچۈنمۇ؟ مەن چاقمايمەن دېدىم چاقمايمەن، — يىگىتنىڭ ئۆتى تاشقانىدى.

— ھاي بالام، بولىدى ئۇنداق دېمە، سېكرېتار دېگەن كەنتىمىزنىڭ چوڭى، ئۆز كىشىمىز، بىزگە يامانلىق ئويلىمايدۇ، ماڭ بېرىپ سېكرېتارنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىل، — دېدى چىرايىدىن قان تەپچىرەپ تۇرىدىغان، ساقال- بۇرۇتىنى رەتلىك ياسىتىۋالغان، شالاڭ چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، ئېگىز بويلۇق بوۋاي يىگىتنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ. بوۋاي ئەسلىي «شۇ كەمگىچە سېكرېتارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنلەردىن زىيان تارتمىغىنى يوق، ‹ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر ھەر باب بىلەن› دېگەن گەپ بارغۇ دېمەكچى بولۇۋىدى، يەنە بىر كۆتۈلمىگەن ئاۋارىچىلىكنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ «پوقىقا چالما ئاتسا، يۈزگە چاچرايدۇ»

غالىلقىنى ئوبدان بىلەتتى.
تالاش - تارتىش بىرئاز بېسىقىپ، توپلىشىۋالغان كىشىلەر بىردىن، بىرىمدىن ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپتىن قويۇندەك كېلىۋاتقان قارا رەڭلىك بىر ساناتانا تۇردى قارىي ئىمامنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ يولنىڭ چېتىگىرەك توختىدى.
— ھە، ساۋۇت سېكرېتار، سىلىمۇ بۇ يەردەكەنسىلە - دە، كەنت ئىشخانىسىدا بىرمۇ ئادەم يوققۇ؟ — دېدى ماشىنىدىن چۈشكەن دولقۇن سالام - سەھەتنىمۇ ئۇنتۇپ سوغۇق بىر تەرىزدە. كىشىلەر ئۇنىڭ قىش ئاسمىنىدەكلا تۇرۇلگەن، ئاللىقانداقتۇر بىر خىل خاپىلىق ئالامىتى چىقىپلا تۇرغان چىرايىغا قاراپ سەل ھەيران بولۇشتى.
— خوش يېزا باشلىقى، تىنىچ كەپلا، بۈگۈن كەنت كادىرلىرى ھەممىمىز بۆلۈنۈپ، مەھەللىمۇمەھەللە تەكشۈرۈپ، قۇشقاچ ئۇۋىسى ياساپ بولالمىغان قاشاڭلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتىمىز شۇ، لېكىن بەزىبىر قاشاڭ، گەدەنكەشلەر قاش قاڭتۇرۇپ!
— نېمە! قاش قاڭتۇرۇپ؟ قانداق گەپكەن ئۇ قاش قاڭتۇردى دېگەن؟ تېگىدىن ئۆزۈڭلار بوش، كەنتتىكىلەر نېمە ئىش قىلىسىلەر قاش قاڭتۇرغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلماي......
— بىزمۇ شۇ جەرىمانە قويايلى دېيىشكەن، بىراق شۇ يانچۇقىدا پۇلى بولمىغاندىكىن بېزىرىپ تۇرۇۋالسا ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولماسمىكىن دەپ......
— قويۇڭلا ئۇنداق ئوسۇرۇق گېپىڭلىنى، يانچۇقىدا پۇلى بولمىسا ئېغىلىدا مېلى بار، مېلى بولمىسا تېرىيدىغان يېرىغۇ باردۇ؟ مۇشۇنداق قىلىپ يۇرسەڭلا ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلايسىلە، تەكشۈرۈشتىن قانداق ئۆتتۈسىلەر؟ ئايلىنىپ كۆرۈپ باقتىم، خېلى كۆپ ئائىلىلەر تېخى ئۇۋا ياساپ بولالماپتۇ.
— ياساشنىغۇ ياسىغان، لېكىن بەزىلەر دەرۋازا بېشىغا، يول بويى تەرەپكە ياسىماي بېغىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا، ئادەم كۆرمەيدىغان پىنھان جايلارغا ياساپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ پېتىر قۇلاقلار.
— بىز يېغىندا قۇشقاچ ئۇۋىسىنى چوقۇم ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ

دەرۋازا بېشىنىڭ چوڭ يول بويى تەرىپىگە، كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يېرىگە سېلىنىشى، تەكشۈرگىلى كەلگەنلەر پىكاپىدىن چۈشمىسىمۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئوچۇق كۆرەلەيدىغان بولۇشى، ئۈۋىنى چوقۇم بەلگىلەنگەن تېخنىكلار سېلىپ بېرىشى كېرەك دەپ ئېنىق ئورۇنلاشتۇرغانىغۇ، سىلەر چۈشەندۈرمىدىڭلارما؟

— چۈشەندۈرمەمدىغان، كانىيىمىز يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ چۈشەندۈردۇق.

— ھەي، قاراڭلار، بىز سېكرېتار بىلەن ئېيتىشقىنىمىز بىلەن سۇ ئەسلىدە باشتىنلا لاي ئىكەن ئەمەسمۇ، مانا يېزا باشلىقىمۇ ئۈۋىنى يولدا كېتىۋېتىپ بىمالال كۆرگىلى بولىدىغان ئوچۇق - يورۇق يەرگە ياساش كېرەك، چوقۇم بەلگىلىگەن تېخنىكلار ياساش كېرەك دەيدىغۇ ئەنە، رېيىم چۈخەي راستتىنلا چوڭامىلار بىلەن شېرىك ئوخشايدۇ جۇمۇ؟— دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر بىر- بىرىسىگە كۈسۈرلىشىپ.

— ھەممىسىنىڭ گېپى بىر، مەقسىتى شۇ ۋەزىپە ئورۇنلاش، مۇكاپات ئېلىش، رېيىم چۈخەي تاپقان پۇلغا شېرىك بولۇشقۇ تايىنلىق،— دېدى بىرسى پەس ئاۋازدا.

— ھەي، قاراڭلار، بۈگۈن يېزا باشلىقىنىڭ ئەلپازى يامان تۇرىدۇ، ناھىيەنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تەنقىدكە ئۇچرىدىمۇ - نېمە؟

— ھەرقايسىلىرىمىز گەپ بولسا ئوچۇق دېيىشەيلى - ھە، ئوچۇق دېيىشەيلى! ھۆپۈپتەك كۈس ئوسۇرۇشۇپ، گېپىڭلارنى تېشىڭلارغا چىقىرالماي بويۇڭلاردا قالمىسۇن- ھە، بويۇڭلاردا قالمىسۇن!— ساۋۇت بىردە ئەتراپتىكىلەرگە، بىردە ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان يېزا باشلىقىغا قاراپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالماي قالدى.

— بولدى، دەيدىغاننى دەپ بولغاندىكىن تولا ئەزمەڭلىنى ئەزمەي مەن بىلەن مېڭىڭلا، باشقا مەھەللىلەرنىمۇ كۆرۈپ كېلەيلى، بۈگۈن كەچكىچە ئۈۋىنى پۈتكۈزەلمىگەنلەر بىلەن ئەتە ھېساب- كىتاب قىلىشىمىز.

ئۇلار كىملەردىندۇر بىزار بولغاندەك ئېغىر پۇشۇلداشقىنىچە ماشىنىغا چىقىپ مەھەللىنىڭ غەرب تەرىپىگە قاراپ يول ئالدى.

«خۇدا كۆڭلۈڭلەرگە ئىنساب بەرگەي ئىلاھىم، پەيلىڭلارنى يامان قىلمىغايسىلەر، بىزدەك ياۋاش - يۇمشاق بەندىلەرنىڭمۇ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئويلىشىپمۇ باقارسىلەر ئىلاھىم!» دېدى بوۋاي ئىچىدە توپا - چاڭ توزۇتۇپ كەتكەن پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن قارىغانچە غۇدۇراپ.

— ئەزالارنىڭ يېنىدا قاتتىقراق تېگىپ قويدۇم ساۋۇت سېكرېتار، شۇنداق قىلمىساق ھەيۋەڭلا ئاقماي قالىدۇ، سىلىنىڭ گېپىڭلارنى گەپ قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم، — دېدى يېزا باشلىقى يۈزىگە باشقىدىن كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئارقىدا ئولتۇرغان ساۋۇتقا قىيا بۇرۇلۇپ.

— يوقسۇ، يېزا باشلىقى، تازا جايىدا بولدى، ئۇ گەدەنكەشلەرگە ئاز - تولا ئۆزىنى كۆرسىتىپ ھەيۋە قىلىپ قويمىسىمۇ بولمايدۇ دېسىلە.

— خوش، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، مەن ئەسلىي سىلى دېگەن ھېلىقى ياغاچلارنى كۆرۈپ كېلەي دەپ كەلگەن.

— خوش، ئوبدان، ئەمىسە ئالدىمىزدىكى يول ئېغىزىغا بارغاندا سولغا بۇرۇلايلى، — دېدى ساۋۇت نېمىدىندۇر خىجىل بولغاندەك بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، — لېكىنزە مەن تېخى تېرەكلەرگە بەلگە قىلىپ ئۈلگۈرمىگەنىدىم، ھازىرلا بېرىپ ئۆزلىرىگە يارىغانغا بەلگە قىلىپ قويايلى بولمىسا.

— نېمە ئۇ بەلگە قىلىپ قويايلى دېگەن، ياغاچنى ئەتىلا كەسمىسەك بولمايدۇ، مەن سىلىگە دېگەن مۇسا ھاكىم بىلەن توختى مۇدىر ناھىيە بازىرىنىڭ چېتىگىرەك يانداشتۇرۇپ قورۇ - جاي سېلىۋاتىدۇ دەپ، ھازىر ياغاچ چىقارغۇدەك بوپتۇ، ئەتە ياغاچ كېسىدىغانلا كېلىپ ئۆينىڭ ئۆلچىمى بويىچە كەسمەكچى، سىلى ھە-ھۇ دېيىشىپ بېرىڭلا، كېسىپ پارىلاپ بولغاندىن كېيىن ماشىنا كېلىدۇ، سىلى كۈچ تەشكىللەپ بېسىشىپ بەرسەڭلىلا بولىدۇ.

— ھە، توختايلى، توختايلى، مۇشۇ يەر شۇ، — دېدى ساۋۇت گەپنى بۆلۈپ. ماشىنا يولنىڭ چېتىدە توختىدى.

— مانا يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى مۇشۇ تېرەكلەردىن كەسسەك بولىدۇ، — دېدى تەكشى يوغىناپ ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان، تۈپتۈز

كەتكەن يولغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان سۆۋادان تېرەكلەرنى كۆرستتى.

— تازا كېسمگە كەپتۇ مانا، ماڭمۇ ئازراق ياغاچ لازىم جۇمۇ، سەمڭلدە بولسۇن.

— ئوبدان، ئوبدان، ياغاچ دېگەن سىلدىن ئايلانسۇن، ئۇنىمۇ ئەتە كەستۈرۈپ قويامدىم؟

— ياق، ياق. هە راست، ئۆتكەندە قانچە ئائىلگە يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىش پىلانى تۈزگەن ئىدىڭلا؟

— 20 ئائىلگە يېزا باشلىقى، هەربىر ئائىلگە 20 تۈپتىن ياغاچ بېرىمىز دەپ 400 تۈپ ياغاچنى كېسىشكە ئورمان پونكىتىدىن ئىجازەتنامە ئېلىپ تەييار قىلىپ بولغان.

— بىر ئائىلگە 15 تۈپ ياغاچ بەرسەڭلا يېتەمدۇ؟

— يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ يېزا باشلىقى.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا 20 ئائىلگە 15 تۈپتىن هېسابلاپ 300 تۈپنى تارقىتىپ بېرىڭلا، قالغان 100 تۈپنىڭ 40 تۈپى مۇسا هاكىمغا، 40 تۈپى توختى مۇدىرغا بولسۇن، 20 تۈپنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇڭلا. هېساباتىنى ئۆزۈڭلا مۇۋاپىق توغرىلاپ قويارسىلە، مۇشۇنداق قىلساق سىلىنىڭچە......

— مۇشۇنداق قىلايلى، هېساباتىنى «يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ياردەم مەبلىغى» هېساباتىدا چانمىغۇدەك بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك هېچ ئىش چىقمايدۇ، خاتىرجەم بولسىلا يېزا باشلىقى.

— تەۋەيىڭلاردا ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان شەهەرلىكلەردىن يىغىۋالغان «پارچە-پۇرات» پۇللاردىن قانچىلىك بار؟

— ئىككى يىلدىن بېرى يىغىۋالغان پۇل 8000 كويدىن كۆپرەك، تېخى بىر تىيىننى ئىشلىتىپ باقمىدۇق.

— ياخشى، كىيدۇرۇشكە بولىدىغان قالپاقلارنىڭ هەممىسىنى كىيدۇرۇپ، ئالىدىغان پۇلنى يەنە ئازراق كۆپەيتىڭلار، بۇ يىل يىل ئاخىرىدا بىرنەچچىمىز ئىچكىرىگە ساياهەتكە بارماقچى، قاراپ تۇرساڭلىمۇ بولماس.

— چاتاق يوق، يېزا باشلىقى، دېگەنلىرىدەك قىلىمەن.

— سىلىنىڭ شۇ يېرىڭلىنى دەيمەن ئەمەسمۇ؟ ئاددىي ئادەم ئەمەس جۇمۇ سىلى، كىشىنىڭ ئاچقان يېرىگە بارسىلە- دە! ئىشلار شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، چۈش بولايمۇ دەپ قاپتۇ، بىر يەرگە بېرىپ توخۇ شورپىسى ئىچىپ كەلمەيمىزمۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ تۇرغان يېزا باشلىقى، ھويلىدا سىلى ئۈچۈنلا ئاتاپ بېقىپ قويغان ئىككى تال خوراز بار ئىدى، تازا سەمرىدى، غاچ- غۇچلا شۇنى......

— ياق، ياق، بۈگۈن مەن مېھمان قىلىمەن، شۇ تاپتا ئۆيمەھەللىدىكى بىرسىنىڭ ئۆيىدە بىزنى ساقلاۋاتىدۇ، قېنى ماڭايلى ئەمىسە.

## 9

ئاخىرقى كۈز مەزگىلى بولۇشىغا قارىماي، يېزا يولىنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى بۈك- باراقسان دەرەخلەر يېشىل لىباسىنى سېلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ نۇرى دەرەخلەر ئارىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ يول يۈزىدە ئاجايىپ شەكىللەرنى ھاسىل قىلغانىدى. ئاق رەڭلىك «كالا بېشى» ماركىلىق دالا ماشىنىسى بىر خىل رىتىمدا قۇمدۆۋە يېزىسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنىدا شوپۇر ۋە شوپۇرغا ياندىش ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ماشىنا ئەينىكىنى تولۇق چۈشۈرۈپ، يېزىنىڭ يىراقتىن قارىغاندا گويا خوتەننىڭ رەڭدار گىلىمىدەك كۆرۈنىدىغان كۈز مەنزىرىسىگە ھەۋەسلىنىپ قارىغىنىچە نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ كېلىۋاتقان 45 ياشلاردىكى، چوڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئەخمەت ھاكىمدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. تېخى يېقىندىلا بۇ ناھىيەگە ھاكىم بولۇپ سايلانغان بۇ كېلىشكەن كىشىنىڭ قۇمدۆۋە يېزىسى تەۋەسىگە تۇنجى قېتىم ئۆزى يالغۇز قەدەم بېسىشى ئىدى.

— ئاۋۇ ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن كۆل بويىدىكى سۆگەت سايىسىغا

بېرىپ ماشىنىنى توختىتىڭ،ــ دېدى تۇيۇقسىزلا شوپۇرغا قاراپ ھاكىم.
ــ ئۇدۇل قومدۆۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىمىز دېگەنتىلىغۇ؟ــ شوپۇر ماشىنىنى توختىتىۋېتىپ ئەجەبلەنگەنىدەك سورىدى،ــ بۇ مەھەللىدە كۆرۈشۈپ ماڭىدىغان ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بارمۇيا؟
ــ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىمغۇ يوق، كېلىۋېتىپ تۇرۇپلا مۇشۇ مەھەللىنى تەپسىلىيرەك كۆرۈپ باققۇم، ئۇچرىغانلاردىن بەزى مەسىلىلەرنى سوراپ بىلىپ باققۇم كېلىپ قالدى، ئەھۋال راستتىنلا دېھقانلار ئىنكاس قىلغاندەكمۇ - يوق؟ كۆزىتىپ باقمامدىم، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېچىكىپرەك بارساقمۇ بولۇۋېرىدۇ.
ــ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز، شۇڭا سىرتلارغا چىقىپ كېتەرمىكىن دەيمىنا؟
ــ ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇلار چىقىپ كەتسىمۇ ئۇزاققا كەتمەيدۇ، كىم بىلىدۇ، يېقىن ئەتراپلاردا ئۇچرىشىپ قالىمىزمۇ تېخى، سىز مۇشۇ سۆگەت سايىسىدە ئولتۇرۇپ بىلىقىڭىزنى تۇتقاچ ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن مەھەللىلەرنى بىر ئايلاپ كېلەي.
ھاكىم ماشىنىدىن چۈشۈپ تەخمىنەن 200 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، يېزا يولىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن غەربكە قاراپ ئىچكىرىلەپ بارىدىغان مەھەللە يولىغا قايرىلدى. بۇ خېلى بۇرۇنلا يېڭى مەھەللە قۇرۇش پىلانى بويىچە ئېلىنغان يول بولۇپ، ئىلگىرى ئىككى تەرىپىگە بىر- بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ كېسەك ئۆيلەر سېلىنغان كۆجۈم مەھەللە ئىدى. مانا ئەمدى نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىش چاقىرىقىنىڭ تەلىپى بويىچە كۆپ قىسىم كېسەك ئۆيلەر چېقىلىپ، ئورنىغىلا خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ياكى ياغاچ جازا قۇرۇلمىلىق يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆلچەملىك، مۇستەھكەم، ئازادە، يورۇق ئۆيلەر سېلىنغان، ئۇ يەر، بۇ يەردە غېرىبسىنىپ تۇرغان ساناقلىقلا كېسەك ئۆيلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملار خىش بىلەن تۇپتۇز قوپۇرۇلۇپ تۇتاشتۇرۇلغان، يىراقتىن قارىغاندا شۇنچىلىك رەتلىك، چىرايلىق كۆرۈنىدىغان، ئىسمى - جىسمىغا ماس يېڭى مەھەللىگە ئايلانغانىدى. بۇ خىل گۈزەللىك دەسلەپتە ھاكىمنى ئۆزىگە

خېلىلا جەلپ قىلىنىۋالدى. مەھەللىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، شۇنچە ھەشەم - دەرەم بىلەن سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمىغا تېخىچە كىشىلەرنىڭ كۆچۈپ كىرمىگەنلىكىنى، بىرقىسمىنىڭ دەرۋازىسىغا نېمىشقىدۇر يوغان قۇلۇپ سېلىنىپ تاقاپ قويۇلغانلىقىنى، يەنە بىر قىسىم تاملارنىڭ يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرگىنىدە چىرايى بىردىنلا بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇشقا باشلىدى. ئەجەب ئىش، ئۆيلەر مەزمۇت، كۆركەم، يورۇق قىلىپ سېلىنىپ مۇھەت يېڭىلىنىپتۇ، بىر قىسىم ئۆيلەرگە نېمىشقا ئادەم كۆچۈپ كىرمىدى؟ ئۆيلەر نېمىشقا تاقاق تۇرىدۇ؟ قۇرۇلۇش نېمىشقا يېرىم يولدا توختاپ قالدى؟ بىرەر مەسىلە بارمۇ - قانداق؟ ھاكىم تەئەججۇپلۇك خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئەتراپنى كۆزىتىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئالدى تەرەپتە بىر ھويلىنىڭ قەلەي دەرۋازىسى داراڭلاپ ئېچىلدى. 70 — 75 ياشلار چامىسىدىكى، سوزۇنچاق يۈزلىرىنى ھايات قىسمەتلىرىنىڭ يول- يول ئىزنالىرى قاپلىغان بىر بوۋاي ھويلىدىن چىقتى ۋە ئالدىراپ- تېنەپ دەرۋازىنى داراڭلىتىپ ياپتى- دە، يوغان قۇلۇپنى سېلىپ كۈچەپ تارتىپ كۆرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولغاندەك يول تەرەپكە بۇرۇلدى. بوۋاي شالاڭلاشقان چاچ-ساقاللىرىنىڭ قاردەك تۇزۇپ تۇرغانلىقىغا باقماي خېلى تېتىك، بەردەم كۆرۈنەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، تىنچ- ئامان تۇردىلىمۇ؟ ئېتىزلىققا ماڭغان ئوخشىماملا؟ — دېگىنىچە چوڭ- چوڭ قەدەم تاشلاپ ئالدىغا كەلدى ھاكىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك تۇرۇۋاتىمىز ئۇكام، ئۆزلىرىمۇ تىنچ تۇرۇپسىز، شەھەردىن چىققان ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، يېزىنىڭ كۆز مەنزىرىسىنى كۆرۈپ كېلەي دەپ.

— ئوبدان بوپتۇ، ھازىر سەھرا دېگەننىڭ تازا ئوبدان پەيتى، ھە، بىرەر ئۇرۇق- تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ بۇ مەھەللىدە؟ مەن ئىلگىرىلەردە ئەجەب كۆرگەندەك قىلمايمەنغۇ سىزنى؟

— ئۇرۇق - تۇغقانغۇ يوق، كىچىك چاغلىرىمدا كېلىپ باققانچە

ئۇزاق بولدى كېلىپ باقمىغىلى، شۇڭا كۆرمىگەن بولۇشلىرى مۇمكىن، لېكىن مانا ھازىر بىر ئوبدان پاراڭلىشىۋاتىمىزغۇ، بىر كۆرۈشكەن تونۇش، ئىككى كۆرۈشكەن تۇغقان دەپتىكەن، تۇغقان بولۇپ قالساقمۇ ئەجەب ئەمەس. بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلاشساق بولارمۇ؟ ياكى ئىشلىرى ئالدىراشمۇيا؟

— يوقسۇ ئۇكام، ئوچۇق- يورۇق كىشىكەنسىز، مەنمۇ پاراڭ خۇمار ئادەم، قاراڭ ئۇكام، يېزا دېگەننىڭ بايرام- شىنچىسى يوق، تەتىلى ھەم يوق، دېھقاننىڭ ئىشى دېگەن ئۆلگەندە تۈگەيدىغان گەپ، ئالدىرىساقمۇ، ئالدىرىمىساقمۇ يەنىلا ئۆز يولى بىلەن مېڭىۋېرىدۇ. خوش، ئۆيۈمگە باشلاپ ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق بەلەن بولاتتى، بىراق راست گەپنى قىلسام ئۆيۈم سەل بىسەرەمجان، چاي - پاي قۇيغۇدەك شارائىتىم يوق، شۇڭا......

— ھېچقىسى يوق بوۋا، مەقسەت يەپ ئىچىش بولمىغاندىكىن، چاي- پاي دېگەننىڭ كارى چاغلىق، قارىسام يول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇدەك مۇۋاپىق يەرمۇ يوقتەك قىلىدۇ، ئاۋۋال دەرۋازىلىرىنى ئاچسىلا، ھويلىدا ھاۋالىق ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق ياخشى ئەمەسمۇ؟

— بۇ، بۇ...... ئەستا، سەت بولىدىغان بولدى، بولمىسا ئاۋۇ ئالدىمىزدىكى ئۆي ئوتتۇرانچى ئوغلۇمنىڭ ئۆيى شۇ ئۆيگە كىرىپلا......

— بولدى بوۋا، ئۇلارنى بىسەرەمجان قىلمايلى، يەنىلا سىلىنىڭ ھويلىدا پاراڭلاشقىنىمىز تۈزۈك، بولمىسا ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشالماي قالىمىز دەيمەن.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز- ھە، ئۇكام......

— ياقەي، نېمىدەپ ئەيىبكە بۇيرۇغۇدەكمەن، ئارتۇقچە ئويلىنىپ قالمىسىلا، مەنمۇ دېھقان بالىسى ئەمەسمۇ.

دەرۋازا شۇنچە ئاۋايلاپ ئاچقانغا قارىماي ئاجايىپ بىر خىل يېقىمسىز ئېچىلدى.

— نېمانچە قوپال ئېچىلىدۇ بۇ دەرۋازا؟— ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى ھاكىم ھويلىغا قەدەم ئېلىۋېتىپ،— ئوڭشاپ قويسىلا بولمامدۇ؟

— ئوڭشايمەن دەپ خېلى ئېيتىشىپ كۆردۈم ئۇكام، لېكىن ئەرزان

مالىنىڭ شورپىسى يوق دېگەندەك، ئوگشايمەن دېگەنچە تېخىمۇ قوپاللىشىپ كەتتى.

— ئىشلەتكەن قەلەي بەك نېپىزمۇ - قانداق؟ ھامان ياساتقاندىكىن قېلىنراق قەلەيدە ياساتقان بولسىلىمۇ بوپتىكەن؟ — دېدى ھاكىم دەرۋازىغا سىنچىلاپ قارىغاچ.

— نەدىمۇ ئۆزىمىز ياسىتىمىز ئۇكام، كەنت كومىتېتى ھەممە ئائىلىنىڭ دەرۋازىسى ئوخشاش بولۇشى لازىم دەپ بەلگىلىمە چىقاردى دەگە، شۇنىڭ بىلەن كەنت يار - يۆلەك مەبلىغىدىن ھەربىر دەرۋازىغا 1000 يۈەن تولۇقلاپ بېرىدىغان، ئۆزىمىز 1000 يۈەندىن پۇل چىقىرىپ كەنتكە تاپشۇرىدىغان بولدۇق، پۇل تەخ بولغاندىن كېيىن قورۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان يېزا ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ قورۇلۇش ئەترىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، شۇلار بىر تۇتاش ياساتقان دەرۋازىلار بۇ.

— مۇنداق دېسىلە، دېمەك 2000 يۈەنلىك دەرۋازا دېسىلە؟

— شۇنداق، لېكىن 2000 يۈەن پۇلنى قولىمىزغا بەرگەن بولسا ئالامەت پۇختا دەرۋازا ياسىتىۋالغان بولاتتۇق دەگە، بۇ خىل شاكال دەرۋازىنى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 800 يۈەنگە ياساتقىلى بولىدۇ دەيدىغۇ.

ھويلا ئىچىدە خىش، ياغاچ - تاش دېگەندەك ئۇششاق - چۈششەك قورۇلۇش ماتېرىياللىرى قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى، ئولتۇرغۇدەك ئورۇنمۇ يوق ئىدى. ھاكىم نەزەرىنى دەرۋازىغا يانداش سېلىنىپ يېڭىلا پۈتكۈزۈلگەن بىر ئېغىزلىق خىش ئۆيگە، ئۇنىڭغا يانداش يول تەرەپتىكى تېمى ئېگىز قوپۇرۇلۇپ، قالغان ئۈچ تېمى يېرىم قوپۇرۇلغان پېتى توختىتىپ قويۇلغان چالا ئۆيگە، ئۇنىڭ پۈتكەن تېمىغا ئۇلاپلا يول ياقىلىتىپ ئېگىز قوپۇرۇلغان خىش تامنىڭ ئارقىسىدا قېرىپ ھالىدىن كەتكەن، باققۇچىسى يوق دۈمچەك بوۋايدەك غېرىبسىنىپ تۇرغان قىڭغىر - قىيسىق، پاكار كېسەك تاملارغا ئاغدۇرغىنىدا كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. قىزىلمۇچ چاينىۋالغاندەك ئىچى ئېچىشىپ كەتتى.

«بۇ كەنتكە چۈشۈرۈپ بېرىلگەن يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قورۇلۇش ياردەم مەبلىغى ئۆز جايىغا ئەمەلىيلەشمىدىمۇ - قانداق؟ دېگەن خىيال غىل - پاللا كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكەندەك بولدى.

— بۇ ئۆينى تېخىچە پۈتكۈزۈپ بولالمايلىغۇ بوۋا، ماۋۇ كونا تاملارنىمۇ چېقىۋەتمەيلا.

— كىمنىڭ بالدۇرراق پۈتكۈزۈۋالغۇسى يوق دەيسىز ئۇكام، ئىقتىساد كەمچىللىك قىلىپ قېلىۋاتىدۇ، سىز بىلمىسىڭىز كېرەك، كەنتىمىز سۈيى قىس، يېرى ئاز ھەم قۇرغاق نامرات بىر كەنت، شۇڭا بۇ يۇرتتا دېھقانچىلىققا تايىنىپلا باي بولغىلى بولمايدىكەن، يەر تېرىپ قورساقنىغۇ باقتۇق، ئاز - تولا ئېشىنچا ئاشلىقىمىزنى سېتىپ بېرىپ باشقىلارنىمۇ ئاچ قويمىدۇق، باشقىلار قولىمىزنى تۇتسا توپا بولسىمۇ يۇقۇپ تۇرىدۇ، مۇشۇ شور تۇپراققا قانچىلىغان بەردەم يىگىتلىرىمىزنىڭ قان - تەرى سىڭىپ، بىلى يادەك ئېگىلدى، لېكىن قانچە قىلسىمۇ چاپان تېزدىن ئاشمىدى. شۇڭا، بىر قىسىملىرىمىز مۇشۇنداق ئۆيلىرىمىزنى يېڭىلاپ بولالماي ئاۋارە. پارتىيەنىڭ سىياسىتى بەك ياخشى، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن مەبلەغمۇ ئاجرىتىپتۇ، كەنت كادىرلىرىمىز، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى، يەنە ئاز- تولا قولىدا بار بىر قىسىم دېھقانلىرىمىز مەبلەغنىڭ يېرىمىنى دېگۇدەك ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ، ئۆيلىرىنى راۋۇرۇس قىلىپ پۈتكۈزۈۋالدى بولمىسا. ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم مەبلىغىمۇ شۇلارغا ياراشتى،— بوۋاي ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ گېپىنى توختاتتى ۋە ھاكىمنىڭ خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ ھودۇقۇپ قالدى،— ئەستاغپۇرۇللا ما ئىشنى، مەن تەپسىلىي سۈرۈشتۈرمەيلا ئالدىراپ- تېنەپ ئۇنى- بۇنى دەپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ، سىز ناھىيەدىن تەكشۈرۈشكە چىققان باشلىق بولۇپ قالماڭ يەنە؟

— ياقەي، مەن تەكشۈرۈشكە چىققان كادىر ئەمەس، خاتىرجەم بولسىلا، بىر كىم سىلىگە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى چىقىدۇ دېگەنمىدى؟

— ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا كەنت كومىتېتىدا يىغىن ئېچىپ پات ئارىدا ناھىيەدىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى چىقىشى مۇمكىن، يېڭى ئۆينى پۈتكۈزەلمىگەنلەر، كۆچۈپ بولالمىغانلار ھېزى بولۇڭلار، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلگەنلىكىنى ئۇققان ھامان ئىمكانىبار دەرۋازىنى مەھكەم

تاقاپ ئېتىز-ئېرىقلا چىقىپ كېتىشلار دەپ ئويلىغان.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ دېمەك ئۆيىنى پۈتكۈزەلمىگەنلەر، كۆچۈپ بولالمىغانلار خېلى باركەن-دە؟ — سورىدى ھاكىم تەئەججۈپلىنىپ، ئۇ قۇلۇپ سېلىنغان دەرۋازىلارنىڭ سىرىنى بىلگەندەك بولدى.

— بار، خېلى بار. بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ قولىمىز قىسقىراق ئەمەسمۇ.

ھاكىم بوۋاينىڭ مۇشۇ گەپىنى دېگەن چاغدىكى سەممىيلىكىنى، بارغانسېرى غەمكىنلىشىپ كېتىۋاتقان، ئاچچىق ھەسرەتنىڭ ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇرغان پۈرلەشكەن چىرايىدىن سەزگەن بولسا كېرەك، خاتىرىسىنى يانچۇقىغا سېلىپ بوۋاينىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتى. بۇ سەممىي، جاپاكەش بوۋايغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭغا ئەمدى باشقا ئائىلىلىكلەرنى كۆرۈشمۇ بىھاجەتتەك قىلاتتى.

— كەنتىڭلاردىكى بەزىبىر نامۇۋاپىق ئىشلارنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر بىلەمدۇ؟ ئۇلارغا ئىنكاس قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟ — سورىدى ھاكىم ئىچكىرىلەپرەك ئىگىلەش مەقسىتىدە.

— نېمىسىنى دەيسىز، ئىنكاس قىلدۇق، بىر ئەمەس نەچچە قېتىم ۋەكىل ئەۋەتىپ ئىنكاس قىلدۇق. ئۇلارمۇ بۇ ئىشلارنىڭ قائىدە-تۈزۈمگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمامدۇ، ھېس قىلسىمۇ كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتتىن كېچىشكە جۈرئەت قىلالمامدۇ ياكى يۇقىرىنىڭ تەنقىدىدىن قورقامدۇ، ئىشقىلىپ، مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ. بارچە دەردنى يەنىلا بىز دېھقانلار ئىچىمىزگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىدىغان گەپ.

ھاكىم ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ قالدى، بوۋايغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي ۋۇجۇدى تىترەپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. خىيال ئېكرانىدىن «چۈشەندىم، قارىغاندا دېھقانلارنىڭ پىكىر قىلماي سۈكۈتتە تۇرغىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رازى بولغانلىقى ئەمەس ئىكەن؛ يېزا-كەنت ئەمەلدارلىرىغا ئېگىلىپ سالام بەرگىنىمۇ ھۆرمەتلىگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئامالسىزلىقىدىن ئىكەن، ئويلىماپتىمەن» دېگەنلەر تىزىلىپ ئۆتتى. ئۇ يېنىدا بىر بوۋاينىڭ

بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك سۈكۈتكە پاتقانىدى.

— بوۋا، بوۋا! چاپسان بول، ئالمىلىق باغقا بارايلى، كادىرلار توپا ئىتتىرىدىغان تىراكتور بىلەن ئالمىلىرىمىزنى قومۇرۇۋېتىمىز دەيدۇ. ئاتام ئۇنىمىغانتى بىر باشلىق تىللاپ كەتتى، ساقچى چاقىرىمەن دەيدۇ تېخى. ئانام يىغلاپ سىزنى چاقىرىپ كەل دېگەن...... — ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يۈگۈرگەنچە كىرگەن 10 ياشلار ئەتراپىدىكى ئورۇق، قارا قۇمچاق بالىنىڭ بىر تىنىقتىلا چۈگۈلداپ تۈگەتكەن گېپىدىن ئۇلار دەرھال ئېسىگە كېلىپ بىر-بىرىسىگە قاراشقىنىچە بىر دەقىقە تۇرۇپ قېلىشتى. ھاكىم «نېمە گەپ ئەمدى بۇ» دېگەندەك سوئال نەزىرىدە بوۋايغا قارىدى.

— يېزىدىن كادىرلار كەلگەن چېغى، نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا ئالمىلىق، نەشپۈتلۈك، شاپتۇللۇق باغلارنى بۇزۇپ، ئورنىغا بىر تۇتاش چىلانلىق باغ بەرپا قىلىمىز دەپ ئۇقتۇرغان، تېخى بولۇق مېۋىگە كىرگىلى ئىككى يىل بولغان يېڭى كۆچەتلەر ئىدى ئەمەسمۇ، نەچچە يىل جاپاسىنى تارتىپ ئەمدى راھىتىنى كۆرەرمىز دېگەندە...... ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت...... — خورسىنغان ھالدا ساقىلىنى سىلىدى بوۋاي، — ئادەمنى جاق تويدۇرۇۋاتىدىغۇ بۇ يېزىنىڭ يەرلىك سىياسىتى، خاپا بولمايسىز ئۇكام، سىزگە ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم، مەن تېزرەك باغقا باراي، ئوغلۇم ياشلىق قىلىپ ئىش تېرىپ قويمىسۇن.

— جۇرسىلە، مەنمۇ بىرگە بېرىپ زادى نېمە ئىشلىقنى كۆرۈپ باقاي.

ئۇلار يېڭى مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگىرەك توغرا كېلىدىغان، بىر چېتى ئىلگىرىكى كونا مەھەللىگە، يەنە بىر چېتى كەڭ كەتكەن سالا ئېتىزلارغا تۇتىشىدىغان باغۋاراڭلىققا يېتىپ كەلدى. بۇ باغلارنىڭ ئورنى ئىلگىرى مۇشۇ كەنتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك تېرىلغۇ يەرلىرى ئىدى. يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا قۇمدۆۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت بىر يۈرۈش يەرلىك بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ يېزا بويىچە ياڭاقلىق باغ بەرپا قىلغانىدى. ئۈچ يىل ئۆتۈپ ياڭاقلار مېۋىگە كىرگەن چاغدا، نۆۋەتتە جايلاردا ياڭاق كۆلىمى قارىغۇلارچە كېڭەيتىلگەنلىكتىن، جەمئىيەتنىڭ ياڭاققا بولغان

ئىستىمال ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتتى، بازار كاسات دەپ قارىلىپ، ياڭاقلىق باغلار بۇزۇلۇپ، ئورنىغا مانا مۇشۇ ئالما - نەشپۈتلۈك باغ بەرپا قىلىنغانىدى. دېگەندەك ئۆتكەن يىلىلا نەشپۈتلەر بولۇق مېۋىگە كىرىپ بازىرىمۇ خېلى ئىتتىك، باھاسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ، باغۋەنلەرنىڭ قولى ئاز بولسىمۇ پۇل كۆردى. ئەپسۇس، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بېشى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك مانا ئەمدى بۇ باغلارغىمۇ كۆز تەگكەنىدى.

كۆز ئالدىدىكى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ سولىشىپ ياتقان ئالما - نەشپۈت دەرەخلىرىنى، ياۋا توڭگۇز تۇرتۇۋەتكەندەك ئۆڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن يەرلەرنى كۆرگەن ھاكىمنىڭ ئىچى سىيرىلدى. پۈتكۈل ۋۇجۇدى جۇدۇن سوققان ياپراقتەك تىترىدى. پەقەت ئۇ يەر - بۇ يەردە تېخى قومۇرۇپ بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن، يىراقتىن قارىسا پايانسىز دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك - كىچىك ئاراللاردەك كۆرۈنىدىغان باغلار گويا ھاكىمدىن مەدەت تىلەپ ئەرز - ھالىنى ئېيتىۋاتقاندەك مۆڭلىنىپ تۇراتتى.

بۇۋاي بىلەن ھاكىم توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قاپقارا كۆزلىرىدىن غورۇرلۇق يېگىتلەرگە خاس، 35 ياشلاردىكى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى يامغۇر ياغايلا دەپ قالغان ئاسماندەك تۇتۇلغان بىر يىگىت توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا مەھكەم ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتى - يۇ، ئەمما تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن زۇۋان چىقمايتتى.

— قاراڭلار، قاراڭلار، ئەجەب بېشى باغلانمىغان ئەسكى خويلۇق چوڭ بولغان ئاداشكىنا بۇ، ماڭا قارا، بىزمۇ شۇ ھەرقايسىڭنىڭ غېمىنى يەپ، قورسىقى پاتراق تويسىكەن، ئۇچىسى يېلىڭ قالمىسىكەن، قولى پۇل كۆرسىكەن دەپ تىنىم تاپماي شاپاشلاپ يۈرۈۋاتىمىز، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇن تاۋلىق قىلماي ۋاقتىدا باغنى تۈزلەپ چىلان كۆچىتى قويۇۋال، ئۇنداق قىلمىساڭ، ئەتە - ئۆگۈن كەنت كادىرلىرىدىن رەنجىپ يۈرمە، شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي، ئىش

چىڭغا چىققاندا يەر تەشكىلىنىڭ جۇمۇ! بۇنىمۇ بىلىپ قال، ھە!— قولىلىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ پوپوزا قىلىۋاتقان دولقۇن يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى، يېنىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ھاكىمنى كۆرۈپ بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي دۇنياسى بەئەينى قويۇق تۇمان باسقان ئۇرۇمچى ئاسمىنىدەكلا تۇتۇق ئىدى. بىردەملىك گاڭگىراشتىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، كىشىلەر ئارىسىدىن توپتەك قاڭقىپ چىقىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاكىم، بەك سەت ئىش بوپتۇ، كېلىدىغانلىقلىرىنى مۆزەمبىللا ئۇقماي قاپتىمىز، ئالدىلىرىغا چىقالماي قاپتىمىز، خاپا بولمىغايلا، نەچچە كۈنىنىڭياقى چىلانزارلىق بەرپا قىلىمىز دەپ شاپاشلاپ يۈرۈۋاتىمىز. قارىسىلا، مۇشۇنداق بەزى پېتىر قۇلاقلار ئىشلىرىمىزنى ئاقسىتىپمۇ تۇرۇۋاتىدۇ.

ھاكىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋامۇ قىلماي، ھەيرانلىققىمۇ، ئەجەبلىنىشكىمۇ، ئۈمىدسىزلىككىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل تەرىزدە ھاڭۋاقىنىچە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە نەزەر تاشلىدى. بەزىلەر نېمىشقىدۇر ھاكىمنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئېغىزىنى قۇلاققا يېقىشىپ «يېزا باشلىقى ھاكىم دەپ چاقىرىۋاتىدىغۇ؟ ئەجەب بىز كۆرۈپمۇ باقمىغان كىشكىنا؟ يېڭىدىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟» دېيىشىپ كۇسۇرلاشقىلى تۇردى. دېھقانلارنىڭ نەزەرىدە ھاكىم دېگەنلىك ھەممىدىن يۇقىرى تۇرالايدىغان ئالىي ھوقۇقدار ھېسابلىناتتى. لېكىن، بۇ ھاكىم ئانچە سۈرلۈكتەك كۆرۈنمەيتتى. باياتىنىنىڭياقى ئۇقۇشمايلا ھاكىم بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلەشكىنىنى ئويلىغان بوۋاينى تەر باستى، «ئەمدى تۈگىشىپتىمەن- دە، دېمەيدىغان گەپلەرنىمۇ دەپ سالغان بولسام نېمە بولۇپ كېتەرمەن ئەمدى» دېگەنلەر خىيالىدىن كەچكىنىدە بىر خىل قورقۇنچ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى.

— بالام، چاپسان تۇر ئورنۇڭدىن، ھەممىمىز ھۆكۈمەتنىڭ پۇقراسى، تەشكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساق بولامدۇ؟ بەلكىم يۇقىرىنىڭ

سىياسىتى شۇنداقتۇ، ئالمىلىق باغنىڭ ئورنىغا چىلانلىق باغ قىلساقمۇ بولۇۋېرىدۇ، جاھىللىق قىلما ئوغلۇم، — بوۋاي ئوغلىغا نەسىھەت قىلدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى نامۇۋاپىق ئىشلارنى ئۇنتۇپ تەقدىرگە شۈكۈر - قانائەت قىلىشنى ئەۋزەل كۆردى.

— ئاتا سىز ئارىلاشماڭ! تۇرمايمەن دېدىم تۇرمايمەن! تەشكىل، تەشكىل، ئېگىسى يوق تەشكىلمىكەن ئۇ؟

يىگىت كۆزىدىن ئاسانلىقچە ياش چىقمايدۇ، بىراق بۇ قېتىم بۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرى رايىغا باقمىدى، كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ تەسەللىيلىرىمۇ، يالۋۇرۇشلىرىمۇ كار قىلمىدى، ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى.

— بۇ يىل ياڭاقنىڭ باھاسى يۇقىرىراق بولغان بولسا، كېلەر يىلى ھەممىنى قومۇرۇپ تاشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ياڭاق تىكىۋاتقان، ئۈزىمايلا ئالما- نەشپۈتنىڭ باھاسى سەل يۇقىرىلىسا، دەرھال ياڭاقلىقنى بۇزدۇرۇپ قارىقويۇق ئالما- نەشپۈت سالدۇرۇۋاتقان، مانا ئەمدى چىلاننىڭ بازىرى ئىتتىك بولىدىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئالما- نەشپۈتلۈكنى بۇزدۇرۇپ چىلان سالىسەن دەۋاتقان، دېھقان ئىلگىرىكى يىللاردا سېتىۋالغان كۆچەتلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بولدىمۇ - يوق؟ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى سېتىش يوللىرى بارمۇ- يوق؟ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى زادى قانچىلىك؟ دېگەنلەر بىلەن قىلچە كارى يوق، شۇنىڭ بىلەن بانكىدىن ئالغان قەرزنى قايتۇرالماي قەرزگە بوغۇلۇۋاتقان، بىزنىڭ چەككەن جاپالىرىمىز زادى نېمىگە ھېساب؟«غوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن كارى يوق» دېگىنى شۇ بولماي نېمە؟ كېچىسى چۈشىگە نېمە كىرسە ئەتىسى دېھقانلارنى شۇنى قىلىشقا بۇيرۇسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئىلغار بولۇش، مۇكاپات ئېلىشتىن باشقا خىيال يوقمۇ؟ مېنى سولىۋەتسىمۇ ئالمىلىق باغنى بۇزمايمەن!

يىگىت چىڭقىلىپ سۆزلىگەچكە گۇرەن تومۇرلىرى باش بارماقتەك كۆپۈپ چىقتى، يۈزلىرى ھازىرلا قاناپ كېتىدىغاندەك قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتتى.

— بولدى يىگىت، چىڭقالما، ئوغۇل بالىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقسا

بەك سەت تۇرىدۇ، ھازىرچە دېگىنىڭ بويىچە ئالمىلىق باغ بۇزۇلماي تۇرسۇن، ئۇبدان ئىشلەپ، ياخشى پەرۋىش قىل، — دېدى ئەخمەت ھاكىم يىگىتنىڭ مۇرىسىنى قىققىپ تۇرۇپ، ئۇ بۇرۇلۇپ يېزا باشلىقىغا قارىدى.
— ئاۋۇ تېخى قومۇرۇلمىغان باغلار ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسا قانداق؟ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئوبدانراق باش قاتۇرۇپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشەرمىز، — دېدى ھاكىم نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك، — مۇنداق قىلايلى يېزا باشلىقى، يېزىلىق پارتكوم ھەيئەتلىرىگە، ھەرقايسى كەنتنىڭ سېكرېتار، مۇدىرلىرىغا خەۋەر قىلىڭلار، چۈشتىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەتتە يىغىن ئاچىمىز.
— خوش، بولىدۇ ھاكىم، ھازىرلا خەۋەر قىلىمىز، — دېدى دولقۇن ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئەزالارغا يۈزلەندى، — سىلەرمۇ بېرىپ تۇرۇۋەرمەي قايتىڭلار، باشقا ئىشىڭلارنى قىلغاچ تۇرۇڭلار.
— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، چۈشتىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەتتە كۆرۈشەيلى، — دېدى ھاكىم مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ.
— بۇ، بۇ، ھاكىم، چۈشلۈك تاماقنى......؟ — دۇدۇقلىغىنىچە ھاكىمنىڭ ئالدىنى توستى دولقۇن.
— بولدى، ئاۋارە بولماڭلار، تاماققا رەۋەتىم يوق، سىلى بېرىپ يىغىننىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار.
ھاكىم پۈتىنى تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن مەھەللە تەرەپكە ماڭدى. دولقۇننىڭ بېشى قايغاندەك بولدى، جىددىيلەشكەن ۋۇجۇدىدىكى قانلار يامغۇردىن كېيىنكى شىددەتلىك سەلدەك كۆۋەجەپ، ئۆزىنى ئۆزى يالماپ يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.
چۈشتىن كېيىن ھاكىم قوماندۇۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا بالدۇرلا يېتىپ كەلدى. يېزا ئەمەلدارلىرى يىغىن زالى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. قارىماققا ئۇلارنىڭ چىرايى ئىنتايىن سولغۇن كۆرۈنەتتى.
ئۇلار يىغىن زالىغا كىرگەندە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىردىنلا بېسىقىپ،

يېڭىنە چۈشسىمۇ ئاڭلانغۇدەك سىرلىق تىمتاسلىققا چۆمدى. يېزا ئەمەلدارلىرىمۇ كەنت كادىرلىرى قاتارىدا بىرىنچى رەتتىن ئورۇن ئالدى. ھاكىم سەھنىگە ھېچكىمنى چاقىرمىدى. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغانلارغا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن گېپىنى قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى.

— دىققەت قىلايلى، بەلكىم ئولتۇرغان ھەممەيلەن مېنى تونۇيدىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرمىساممۇ بولار. ئەسلىدە مەن بۈگۈن يېقىندا ئامما ئىنكاس قىلغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەھۋال ئىگىلەپ باقاي دەپ كەلگەن، يىغىن ئېچىش پىلانىممۇ يوق ئىدى. ئەھۋال ئىگىلەش جەريانىدا يولۇققان ئەمەلىي بىر مەسىلە مېنى دەرھال يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۆزئارا پىكىرلەشكەچ بۇ مەسىلىنى ئورتاق ھەل قىلىۋېتەيلى دەپ سىلەرنى يىغدۇق. ئالدى بىلەن مەن يېزا باشلىقىدىن سوراپ باقاي، تەۋەيىڭلاردىكى ئەمدىلا بولۇققا كىرگەن ئالما-نەشپۈتلۈك باغنى بۇزۇپ، چىلانزارلىق بەرپا قىلىش مەسىلىسىنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىپ پارتكومنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزگەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە قاراردىن ئۆتكۈزىمىز - دە، ھاكىم، ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ قىلىۋاتقان ئىش دېسىلە، — پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى يېزا باشلىقى.

— خوش، كەنت كادىرلىرىنىڭ، بېغى كۆپرەك دېھقانلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ كۆردۈڭلارمۇ؟

— بىر قىسىم كەنت كادىرلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ پىكرىنى ئالغان، ئۇلارمۇ مۇشۇنداق قىلسا تازا مۇۋاپىق بولىدۇ دېيىشكەنىدى، — دېدى ئۇ ئەتراپىدا ئولتۇرغان كەنت كادىرلىرىغا «گۇۋاھ بولۇڭلار» دېگەندەك قاراپ. ئىلگىرى نېمىلا دېسە لەببەي دەپ ئاغزىغا قارايدىغان بۇ بايقۇشلار ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— مۇشۇنداق قىلىشنىڭ تۈپ سەۋەبى زادى نېمە؟

— ئەلۋەتتە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش - دە، — دېدى دولقۇن سەل دۇدۇقلاپ.

هاكىم ئالدىدىكى مىنېرال سۇ شىشىسىنىڭ ئاغزىنى ئالدىرىماي ئېچىپ ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— راست، سىلەرنىڭ بىردىنبىر باھانەڭلەر ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى چىقمىدى، باھاسى تۆۋەن بولدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بولمىدى، شۇڭا قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتمىسەك بولمايدۇ دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ لېكىن مەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كۆردۈم، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئۇ يەردە ئەمەسكەن يولداشلار، ئەلۋەتتە ھەممىمىزگە ئايان، دېھقانلىرىمىز ساددا، كۆپلىرى جاھان كېزىپ كۆرمىگەن، شۇنداق بولغاندىكىن ئالما ـ نەشپۈتلىرىگە، چىلانلىرىغا بازار تاپالمايدۇ. بىز كادىرلارچۇ، ئۇلارغا قارىغاندا كۆپ جاھان كۆردۇق، ھەر يىلى ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئېكىسكۇرسىيەگە بېرىۋاتىمىز، ۋاقتىدا ئۇچۇر ئىگىلەپ دېھقانلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىسۇن دەپ ئۇچۇر قۇرۇلۇشىغىمۇ سالغان مەبلىغىمىز ئاز ئەمەس، لېكىن بىز ئۇلارنى ئۇچۇر بىلەن قانچىلىك تەمىنلىدۇق؟ مېۋىچىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈپ، تېخنىكىلىق پەرۋىشنى ياخشىلاپ، ئۇچۇر، ئالاقە ۋە سىياسەت جەھەتتىن قوللاپ، مەھسۇلاتنىڭ سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى غول كەسپكە ئايلاندۇرىمىز دەپ كۈچىمىزنىڭ بارىچە توۋلىدۇق. ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلالىدۇقمۇ؟ ياق! ئەمەلىيەتتە، بىر يىل ئۇنىڭ بازىرى كاسات، يەنە بىر يىل بۇنىڭ باھاسى تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ، دېگەندەك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، ئەمەلىي ئىزدىنىپ، دېھقان ئۈچۈن كۆيۈنۈپ، قول تىقىپ ئىشلىمىدۇق! بىزنىڭ كۆلەملەشتۈرىمىز دېگىنىمىز شۇما؟! مۇشۇنداق بەزى تەرەپلەرنىڭ دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىكتىن سوۋۇپ كېتىشىگە تەسىرى بولمايدۇ دەپ كىم دېيەلەيدۇ؟! — بىر قىسىملار ئاغزىنى كاماردەك ئاچقىنىچە قاراپ ئولتۇرسا، يەنە بىر قىسىملارنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى، — بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ سەگەك ئولتۇرايلى يولداشلار، ھەممىمىزگە ئايان، يۇقىرىنىڭ سىياسىتى ئوچۇق، ھەممىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. لېكىن، تۆۋەنگە كەلگەندە نېمە ئۈچۈن ئەمەلىيلەشمىكى تەس؟ نېمىشقا جانلىق تەتبىقلىمايمىز؟ دېھقانلىرىمىز

كۆڭلىگە پۈككەن پىلانىنى نېمىشقا ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ؟ راست، شەرت- شارائىت مەسىلىسىمۇ بار، ئەمما ھەممىمىز ئورتاق باش قاتۇرۇپ چارە- ئامال قىلساقلا شارائىتمۇ بىزگە باقىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇھىمى مۇشۇ ئولتۇرغانلىرىمىز دېھقانلارنى قانداق يېتەكلەشتە، ئۇلارغا قانداق مۇلازىمەت قىلىشتا. بىز كومپارتىيەنىڭ سادىق ئەزالىرى ئىكەنمىز، بارلىقىمىزنى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەرپ قىلىشىمىز لازىم. قاتتىقراق كەتسىمۇ دەپ قوياي، ھۆكۈمەت بىزگە لۆملۆم سافادا غادىيىپ ئولتۇرۇپ بۇيرۇق سوقسۇن، ئېسىل پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كۆز- كۆز قىلسۇن دەپ ئەمەل بەرمىگەن، بىز زادى كىمگە باشلىق، مەجبۇرىيىتىمىز نېمە؟ تۇماقنى ئالدىمىزغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم. مەن يېقىندىن بېرى ھەرقايسى يېزىلار يوللىغان خىزمەت دوكلاتىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم، دوكلاتتا دېيىلگىنى بىلەن ئەمەلىيەتنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق زەي سالماي ئاتقان پولىرىڭلار مانا مەن دەپلا ئاشكارا بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىقلىرىمىز بىلەن دېھقانلارغا سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى قانداق تونۇتىمىز؟ خەلق بىزگە ئىشىنەمدۇ؟ مەن ئەھۋال ئىگىلەپ كۆردۈم، شۇنداق بىر قىسمىلىرىمىز بار ئىكەنمىز، دېھقاننىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇلارغا، «مەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىۋاتىمەن» دەپ، تېخىمۇ ئېغىرىنى سېلىۋالىدىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم كەنت ئەمەلدارلىرىغا قاراپ باقايلى، ئۇلار كوللېكتىپنىڭ پۇلىدىن مائاش ئالىدۇ، تەمنات يېرى دەپ ئەڭ ياخشى يەردىن ئالىدۇ، تېخى بەزىلەر بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا نورمىدىن ئارتۇق ئىگىلىۋالىدۇ، ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى دېھقانلارغا ھەقسىز قىلدۇرىدۇ، مانا بۇ قانداق قىلمىش؟! سېپى ئۆزىدىن چىرىكلىك! بىزگە بۇنداق كادىرلار كېرەك ئەمەس! مەن يەنە بىر مۇھىم مەسىلىنى ئەسكەرتىپ قوياي، بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرى ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ، ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن تولۇقلاپ بېرىلگەن بوغداي قوشۇمچە ياردىمىنىڭ ھەققىي ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى، كەنتلەردە ئولتۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرىدىن يىغىلغان ھاشار پۇلىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ ئېنىق

بولمىغانلىقىنى، شەھەر ئاھالىلىرى سالغان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دېھقانلار قاتارىدا يۇقىرىدىن بەرگەن تولۇقلىما پۇل، كەنت كومىتېتىدىن بېرىلىدىغان ياغاچ، سېمونت قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ نامىغا يېزىلىپ چىقىم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قولىغا تارقىتىلمىغانلىقىنى، بۇ مەبلەغلەرنىڭ زادى نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى، يۇقىرىنىڭ كۈچ تەشكىللەپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار گۇمانلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشىنى تەلەپ قىلغان. مېنىڭ قارىشىمچىمۇ بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. كونىلاردا «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دەيدىغان گەپ بار. مەن قايتقاندىن كېيىن ناھىيەنىڭ ھاكىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا جىددىي يىغىن ئېچىپ، يارامىلىق خادىملاردىن كۈچ تەشكىللەپ، يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى دەرھال ئېنىقلاپ چىقىش تەكلىپىنى بەرمەكچىمەن. ئاخىرىدا مەن قۇمدۆۋە يېزىلىق پارتكومىنىڭ بۇ قېتىمقى ئالما- نەشپۈتلۈك باغلارنى بۇزۇپ، ئورنىغا چىلانزارلىق بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىجرا قىلماي تۇرۇشىنى، قومۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن باغلارنى ساقلاپ قېلىش، قومۇرۇپ بولۇنغان باغلارنىڭ ئىگىسىگە مۇۋاپىق مىقداردا تۆلەم بېرىش تەكلىپىنى بېرىمەن، گېپىم تۈگىدى. باشقىلارنىڭ يەنە قانداق پىكىر - تەلەپلىرى، كۆزقاراشلىرى بار، مۇشۇ يىغىن مەيدانىدا ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويساق بولىدۇ.

ئولتۇرغانلاردىن ئېغىر- ئېغىر پۇشۇلداپ تىنىشلاردىن باشقا سادا چىقمىدى. شۇ تاپتا كىملەرنىڭدۇر بېشىغا پىت چۈشۈپ، چىۋىن يېۋالغاندەك بىئارام بولۇۋاتسا، كىملەرنىڭدۇر يۈرەكلىرى خۇشاللىقتىن تىپىرلاۋاتاتتى.

يىغىن تۈگىدى، ھاكىم ھېچكىمگىمۇ قارىماي گۈس - گۈس دەسسەپ چىقىپ كەتتى. بۇ ھال مىختەك قادىلىپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قاققان قوزۇقتەك مىدىر- سىدىر قىلماي جايىدا ئولتۇرغان دولقۇننىڭ يۈرىكىگە دەسسەپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەكلا بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ بېشىنى كۆتۈرگىنىدە ئارقىسىدىكى ئورۇندا گويا يىلى

چىقىپ كەتكەن تۇپتەك ماكچىيىپ ئولتۇرغان ساۋۇت ساختا تىخىچە ئېسىنى يىغالماي ئولتۇراتتى.

## 10

20 كۈندىن بېرى قۇمدۆۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى سىرلىق ئوردىغا ئوخشاپ قالدى. كىرىپ چىقىدىغانلارمۇ ناھايىتى سىرلىق كۆرۈنىدىغان، ئارتۇقچە پاراڭ قىلىشمايدىغان، سۆزلەشسىمۇ پەس ئاۋازدا، ئەتراپىغا تازا قارىۋېتىپ قانداقتۇر بىر تەشۋىش بىلەن قۇلاققا ئېغىزنى يېقىشىپ سۆزلىشىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسى تەشكىللىگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دولقۇن ۋە ئۇنىڭ غوللۇق گۇماشتىلىرىنىڭ بىرى بولغان ساۋۇت قاتارلىقلارنى خىزمىتىدىن توختىتىپ تەكشۈرۈۋاتاتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدا يىلانىنىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدىغان «تۆت دوقمۇش دائىمىي ھەيئەتلىرى»نىڭ ئېغىزىدا ھەر خىل پاراڭلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن تارقالغان بىر قىسىم خەۋەرلەر ئۇزاق ئۆتمەيلا راستقا ئايلىنىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالاتتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، دولقۇننى تۈرمىگە سولىغۇدەك،— دېدى سەپكۈن يۈز، بەكرى پاناق ئەتراپتىكىلەرگە.

— ئەتىگەندە ئېغىزىڭنى ئۇششۇتمىسەڭچۇ چىرايلىق، ئۇنچىۋالامۇ ئەمەستۇ؟— دېدى تۇردى تۆرۈپ قارىي ئىمام تەئەججۈپلەنگەن ھالدا،— بەك بولسا ئەمىلىنى ئېلىۋېتەر شۇ.

— راست دەيمەن، ھېلىقى ساۋۇت دېگەنمۇ نامەرد نەرسىكەن، بار پوقىنىڭ ھەممىسىنى بېزا باشلىقىغا ئارتىپ قويۇپتۇدەك. نەچچە يۈز مىڭ يۈەننى يەپ كېتىپتۇ دېگەن كىچىك گەپ ئەمەستە، راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا تۈرمىدە يېتىشىدا گەپ يوق.

— خوپ بوپتۇ، قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ ئاچ كۆزنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ كەلگەنىدىكىن، شەيتانغا نوقتا سالىدىغان ئادەم ئۇ ساۋۇت دېگەن.

— يۇقىرى- تۆۋەندىكى ئىنىز- بۇرۇن يالىشىپ ئۆتىدىغانلار قاراپ تۇرماس، يېگەندە تەڭ يېگەندىكىن.

— نېمىسىنى دەيسەن، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشالماپتىمىش، ئۇي تېلېفونلىرىنى توختىتىپ، يانفونلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۆزىنى كۆزدىن نېرى قىلغان گەپ.

— شۇنداق جاھان بۇ، بىرسىنىڭ قىلغىنى بىرسىدە قالمايدىغان.

......

مۇشۇ پاراڭلار بولۇنۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، دولقۇن، ساۋۇتلارغا تەشكىلنىڭ چارە كۆرۈشنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ قايتىپ كەتتى. ئىشنىڭ نەتىجىسى ئىلگىرىكى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى يارمۇھەممەت مۇۋەققەت يېزا باشلىقى دەپ ئېلان قىلىندى.

دېھقان دېگەن ئاجايىپ بولىدۇ، ئۇنىڭ گېپىنىمۇ، بۇنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلاپ قويىدۇ، لېكىن خىيالىدا ئۆزىنىڭ قاياشى بويىچە يەكۈن چىقىرىدۇ. يارمۇھەممەت مۇۋەققەت يېزا باشلىقى بولۇۋىدى، كۆپىنچە كىشىلەر «تازا جايىنى تېپىپتۇ، كۆڭلىمىزدىكىدەك ئىش بولدى» دەپ خۇش بولسا، يەنە بىر قىسىملار «كىم بىلىدۇ باش بولۇۋېلىپلا خۇي چىقىرىپ، ئىلگىرىكىلەردىنمۇ بەتتەر ئۇسكەك، تەپكەك بولۇپ كېتەمدۇ تېخى! ‹ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە› دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟» دەپ شۈبھىلىنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر يېزىغا باشلىق بولماقنىڭ بىر چوڭ شەھەرگە باشلىق بولماقتىنمۇ تەسلىكىنى ھېس قىلالمايتتى. ئەنئەنىۋى كۆز قارىشى كۈچلۈك، ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان قۇمدۆۋە دېھقانلىرىنىڭ كۆپرەك ئويلايدىغىنى يەر، سۇ، ئاشلىق، يەنى يەر، سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۆپرەك ئاشلىققا ئېرىشىش، قورساقنى توق، كىيىمنى پۈتۈن قىلىش. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تەكىتلەۋاتقىنىمۇ، ئەھمىيەت بېرىۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇ مەسىلە. مۇشۇ كۈنلەردە بارچىنىڭ كۆزى يېڭى باشلىقنىڭ ئىشنى قانداق باشلايدىغانلىقىدا ئىدى.

# ھېكايىلەر

# كېسەل

## 1

مەن ئارامخۇدا دەم ئېلىپ ئوبدانراق داۋالىنارمەن دەپ ئويلاپ، مېنىڭ تەسلىكتە ئايرىم ياتاق ھەل قىلغانىدىم.

بالنىستقا قوبۇل قىلىنغان بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە ياتاقتا كىرىپ چىدىغۇسىز سېسىق پۇراقتىن كۆڭلۈم ئېلىشقاندەك بولدى - دە، خۇددى كامىرنىڭ روجىكىدەك ئورۇس مىختا مىخلاپ ئېتىۋېتىلگەن دېرىزىنى بىر ئامالىنى قىلىپ ئېچىۋەتمەكچى بولۇپ ھەپىلىشىپ تۇرغىنىمدا، ئورۇق، ئىنچىكە بويىغا كۆك رەڭلىك «خىزمەت» كىيىمى، سوزۇنچاق يۈزىگە كىرلىشىپ كەتكەن ماسكا تاقىۋالغان تازىلىقچى چوكان بىر قولىدا پول سۈرتكۈچ، بىر قولىدا چېلەك، لوڭگە كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— ھوي، ئاق تۇماق غوجام، نېمە قىلىۋاتىلا دېرىزىنى تاراقشىتىپ. ئەينەك سۇنۇپ كەتسە پالانى پۇل جۇمۇ، ئۆتسلە بۇياققا، تىنچ يېتىپ كېسەللىرىنى داۋالاتسىلا،— دېدى ئۇ چۈجە خورازنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چىرقىراق ئاۋازدا گەپ قىلىپ.

تازىلىقچىنىڭ قوپال سۆزلىرى قۇلىقىمغا خۇددى مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئاچچىقىمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تازا بىر دەككىسىنى بەرمەكچى بولۇپ ئېغىزلىرىمنى ئۆمەللىدىم - يۇ، لېكىن ئاچچىقلانسام كېسىلىمگە پايدىسىزلىقىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى زورىغا باستىم ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاۋازىمنى سىلىقلاشتۇرۇپ:

— كايىماڭ سىڭلىم، دېرىزىنى بىردەم ئېچىۋېتىپ ياتاقنىڭ

ھاۋاسىنى ئالماشتۇراي دېگەنىدىم، — دېدىم.

— دېرىزىنى ئاچقىلى بولمايدۇ غوجام، ئېچىۋەتكەن بىلەن ياتاققا بىردەمدىلا ئىس - تۈتەك، چاڭ - تozانلار كىرىپ تېخىمۇ مەينەتلەشتۈرۈۋەتسە قانداق بولىدۇ، ھازىرقى مەينەتچىلىكنىمۇ تازىلاپ بولالماي تۇرغاندا، ماڭا ئارتۇقچە ئىش تېپىپ بەرمىسىلە غوجام! — دېدى تازىلىقچى نارازى بولغاندەك تۈمشۇقلىرىنى قاغىنىڭ تۈمشۇقىدەك ئۇچلاپ.

— قاراڭ سىڭلىم، بۇ ياتاق سېسىق پۇرايدىكەن، بىر ئامالىنى قىلىپ...... — گېپىم تېخى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە تازىلىقچىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

— ھوي غوجام، بۇ سىلىنىڭ ئەتىر، ئەنبەر پۇراپ ۋاللىداپ تۇرىدىغان ئايۋان - سارايلىرى، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان ھويلىلىرىدىكى گۈلزارلىق ئەمەس، كېسەلخانا، كېسەلخانا دېگەن مۇشۇنداق ئىسپىرت، دورا، كېسەل پۇرايدىغان جاي، ئوھۇشتە......

تازىلىقچى خۇددى كۆچلۈك ئوتتا قايناۋاتقان چۆگۈندەك پورۇقلاپ قاينىغىنىچە ياتاقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى چالا - بۇلا سۈرتۈپ قويۇپ غازىنىڭكىدەكلا ئۇزۇن بويىنىنى شاپتۇل قىقىپ، تازىلىق سايمانلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېتىپلا قالدىم، شۇ تاپتا كۆڭلۈم چىۋىن يېۋالغاندەك بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئەمما، يەنىلا كۆڭلۈمدە «بولدىلا، ئاچچىق يۇتۇپ نېمە قىلاي، راست بۇ دوختۇرخانا ئەمەسمۇ، كېلىپ - كېتىدىغانلار كۆپ، ئىسپىرت، دورا پۇراقلىرىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ - دە» دەپ ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم ۋە ئاستا بىرىپ كارىۋاتقا يانپاشلىدىم. تازىلىقچىنىڭ قوپاللىقلىرىنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەي دەپ ئامالنىڭ بارىچە باشقا ئىشلارنى خىيال قىلىپ باقتىم، لېكىن زېھنىمنى زادىلا يىغالمىدىم، كاللامدا يەنىلا تازىلىقچىنىڭ گەپلىرى ئەگىپ يۈرەتتى. تووۋا قىلدىم، كاللىسىنىڭ ئاز - تولا دەردى بارمۇ نېمە ئۇ چوكاننىڭ، ھېچ گەپتىن گەپ يوقلا قايناپ كەتتا، يا مەن بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويدۇممۇ - قانداق؟ — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە غۇدۇراپ.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا ياتاق ئىشكى جالداقلاپ ئېچىلىپ مېنى چۆچۈتۈۋەتتى، بەلكىم «تازىلىقچى چوكان يەنە كىرگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ ئاستا يانغا ئۆرۈلۈۋالدىم.

— هوي ئادەم، بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئوڭدىلىرىغا تۇز يېتىپ بىلەكلىرىنى چىقارسىلا، قان بېسىملىرىنى ئۆلچەيمەن، — دېدى كىرگەن قىز.

ئۇنىڭ قوپال ئاۋازىدىن تونۇدۇم، ئۇ ئەتىگەن ياتاق رەسمىيىتىنى بېجىرگەن چاغدا «نېمە ئىشلىرى بولسا ماڭا ئېيتسىلا، مۇرات دوختۇر سىلىگە قاراشقا مېنى بېكىتىپتۇ، ئىسمىم مېھرىبانگۈل» دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرغان، چىرايلىق، ئەمما كۆزلىرىدىن ئىسمىغا زادىلا ماس كەلمەيدىغان بىر خىل سوغۇق نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، زىلۋا بويلۇق، سېستىرا قىز مېھرىبان ئىدى.

ئاستا ئۆرۈلۈپ ئوڭدامچە بولدۇم، مېھرىبان بويىندا تىڭشىغۇچ، قولىدا قان بېسىم ئۆلچىگۈچنى تۇتقىنىچە جان قايغۇسىدا ياتقان قويغا پىچىقنى تەڭلەپ تۇرغان قاسساپتەك بېشىمدا دېۋەيلەپ تۇراتتى. تۇرقىغا قارىسىغۇ خېلى ئۇز خېنىمكەن، لېكىن گەپ - سۆزىدە...... هەي، ياشلارغا نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ مۇشۇ كۈنلەردە، «ئاكا» ياكى «تاغا» دەپ چاقىرسا ئاغزى مايماق كەتمەس ئىدى، دېگەنلەرنى خىيال قىلىدىم سول بىلىكىمنىڭ يېڭىنى تۈرگەچ. قىلىنىراق كىيىنىۋالغاچقا خېلى هەپىلەشىپمۇ بىلىكىمنى يەڭدىن چىقىرىپ بولالمايۋاتاتتىم.

— مىسلىدىماي بولماملا تېزرەك، مەن ئالدىراش، نەچچە يۈز ئاغرىق ماڭا قاراپ تۇرىدۇ شۇتاپتا، — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن.

مەن ئاران دېگەندە بىلىكىمنى چىقىرىۋىدىم ئۇ يەنە رازى بولمىدى.

— يەڭلىرى بىلەكلىرىنى بۇنداق چىڭ بوغۇپ تۇرسا توغرا ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، ماۋۇ توقامدەك چاپان - چارا، مايكا - پايكىلىرىنىڭ بارىنى سالسىلا، — دېدى ماڭا تەتۈر قاراپ.

— سىڭلىم، ئۆيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەكلا تۆۋەنكەن، هەممىنىلا سېلىۋەتسەم زۇكام تېگىپ قالارمىكىن، — گېپىم تېخى تۈگەي - تۈگىمەي ئۇنىڭ ئاغزىدىن قار - مۇزلار چاچراپ چىقتى.

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم سىلى، بىردەملىككە توڭلاپ ئۆلۈپ قالامتىلە، سالسىلا دېگەندىكىن سالماملا تېز، ئوھۇشتە!

ئىلاجسىز چاپان، مايكىلىرىمنى سالدىم، جالاقلاپ تىترەپ تۇرغىنىمغا قارىماي قان بېسىم ئۆلچىگۈچنى بىلىكىمگە ئالدىرىماي تېڭىپ بىرقانچە قېتىم ئۆلچىدى، ئاخىرقى قېتىم ئۆلچەپ بولۇپ بىلىكىمگە تېڭىلغان ئۆلچىگۈچنى قوپاللىق بىلەن تارتقۇچلاپ يەشتى ۋە:

— قانداق ئادەم سىلى، قان بېسىملىرى شۇنچە ئۆرلەپ كەتكۈچە دوختۇرغا كۆرۈنمەي نېمش قىلىلا؟ سىلىگە جان لازىم ئەمەسمۇيا؟ — دېگىنىچە قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى دەپمۇ بەرمەي بىرسى قوغلىغاندەكلا تېز - تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

شۇتاپتا كېسەللىك ئازابىمۇ ماڭا يېتىپ ئاشقۇچە ئىدى، ئارتۇقچە قوپاللىق، سېسىق گەپنى كۆتۈرگۈچىلىكىم يوق ئىدى. بېشىم پىررىدە قايغاندەك بولۇپ ئەسلىگە كېلىشكە ئۈلگۈرمەيلا، ماڭا مەسئۇل بولغان مۇرات دوختۇر بىرقانچە دوختۇر، سېستىرالارنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— قېنى ئوڭدىچە بولۇپ تۈز يېتىپ ماڭا ماسلىشىپ بەرسىلە، تەپسىلىي بىر تەكشۈرۈپ باقاي، — دېدى ئۇ تىڭشىغۇچنى قۇلىقىغا قىستۇرغاچ.

— مېنى ئۇيانغا ئۆرۈپ، بۇيانغا ئۆرۈپ، بىردەم تومۇرۇمنى تۇتۇپ، بىردەم يۈرىكىمنىڭ ھەرىكىتىنى تىڭشاپ، بىردەم ئۇيەر - بۇ يېرىمگە يېنىك ئۇرۇپ بېقىپ تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن، نېمىشقىدۇر قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ جىددىي تۈسكە كىردى ۋە:

— قارىغاندا ئانچە - مۇنچە سېمىز گۆش يەپ تۇرىدىغان ئوخشىماملا، — دېدى كۆزلىرىمگە تىكىلىپ.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ دوختۇر، مۇشۇنداق كەمچىلىك جاھاندا گۆش يېمەيدىغان كىم بار دەيسىز؟ تىرىك جان بولغاندىكىن ئانچە - مۇنچىلا ئەمەس خېلى ئوبدانلا يەپ تۇردۇق شۇ، — دېدىمەن.

— يېقىنىنڭياقى ھاراق - شارابمۇ ئىچكەنمىتىلە؟ — سورىدى دوختۇر يەنە قولىدىكى كېسەللىك ئەھۋالى خاتىرىسىگە بىرنەرسىلەرنى

يازغاچ.

— يېقىنىنىڭ بىرىسى ئەمەس، ئون نەچچە يىلنىڭ بىرىسى ئىچىپ كەلدىم دەڭا بۇ ھاراق دېگەننى.

— مانا پەرىزىمدىكىدەكلا چىقتى، ھەممىسى شۇ سېمىز گۆش، ھاراق - شارابنىڭ كاساپىتى، ئادەم دېگەن سېمىز، مايلىق گۆشلەرنى ئالدىمغا كەلدى دەپلا يەۋەرگۈلۈك ئەمەس، ھاراق - شاراب دېگەننىمۇ ئىچىدىغان نەرسە ئەمەس، سىلى سېمىز گۆش، ھاراق - تاماكا دېگەننىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىلە؟ قانلىرىدا ماي كۆپكەن، قان بېسىملىرىمۇ خېلىلا يۇقىرى، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىمۇ نورمالسىز، كېسەللىرى بەك ئېغىر، سەللا كېچىككەن بولسىلا بىر يوللا...... بولدىلا قالغان گەپلەرنى دېمەيلا قوياي، ئىشقىلىپ، كارىۋاتتىن چۈشمەي يېتىپ داۋالانمىسىلا بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر گەپنى ئۈزۈپ.

يۈرىكىم جىغىلا قىلىپ ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەكلا بولدى، نەپەسلىرىممۇ تېزلىشىپ كەتتى، بەلكىم تەنلىرىم شۈركۈنۈپ، ۋۇجۇدۇمغا يېيىلىدىن بىر كېسەل قوشۇلغاندەك تىترەپ كەتتىم. توۋا، دوختۇر دېگەنمۇ مۇشۇنداق بولىدىكىنە؟ مېھرىبانلىقتا، ياخشى سۆز، تەسەللىگە موھتاج بولۇۋاتقان بىر بىمارغا كېسەللىك ئەھۋالىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق كۆپتۈرۈپ، چوڭايتىپ سۆزلەپ قورقۇنچ سالغىنى نېمىسى؟ ھەممىلا بىمارغا خۇددى ماڭا قورقۇنچ سالغاندەكلا قورقۇنچ سېلىپ روھىي بېسىم ئېلىپ كېلەمدىغاندۇ؟ ئۇلار مۇشۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانمۇيا؟ ياكى بولمىسا بىمارغا قورقۇنچ سېلىپ قويسا كۆڭلى خۇش بولامدىغاندۇ؟

خىياللار بىلەن مۇرات دوختۇرنىڭ قاچانلاردا ياتاقتىن چىقىپ كېتىپ، ھېلىقى ئىسمى - جىسمىغا ماسلاشمىغان مۇز قاپاق سېستىرا مېھرىبانىنىڭ قاچانلاردا ياتاقتا كىرگىنىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. بىرچاغدا «ئوكۇل سالىمەن» دېگەن چىرقىراق ئاۋاز قۇلىقىمغا كىرىپ ئېسىمنى يىغسام، مېھرىبان ئاسما ئوكۇللارنى تەييار قىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

— شېرىن خىياللىرىنى بىردەم يىغىپ قوللىرىنى چىقارسىلا ئوكۇل سالىمەن، — دېدى قاپاقلىرىنى سۈزۈپ. شۇ تاپتا مېنىڭ نەدىمۇ شېرىن خىياللارنى قىلغۇدەك ھەپىسلەم بولسۇن، ئۇندىمەستىن سول قولۇمنى ئۇزاتتىم. چىملا قىلىش بىلەن تەڭ ئالىقىنىمنىڭ دۈمبىسىدىن كىرگەن چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق يۈرىكىمگە بېرىپ سانجىلدى. قارىماي دېسەممۇ ئوكۇل يىڭنىسى سانجىلىۋاتقان قولۇمغا تەبىئىيلا قاراپ سالدىم، ئوكۇل يىڭنىسى تومۇرۇمغا چۈشمىگەنىدى، سېستىرا ئوكۇل يىڭنىسىنى بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا سانجىپ خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىپمۇ تومۇرۇمغا چۈشۈرەلمەي شارتلا تارتىۋالدى ۋە ھېچ ئىش بولمىغاندەك:

— ئوڭ قوللىرىنى چىقارسىلا، — دېدى.

بۇ قېتىممۇ ئوكۇل يىڭنىسىنى تومۇرۇمغا چۈشۈرەلمىسە قانچىلىك ئاغرىپ كېتەر دېگەن خىيال بىلەن يۈرىكىم سۇ بولۇپ، كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى.

— ھە، كۆزلىرى چۆچەكتەك بولۇپ تولغىنىپلا كەتتىلىغۇ، نېمە بولۇۋاتىلا؟ — دېدى سېستىرا كۆزلىرىمگە مىختەك قادالغىنىچە ئويماقتەك ئېغىزلىرىنى ئۈچلاپ.

— بەكلا ئاغرىپ كېتىدىكەن، ئاۋايلاپ، يەڭگىلرەك بىر...... — گېپىمنىڭ يېرىمى چىقىپ بولغۇچە سېستىرانىڭ يۈزلىرىگە قارا بۇلۇتلار ياماشتى.

— ئادەمنىڭ پۈتىغا تىكەن كىچىككىنە سانجىلسىمۇ خېلى ئاغرىيدۇ، شۇنچە يوغان يىڭنە سانجىلسا ئاغرىمامتى ئەمىسە؟ چىشلىرىنى چىڭ چىشلەپ چىدىسىلا، — ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەيتتىكىنتاڭ، ئۇنىڭغا ياخشى گەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ئوڭ قولۇمنى ئۇزاتتىم.

## 2

بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزۈمنى تولىمۇ ھارغىن، روھسىز ھېس قىلدىم. كاللامدا ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى

قوپاللىقلىرى، ئايانمايلا سىلىپ قويغان قورقۇنچلۇق خىياللار چۈشتەكلا ئەگىپ يۈرۈپ بىر قۇرت يۈرىكىمنى تىنىمسىز غاجاپ ۋۇجۇدۇمنى قاغجىرىتىۋاتقاندەك بىئاراملىق ئىچىدە زادىلا ياخشى ئۇخلىيالمىغانىدىم. كاللام خۇددى يۇلتۇزسىز كېچىدەكلا قاراڭغۇ، تەنلىرىم تۇگمەن تېشى بېسىپ تۇرغاندەك ئېغىر، زورۇقۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ قايناق سۇ بىلەن زورلاپ دېگۈدەك ناشتا قىلدىم. ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى توشقانىدى. ھېلىقى توك قاپاق تازىلىقچى چوكان بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئاغزىنى بىرسى خۇددى ئەپسۇن ئوقۇپ سېھرلەپ قويغاندەك، بىرەر ئېغىز گەپ - سۆزمۇ قىلماي ياتاقنى ئاندا - مۇندا سۈرتۈپ قويۇپلا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئاچچىقى يامان سىستىرا قىز مېھرىبانلىقنىڭ دورا - ئوكۇل ئېلىپ كىرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا كۆڭلۈمدە «دورىنىغۇ كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئىچىۋېتەرمەن، لېكىن ئوكۇل يىڭنىسىنى يەنە كۆندىكىدەك تومۇرۇمغا سالالمىسا بۈگۈن قانچىلىك ئازابلىنارمەن دېگەن ئەندىشە. خىيالىمنىڭ تېخى ئاخىرى چىقمايلا ياتاق ئىشىكى ئەنسىز ئېچىلىپ قولىدا ئاغزى ئېچىلىپ يېرىملاشقان مىنېرال سۇ شىشىسى كۆتۈرگەن مۇرات دوختۇر كىرىپ كەلدى. بىردىنلا بۇرنۇمغا ھاراق پۇرىقى ئۇرۇلدى. تو‌ۋا، تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا ھاراقنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زىيىنىنى كېسەللىرىم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ، ماڭا يەتكۈچە قورقۇنچ سالغان دوختۇر ئەجەبا ئۆزىمۇ قولاق مىدىرلىغۇچە ئىچىدىكەنغۇ؟ توغرا، كونىلارنىڭ ‹موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما› دېگىنى مانا مۇشۇنداق ئىشلارغا ئېيتىلغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

ئۇ «ئۇھ !...... ۋاھ !......» لاپ ئىنجىقلىغىنىچە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تومۇرۇمنى تۇتتى، مۇزدەكلا سوغۇق تىگىشىغۇچىنى كۆكرەك، قورساق قىسىملىرىمغا تەگكۈزۈپ يۈرەك، ئۆپكە ھەرىكەتلىرىمنى ئانچە - مۇنچە تەكشۈردى ۋە:

— ھە، بۈگۈن قانداقراق تۇرىسىلا، — دەپ سورىدى خۇشياقمىغاندەك.

— خۇداغا شۈكرى، ھەرھالدا ياخشى، — دېدىم مەنمۇ ئۇدۇللا. «مىجەزىم ئوسال، كەيپىم ناچار، بېشىم تۈگمەن تېشىدەك ئېغىر،

تەنلىرىم ئۈرۈپ - چېقىۋەتكەندەكلا ئاغرىپ تۇرىدۇ» دېگىلى بولمايدۇ-دە. كونىلاردا «قانچىكى كېسىلىم ئېغىر دېسە كېسەلمۇ شۇنچە ئېغىرلىشىدۇ » دەيدىغان گەپ بار، شۇڭا ھەرقانچە بولسامۇ «ياخشى»لا دەيمەن - دە.

كارىدوردا تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن ۋارقىراش - جارقىراشلار تاغدىن - باغدىن گەپ سوراۋاتقان مۇرات دوختۇرنىڭ سۆزىنى بولدى. ئۇ ئاران - ئاران دەسسەپ تۇرغان پۇتلىرىنى گويا يەر ئويۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئاۋايلاپ يۆتكەپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. پارالىك تېخىمۇ ئۇلغايدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگىم كېلىپ، ئاۋايلاپ كارىۋاتتىن چۈشۈپ كارىدورغا چىقتىم.

بىرنەچچە ئادەم ئۇلىشىۋالغان نوسىلكا ئۈستىدە يۈزلىرى تامدەك تاتارغان، لەۋلىرى گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن، كۆزلىرى بۇ دۇنيادىن بىزار بولۇپ «كۆزۈم كۆرمىسكەن» دېگەندەكلا چىڭ يۇمۇلغان، جانسىز، تىنىقلىرىدىن تىرىك ئىكەنلىكىنى تەستە ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان، 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت بىھوش ھالەتتە ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. سۆز - ھەرىكەتلىرى ۋە كىيىنىشىدىن دېھقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئورۇق، قارىمۇتۇق يۈزلىرىنى بىچارە - مىسكىنلىك تۇمانلىرى قاپلىغان، غەمكىن كۆزلىرىدە ھەسرەت ياشلىرى لىغىرلاپ تۇرغان، كەكە ساقاللىق بىر كىشى قوللىرىنى سىلكىپ، خۇددى گاس ئادەمگە سۆزلەۋاتقاندەك چاڭىلداپ سۆزلەۋاتقان مېھرىباننىڭ ئاغزىغا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

— نېمانداق بۇدۇشقاقنەك ئادەمسىز، دېھقان دېگەن «مەن دېھقان» دەپلا مۇشۇنداق ئاڭسىزلىق قىلسا بولامدۇ؟ مەن دېدىمغۇ، ھەرقانداق كېسەل ئالدى بىلەن يېتەرلىك پۇل تاپشۇرۇپ، رەسمىيەت بېجىرگەندىن كېيىن ئاندىن ياتاققا ئېلىنىدۇ، بۇ دوختۇرخانىمىزنىڭ بەلگىلىمىسى، ئۇنى مەن تۈزۈپ چىقىرىۋالغىنىم يوق، تولا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماي كېسەلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئاۋۋال پۇل تاپشۇرۇپ رەسمىيەت بېجىرگەندىن كېيىن ئېلىپ كېلىڭ!— دەيتتى مېھرىبان دېھقاننىڭ يېلىنىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي.

— نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بۇ كارىدورنى داشقايناق قىلىپ، پەسرەك ئاۋازدا سۆزلەشسە بولمامدىكەن؟!— دېدى پاراڭ ئۈستىگە كەلگەن مۇرات دوختۇر هاراقنىڭ تەسىرىدىن ئەلەڭلەپ قالغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— قارىمامسىز مۇرات دوختۇر ماۋۇ ئادەمنى...... — مېھرىبان قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ئەمدىلا دەرد ئېيتقىلى باشلىۋىدى، مۇرات دوختۇر قول ئىشارىسى قىلىپ گېپىنى ئۈزۈپ قويىدى ۋە خۇددى «هە، نېمە گەپ؟» دېگەندەك نۇرسىز كۆزلىرىنى كەكە ساقال دېھقانغا ئاغدۇردى. نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان دېھقان «مۇرات دوختۇر» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ «بەلكىم باشلىق بولسا كېرەك، دەردىمنى باشلىققا ئېيتماي كىمگە ئېيتىمەن؟ باشلىق دېگەن دېھقانىنىڭ دەردىگە يەتمەي كىمنىڭ دەردىگە يېتەتتى» دەپ ئويلاپ، ئۆچۈپ قالغان ئۈمىد چىرىغى قايتىدىن يانغاندەك بولدى - دە، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئېگىلگىنىچە دوختۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قارىسىلا دوختۇر، نەچچە ۋاقىتتىن ساپساقلا ئادەم سەھەردە ئېتىزلىققا چىقىپ بىر - ئىككى كەتمەن چاپا - چاپمايلا بىلمىدۇق، نېمە بولدىكىن يىقىلىپ هوشىدىن كەتتى، بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى قارىسىلا، قورقۇنچلۇقتا قوشنىمىزنىڭ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان تىراكتورى بىلەن ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدۇق، جىددىيچىلىكتە ئۆيگە كىرىپ پۇل ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم، شۇڭا سىلى ئاۋۋال ئوغلۇمنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇتقۇزۇپ قالسىلا، پۇلنى ئەتە ئەتىگەندىلا تاپشۇرۇپ رەسمىيەتنى تولۇقلىۋېتەي، ئوبدان دوختۇر، بىز بەك يىراق يېزىدىن كەلدۇق، بىزگە بىر ياردەم قىلىپ قويسىلا دوختۇر، بىزدىن يانمىسا خۇدادىن يانار، هەققىلىرىگە دۇئا قىلاي، بىر ياردەم قىلسىلا دوختۇر...... — دېدى دېھقان ئۈمىد بىلەن مۇرات دوختۇرغا يېلىنىپ. مۇرات دوختۇرنىڭ قاپاقلىرى بىردىنلا تېخىمۇ چىڭ تۈرۈلدى، يۈزلىرىگە قارا بۇلۇتلار ياماشتى.

— بولمايدۇ، مەنمۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىشىم، سىلىمۇ چوقۇم ئالدى بىلەن پۇل تاپشۇرۇشلىرى كېرەك،— دېدى ئۇ

كەسكىنلىك بىلەن.

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تەمتىرەپ تۇرغان بىچارە دېھقانىنىڭ غەمكىن كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئەلەم ياشلىرىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى، چىداپ تۇرالماي ئاخىر گەپكە ئارىلاشتىم.

— قارىسىلا مۇرات دوختۇر، ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىدىلا بۇ دېھقان يىراق سەھرادىن سىلەرگە زور ئۈمىد باغلاپ ئوغلىنى ئېلىپ كەپتۇ، قارىغاندا ئوغلىنىڭ كېسىلىمۇ خېلى ئېغىردەك قىلىدۇ، مېنىڭچە ئاۋۋال ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئەڭ مۇھىم، بۇ كىشىنىڭ تۆلەيدىغان پۇلىغا مەن كېپىل بولۇپ تۇرسام ئاۋۋال ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ......— گېپىمنىڭ ئاخىرى تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا تۇنجۇقۇپ قالدى، نېمە دەركىن دەپ ئېغىزىمغا قاراپ تۇرغان مېھرىبان گېپىمنىڭ بېلىگە تېپىپلا:

— قارىسىلا غوجام، سىلى ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپلا قويدۇقمۇ، بولدى، ئاي ئاخىرىدىكى باھالاشتا ئىش بىر بىر - ئىككىمىز بىلەنلا تۈگىمەي، بۆلۈمىمىزدىكى دوختۇر - سېستىرالارنىڭ ھەممىمىزنىڭ مۇكاپاتىمىزنى موككىدە تۇتۇۋالسا، مائاشىمىزدىنمۇ تۇتسا، ئۇنى ئازدەپ يىل ئاخىرىدىكى باھالاشتا يەنە يىللىق مۇكاپاتىمىزدىنمۇ تۇتۇۋالسا، بىر يىل ھېرىپ - ئېچىپ ئىشلەپ ئىلغار شەخس، ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنالمىساق تارتقان شۇنچە زىيانلىرىمىزغا كىم ئىگە بولىدۇ؟! سىلى تۆلەپ بېرەلەمىلا؟ سىلىچۇ قارىسىلا، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشمىسىلا، ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرغان پۇللىرىمۇ تايىنلىق، ئالدىن تاپشۇرغانلىرى بۈگۈن تۈگىدى، سىلى ئاۋۋال مالىيە بۆلۈمىگە بېرىپ ئۆزلىرىنى داۋالىتىشقا يېتەرلىك پۇل تاپشۇرۇۋېتىپ، ياتاقلىرىدا تىنچ يېتىپ داۋالىنىشلىرىنى بىلسىلە، — دەپ چىچاڭشىپلا كەتتى.

بېشىنى سىيلايدىغان بىرەر «پەرىشتە» چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىگەن دېھقان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، نۇسىلكىنى ئىتتىرگىنىچە كارىدوردىن غايىب بولدى. شۇ تاپتا بىچارە دېھقانىنىڭ يۈرىكىنى مىجىپ چىقارغان قان تامچىلىرى كارىدوردا

قېتىپ قالدى.

## 3

ھەر كۈنى دوختۇرلارنىڭ ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى توشقان ھامان ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولىدۇ، بولۇپمۇ ماڭا مەسئۇل سېستىرا دورا - ئوكۇللارنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە بولسا يۈرەكلىرىم تۇك سوققاندەكلا جىغىلداپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى قوپال، سوغۇق مۇئامىلىلىرى، ھىڭدەك سېسىق گەپلىرى قان تومۇرلارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئېنىق كۆرمەي تۇرۇپلا بىگىزدەك تۇم ئوكۇل يىڭنىسىنى بىلىكىمگە خالىغانچە سانجىشلىرى پۇت - قولۇمنىلا ئەمەس، يۈرىكىمنىمۇ زېدە قىلىۋەتتى. لېكىن، ئوكۇل يىڭنىسىنى جايىغا سالالمايدىكەن، مۇئامىلىسى قوپالكەن، دەپلا ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپ ئىت تالاشتۇرۇش ئويىنى قويۇشنىڭ ئورنى يوق - دە! شۇڭا، بۈگۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئەھۋالنى مۇرات دوختۇرغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قولى يەڭگىلرەك سىلىق - سىپايىرەك سېستىرادىن بىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنەي دېگەنىدىم، لېكىن مۇرات دوختۇر بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىمۇ، قېرىشقاندەك ئەتىگەنلىك كېسەل تەكشۈرۈشكە كىرمىدى. ئىشخانىسىغا بېرىپ ئىزدەپ بېقىشنى ئويلاپ ياتاقتىن چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا، مېھرىبان ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىگە ئوخشاشلا ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ چىرايىدىن مۇز ياغدۇرغىنىچە دورا - ئوكۇللارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، ئامالسىز قايتىدىن كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ قولۇمنى چىقاردىم. ئۇ قوللىرىمنىڭ ئوكۇل سالغۇدەك يېرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— پايپاقنى سېلىپ پۇتلىرىنى چىقارسىلا، — دېدى پەرۋاسىز ھالدا.

پۇتقا ئوكۇل سالسا قولغا سالغانغا قارىغاندا بەكرەك ئاغرىپ كېتەتتى، تىترەپ تۇرۇپ پۇتۇمنى چىقاردىم ۋە چىشىمنى چىشلەپ، كۆزۈمنى چىڭ يۇمدۇم. خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈن بىر - ئىككى قېتىم سانجىشتىن كېيىنلا ئوكۇل يىڭنىسى تومۇرۇمغا چۈشتى. ئىككى سائەتكە

يېقىن بولغاندا ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ئېقىپ بولدى، ئۇھ دەپ يېنىك بىر تىنىۋېلىپ، چاقىرىش قوڭغۇرىقىنىڭ كونۇپكىسىنى باستىم، بىراق سېستىرا كىرمىدى، قايتا - قايتا بىرقانچە قېتىم باسساممۇ يەنە ھېچكىم كىرمىدى، ئوكۇل نەيچىسىگە قېپقېزىل قان يېنىشقا باشلىدى. «سېستىرالار يېتىشەلمەي قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ ئۇلارنى ساقلىمايلا ئوكۇل يىڭنىسىنى پۇتۇمدىن پەم بىلەن تارتىۋەتتىم، مۇشۇ كۈنلەردە ئوكۇل يىڭنىسىنى تارتىپ ئېلىۋېتىشكىمۇ خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالغاندىم.

ئوكۇلدىن كېيىن ئۇيۇشۇپ قالغان پۇت - قوللىرىمنى ئانچە - مۇنچە ھەرىكەتلەندۈرۈپ قانلىرىمنى جاللاندۇراي دەپ كارىدورغا چىقتىم، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ سېستىرالار ئىشخانىسى ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن، ئىشخانىدا تۆت - بەش سېستىرا قايسىبىر دۇكانغا يىڭىدىن سېلىنغان مودا كىيىملەر ھەققىدە بىر - بىرسىگە گەپ بەرمەي، ئاق قۇشقاچتەك چۇرۇقلىشىپ ئولتۇراتتى، غۇژژىدىلا ئاچچىقىم كەلدى، تېخى ھېلىلا چاقىرىش قوڭغۇرىقىنى نەچچە رەت باسساممۇ بىرەرسى كىرىپ ئوكۇلنى تارتىۋەتمەيدۇ، ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق، بەخىرامان ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشكىنى نېمىسى ئۇلارنىڭ، دەپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغۇم كەلدى.

— قانداق گەپ بۇ، چاقىرىش قوڭغۇرىقىنى قانچە قېتىملاپ باسسام بىرەرسىڭلار كىرىپ قويايمۇ دېمەي پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغىنىڭلار نېمىسى، سىلەردە، — گېپىمنىڭ ئاخىرىسى تۈگىگۈچە يۇملاق يۈز، بۇغداي ئۆڭ، بويى سەل پاكارراق سېستىرا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھوي، كىمگە گەپ قىلىۋاتىلا؟ قارىسىلا ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق مەسئۇلىيىتى بار، ئوكۇل دېگەننى قايسى سېستىرا مەسئۇل بولسا شۇ كىرىپ تارتىۋېتىدىغان گەپ، بىز سىلىنىڭ ئوكۇللىرىنى تارتىپ ئېلىۋەتسەكلا ناۋادا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا كىم مەسئۇل بولىدۇ؟ گەپلىرى بولسىچۇ، ئۆزلىرىگە مەسئۇل سېستىرانى تېپىپ دېسىلە، — دېدى تۇمشۇقلىرىنى غازنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇچلاپ.

ئەمدى چىداپ تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، ئۇدۇل مۇرات دوختۇرنىڭ

ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدىم.

ئىشخانىغا كىرىشىمگىلا بۇرنۇمغا گۇپپىدىلا ھاراق پۇرىقى ئۇرۇلدى، پەرىزىم توغرا چىققاندەك قىلاتتى، ئاۋايلاپ مېڭىپ قىزارغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا قەلەمنى تەستە تۇتۇپ، كىمنىڭدۇ كېسەللىك ئەھۋالى خاتىرىسىگە تېز - تېز بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى. ئەھۋالنى ئېيتاي دەپ ئاغزىمنى ئۇچلاپ تۇرۇشۇمغا، ياندىكى ئىشخانىدىن ياشقىنە بىر «بالا» دوختۇر كىرىپ كەلدى ۋە:

—ۋاي مۇراتكا، پۇرلىشىپلا كېتىپتۇققۇ، مىجەز بوشمۇ - قانداق؟ كېچىدىن بىرنەچچە رومكىنى ئارتۇق ئىچىپ قويۇپسەن- دە؟— دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىسىنى دەيسەن ئۇكا، قىزىقچىلىقتا ھەقىقەتەن بىرنەچچە رومكا ئارتۇق كېتىپتۇ، ھالىم بەك خاراب. بۈگۈنچىۋالا ئىچمەس ئىدىم، لېكىن سورۇن ئالامەت قىزىدى دېگىنە، ھېلىقى تاھىر جىگلى دېگەن كىشى قالتىس ئادەمكەن، بىرلا تېلېفون قىلىۋىدى، ھايال بولمايلا بىر- بىرىدىن چىرايلىق، خام بېگۈدەكلا نازىنىنلاردىن ئالتىسى ھازىر بولدى، ئىچىۋاتىمىز، ئويناۋاتىمىز...... قالتىس ھۆرمىتىمنى قىلدى دەيمەن، ئەگەر بۈگۈنكى ئوپېراتسىيەنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىغان بولسام، تاڭ ئاتقۇچىلا ئويناپ كېتەركەنمىز،— مۇرات دوختۇر ئىشخانىدا گويا ئىككىسىدىن باشقا كىشى يوقتەكلا پەخىرلەنگەن ھالدا قىزىپ سۆزلىدى.

— نېمە دەيسەن ھوي مۇراتكا، مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن ئوپېراتسىيەگە كىرىمەن دەمسەن؟ كىمكەن ئۇ شۇنچە جىددىي ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىغان؟— دېدى «بالا» دوختۇر ھەيران بولغاندەك.

— كىم بولماقچىدى، ئاخشامقى سورۇننى ئۇيۇشتۇرغان تاھىر جىگلىنىڭ تاغىسى بولمامدۇ، ئۈلۈشكۈن ئوپېراتسىيە ۋاقتىنى ئۇقتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتىكەنمىز دېگىنە، شۇڭا قىلىپلا تۈگىتىۋېتەي دەپ قالدىمغۇ،— دېدى مۇرات دوختۇر ماتېرىياللارنى رەتلىگەچ.

—كېيىنگە قالدۇرساڭ بولارمىكىن مۇراتكا، مۇشۇ ھالىڭدا ئوپېراتسىيەگە كىرسەڭ پىچاق تۇتقان قولۇڭ تىترەپ كېتىپ بىرەر مەسىلە چىقىپ قالارمىكىن دەيمىنا؟ ياكى ئالدىنقى قېتىمقىدەك سوقۇر

ئۆچەينى كېسىمەن دەپ، قورساقنى يېرىپ قويۇپ ئۆچەينى تاپالماي ئۆتنى ئېلىۋېتىپلا تىكىپ قوياي دەمسەنيا؟ — دېدى «بالا» دوختۇر چاقچاق ئارىلاش.

— شۇنداق قىلغىنىممۇ توغرىغۇ، سوقۇر ئۆچەينى تاپالمىغىنىم بىلەن قوزغىلىش ئېھتىمالى بولغان ئۆت كېسەللىكىدىن بىر يولىلا خالىي قىلدىم ئەمەسمۇ؟ بۇنداق قىلمىسام ئۆت دېگەن نەرسىدە تاش پەيدا بولۇپ بەرىبىر ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايتتى شۇ! — دېدى مۇرات دوختۇر ئۆزىنى ئاقلاپ.

— بىراقزە، ساقمۇساق ئۆتنى كېسىپ ئېلىۋەتتىڭ جۇمۇ، شۇڭا دەيمەن، بۈگۈنكى ئوپېراتسىيەنىمۇ......

— خاتىرجەم بول ئۇكا، مەن كۆنۈپ كەتكەنمەن، ھېچ ئىش بولمايدۇ، ھە، ئۆزۈڭچۇ، نېمىگە ئالدىراش يۈرۈيسەن؟

— مۇنداق گەپتى، ئەسلىدە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن راسا بىر ياشايلىمىكىن دەپ ئويلىغان، ئەپسۇس ئالدىراشكەنسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىجەزىڭمۇ تازا ساز ئەمەستەكلا تۇرىدۇ.

— مېنى ھوّل خىشقا دەسسىتىپ يەنە قانداق ئويۇن ئويناي دەۋاتىسەن، ئۇكا؟

— ئويۇن ئوينىغىلى ھەددىممۇ، يەنە شۇ ئۆتكەنكىدەك ئىش بولمامدۇ، بىر ئاغىنەم تاغىسىنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ داۋالاتماقچىكەن، «كېسەل يۆتكەپ داۋالىتىش ئىسپاتى»دىن غاچچىدىلا بىر پارچە يېزىپ بەرسەڭلا بولىدىغان ئىش ئىدى، — «بالا» دوختۇر سوئال نەزەرى بىلەن مۇرات دوختۇرغا تىكىلدى.

— ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەنمۇ ئالدىراش، تەستىقلايدىغان غوجامنىمۇ تاپماق تەس، مۇنداق بولسۇن، ئۇ ئاغىنەڭ تاغىسىنى ئېلىپ مېڭىۋەرسۇن، مەن مۇۋاپىق پۇرسەت چىقىرىپ مۇناسىۋەتلىكلەرنى يىغىپ راۋۇرۇس بىر كۆتۈپ، «كېسەل يۆتكەپ داۋالىتىش ئىسپاتى»نى توغرىلاپ قوياي، قانداق دېدىم؟ — دېدى مۇرات دوختۇر مەسلىھەت سالغاندەك.

— كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ جۇمۇ، مۇراتكا، — دېدى «بالا»

دوختۇر، — ئۇ دوستۇممۇ بەكلا ئالدىرايدىكەندۇق، ئۇنداق بولسا ئۇ خاتىرجەم مېڭىۋەرسۇن، كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە مەن ئۆيۈڭگە باراي، «نان تېگىدىغان» گەپلەرنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى، بولامدۇ؟ — «بالا» دوختۇرنىڭ يۈزلىرىدە خۇرسەنلىك نۇرلىرى جىلۋە قىلدى.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېدى مۇرات دوختۇر ئىشىغا ئالدىراپ. كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۇ ئاجايىپ پاراڭلاردىن ئۆز قۇلاقلىرىمغىمۇ ئىشەنمەي قالدىم، لېكىن گەپ - سۆزلەر كۆز ئالدىمدىلا بولۇنغاچقا، قۇلاقلىرىمنىڭ سەزگۈلىرىگە ئىشەنمەيمۇ بولمايتتى. مۇرات دوختۇر «بالا» دوختۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن يېنىدا مېنىڭ تۇرغانلىقىمنى كۆرگەندەك سوئال نەزەرىنى ماڭا ئاغدۇردى. ئۇ ئالدىراپ تۇرغاچقا مەن بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى ئىشلارنى قىسقىلا سۆزلەپ، ئوكۇل يىڭنىسى يېغىر قىلىۋەتكەن قول - پۇتلىرىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سېسترا مېھرىبانىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدىم ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئەپسۇس، مەن سۆزلىگەن ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن نورمال ئىشلاردەكلا بىلىندىمۇ- قانداق، يېلىنىشلىرىمغا پەرۋامۇ قىلماي:

— مۇنداق دەڭ، ئەسلىدە باشقا سېسترالارنى ئالماشتۇرۇپ بەرسەكمۇ بولاتتى، لېكىن سىز بالنىستقا كىرىدىغان چاغدا ئالاھىدە ياتاق، ئالىي دەرىجىلىك سېسترا تەلەپ قىلغان ئىكەنسىز، شۇڭا بۆلۈمىمىزدىكى بىردىنبىر ئالىي دەرىجىلىك سېسترانى سىزنى كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇردۇق، ئەمدىلىكتە ئالماشتۇرۇپ قويغۇدەك ئۇنىڭدىن باشقا ئالىي سېسترايىمىز يوق، كەسپىي ماھارەت مەسىلىسىگە كەلسەك شەھەر بويىچە ئەڭ ماھىر، ئالدىنقى قاتاردىكى خادىم دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ، ئوكۇل يىڭنىسىنى تومۇرغا جايىدا سالالماسلىققا كەلسەك، ئۇنى ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا قول - پۇتلىرىڭىزنىڭ توقماقتەكلا چىڭ ھەم سىمىزلىكى سەۋەب بولغان، قارىماملا، قوللىرى يوتامدەكلا تۇرسا تومۇرلارنى ئاسان تاپقىلى بولمايدۇ - دە، مۇنداق بولسۇن، ھازىرچە داۋالىنىپ تۇرسىلا، مەن ئالدىراش، مۇشۇ تاپتا نەچچە كىشىنىڭ ئوپېراتسىيەسى ماڭا قاراپ تۇرىدۇ، گەپ بولسا

كېيىنرەك بىرنەرسە دېيىشەيلى، — ئۇ گەپنى ئۈزۈپ ۋە قولتۇقىغا كىسەللەر ئەھۋالى خاتىرىسىدىن بىرنەچچىنى قىستۇرۇپ «قېنى ئەمدى چىقىپ كېتىپ ئىشىمغا ماڭغىلى قويۇڭ» دېگەندەكلا ماڭا تىكىلدى، بىردىنلا كاللامدا «خۇداغا مىڭ شۈكرى، ھېلىمۇ ئاشۇ بىردىنبىر ئالىي سېسترانى ماڭا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتىكەن، ئۇنداق بولماي ئادەتتىكى باشقا بىرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولسا بۇ ئەزىز جېنىم قانچىلىك قىينىلىپ كېتەر ئىدىكىن؟! دېگەن ئويلار لىپ قىلىپ كاللامدىن ئۆتۈپ، ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتىم.

## 4

بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقتىكىن، دوختۇرخانا ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلار بىردىنلا تارقاپ ھاۋا ئېچىلىپلا كەتتى، دوختۇر - سېسترالارنىڭ يۈزلىرىگىمۇ كۈلكە يامىشىپ خۇددى ئاپتاپپەرەسكىلا ئوخشاپ قالدى. مەن ئويلاپ باقمىغان يېڭى بىر كەيپىيات شەكىللىنىپ، مىسكىن قەلبلەر باھار ئاپتىپىدەكلا ئىللىدى، گەرچە بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلەرگە بىرئاز ھەيران قالسامۇ، ئىككى كۈندىن بېرى كەيپىياتىم خېلى ياخشىلىنىپ قالدى، بالنىستتىن چىقىپ كېتىش ئويۇمدىنمۇ يالتىيىپ يەنە بىر مەزگىل داۋالىنىش قارارىغا كەلدىم.

ئەتىگەندە ھېلىقى تازىلىقچى چوكان نەچچە كۈنلەردىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر خىل خۇشخۇي، روھلۇق قىياپەتتە قىزغىن سالام- سەھەتلەر بىلەن ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بۇلۇت - تۇمانلار قاپلاپ تۇرغان سۆرۈن چىرايىدىن ئەسەرمۇ يوق، سۆز - ھەرىكەتلىرىمۇ شۇنچە سىلىق، ئۇستىبېشىدىكى ئىلگىرىكى موزدۇزنىڭ دەسمىلىدەك قاسماق كىيىملەر ئورنىغا قاتۇرۇپ دەزماللانغان يېپيېڭى كىيىملەر ئالماشقانىدى. ئادەم قانچىكى خۇش چىراي، سىلىق - سىپايە، پاكىز، رەتلىك بولسىلا تۇرقى ھەرقانچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ يەنىلا كىشىنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنسە كېرەك، بۇ چوكان بۈگۈن كۆزۈمگە پورەكلەپ ئېچىلغان قىپقىزىل ئەتىرگۈلدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇ ياتاققا بۈگۈن كۈندىكىگە قارىغاندا بىر سائەت بۇرۇن كىردى، ياتاقنى ئىنتايىن تۈجۈپىلەپ تازىلىدى، نەچچە ۋاقىتتىن ئېچىلمىغان دېرىزىنىڭ مىخلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئېچىۋەتتى ۋە ئەينەكلىرىنى پاكىز سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتى، راۋان ئاقماي كىشىنى بىزار قىلىدىغان سۇ جۈمەكلىرىنى، ئەۋرەز يوللىرىنىمۇ ئېلىپ كىرگەن مەخسۇس سايمانلار بىلەن تاراڭلىتىپ يۇرۇپ راۋان ئاقىدىغان قىلدى، ئىشقىلىپ، ياتاقنىڭ هاۋاسى يېڭىلىنىپ كىشىگە ئارام بەخش ئىللىق كەيپىيات ئاتا قىلدى، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى تازىلىقچىغا بولغان بىزارلىق هېسسىياتلىرىم ئاللىقاياقلارغا توزۇپ كەتتى.

ئىش ۋاقتى توشۇپ «ئالىي سېستىرا» مېهرىبان دورا - ئوكۇللارنى كۆتۈرگىنىچە تۈنۈگۈن ئېلىپ كىرگەن پاكار، يۇمىلاق، قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل ئىللىق نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، خۇش چىراي سېستىرا قىزنى يەنە بىرگە ئېلىپ كىرگەنىدى. قىزغىن ئەھۋال سوراشلاردىن كېيىن قىزچاق ئوكۇل سېلىشقا تەرەددۇتلەندى.

قىزچاق قوللىرىمغا بىر هازا تەپسىلىي قارىغاندىن كېيىن:

— قوللىرىنى چىقارسىلا تاغا ئوكۇللىرىنى سېلىپ قوياي، — دېدى بوش هەم يېقىملىق ئاۋازدا.

مەن ئىككىلەنمەيلا ئوڭ قولۇمنى ئۇزاتتىم، شۇ تاپتا كۆڭلۈمدە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قورقۇنچ، ئەنسىرەش دېگەنىدىن ئەسەرمۇ يوق، چۈنكى بۇ قىز تۈنۈگۈن قوللىرىمغا تەپسىلىي، ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ ئۇ يەر - بۇ يەرنى سىلاپ، تومۇر ئورنىنى ئېنىق كۆرگەنىدىن كېيىنلا ئوكۇل يىڭنىسىنى ئەپچىللىك بىلەن بىرلا سانجىپ، ئاغرىتمايلا دەل جايىغا چۈشۈرگەنىدى.

— تاغا، خاپا بولماي سول قوللىرىنى چىقارغان بولسىلا، نېمىشقىكىن بۈگۈن ئوڭ قوللىرىنىڭ تومۇرى بەكلا چوڭقۇراپتۇ، ئېنىق كۆرگىلى بولمىدى، روھلۇقراق بولسىلا، هەرگىز قورقۇنچ هېس قىلمىسىلا، — دېدى قىزچاق مۇلايىملىق بىلەن.

مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتىپ سول قولۇمنى چىقاردىم. قىزچاق تۈنۈگۈنكىدەكلا سىلىق، چېۋەرلىك بىلەن تۇيدۇرمايلا ئوكۇل

يىڭنىسىنى تومۇرۇمغا سېلىپ بولدى.

— قانداقراق تاغا؟ مېنىڭ بۇ شاگىرتىم چېۋەرمىكەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئوكۇللىرىنى مۇشۇ قىز سېلىپ قويسۇن، سۇيۇقلۇقنى بەك تېز ئاقتۇرمىسىلا، مۇشۇ تەڭشەپ قويغىنىم بويىچە ئالدىرىماي چۈشۈرسىلە، بولمىسا قوللىرى ئاغرىپ ئۇيۇشۇپ قالىدۇ، خوش، بىز چىقتۇق ئەمىسە، ياخشى دەم ئالسىلا، — دېدى مېھرىبان چىقىپ كېتىۋېتىپ.

كۆڭلۈم ۋىللىدە يورۇپ كەتتى. «نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى توڭ قاپاق، مۇز چىراي، ئاچچىقى يامان مېھرىبان شۇمۇ ياكى؟ مۇشۇ ئىللىق مۇئامىلە، شېرىن سۆز، ياخشى تىلەكلىرى نەچچە كۈنلەردىن نەگە كەتكەن بولغىيدى؟ قىز بالا مۇشۇنداق خۇشخۇي، سىلىق - سىپايە، شېرىن سۆزلۈك بولسا ئادەمنىڭ كۆزىگە باشقىچىلا يېقىملىق كۆرۈنىدىكىنا، مانا ئەمدى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ‹مېھرىبان› قىزغا ئوخشاپتۇ، كۆز تەگمىسۇن ئىلاھىم» دەپ پىچىرلىدىم ئىچىمدە. بىردەمدىن كېيىنلا ئىشىك يەڭگىل ئېچىلىپ مېھرىبان يەنە كىردى.

— ھە، ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ئېقىپ بولاي دەپتىغۇ تاغا، قانداقراق تۇرىلا؟ باشقىچە ئۆزگىرىش يوقتۇ؟ — سورىدى ئۇ يوتقان - كۆرپىلەرنى تۈزەشتۈرگەچ.

— ئىككى كۈننىڭياقى دورا - ئوكۇللار باشقىچە تەسىر قىلدىمۇ-قانداق، خېلىلا روھلۇق تۇرىمەنغۇ، ساقايغاندەكلا بولۇپ قالدىم، — دېدىم مەنمۇ خۇرسەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ.

— مەنمۇ شۇنداق ھېس قىلدىم، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىنلا چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىلا، يەنە بىر گەپ، سەل تۇرۇپ مۇرات دوختۇر يۇقىرىدىن دوختۇرخانىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاشقا كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ كىرىشى مۇمكىن، ھەرھالدا دوختۇر - سېستىرالارنىڭ مۇلازىمەت جەھەتتىكى ياخشى تەرەپلىرىنى كۆپرەك سۆزلەپ بېرەلا، ناۋادا بەزىبىر كۆڭۈللىرىگە كەلگەن تەرەپلەر بولسا ئىمكانبار چاندۇرۇپ يۈرمىسىلە، بىزنىڭمۇ ياخشىلىق قىلغاننى بىلگۈچىلىكىمىز بار، مەن چىقاي، كۆڭۈللىرىدە تەييارلىق

بولسۇن جۇمۇ، — دېدى ئۇ قايتا - قايتا تاپىلاپ.

كاللام بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى چوڭ - كىچىك ئىشلار كۆڭۈل ئېكرانىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ، ئىككى كۈندىن بۇيانقى بۇ يېڭىچە قىياپەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەندەك بولدۇم، ناۋادا تەكشۈرۈپ باھالىغۇچىلار كىرىپ قالسا نېمىلەرنى دېيىشىم كېرەكلىكىنىمۇ بىر - بىرلەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ئالدىدا يېپيېڭى ئاق پوسما، خالات كىيگەن مۇرات دوختۇر، ئارقىدىن دوغىلاق، سېمىز كەلگەن، بويى پاكارراق، بۇغداي ئۆڭ، چىرايىدىن تەمكىن، سالماقلىقى چىقىپ تۇرىدىغان، 45 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئۇيغۇر كىشى بىلەن ئېگىز بوي، ئورۇق كەلگەن، 35 ياشلار چامىسىدىكى بىر خەنزۇ يىگىت كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تاغا، قانداقراق تۇرىلا؟ كەيپىياتلىرى خېلىلا ياخشىدەك كۆرۈنىدىغۇ؟ ھە، بولىدى، بولىدى، قوزغالمىسىلا، قوللىرىدىكى ئوكۇل يىڭنىسى چىقىپ كەتمىسۇن، بۇ ئىككى كىشى يۇقىرىدىن دوختۇرخانىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرگىلى كەلگەن رەھبەرلەر بولىدۇ، سىلىنى ئالاھىدە يوقلاپ كىردى، — دېدى مۇرات دوختۇر ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر خىل مۇلايىملىق بىلەن ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ. مەن ئاستا بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— نەچچە كۈن بولدى تاغا داۋالىنىۋاتقىلى؟ — سورىدى ئۇيغۇر «رەھبەر» يېنىمغا كېلىپ يۇمشاق قوللىرى بىلەن قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ئىككى ھەپتە بولاي دەپ قالدى.

— سىزنىڭچە دوختۇر - سېسترالارنىڭ داۋالاش، مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى قانداقراقكەن؟

— ھەي نېمىسىنى دەي! مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى ھەر جەھەتتىن ئالاھىدە ياخشىلىنىش بولىدى، مەن خېلىلا رازى، — دېدىمەن گەپنى قىسقارتىپ.

ئىككى ئېغىز گەپنى قىلا - قىلمايلا نېمىشقىكىن مۇرات دوختۇرنىڭ

كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزلىرىدىكى كۆلكە ئىزنالىرى سۇسلاشتى، بىردە ماڭا، بىردە گەپ سوراۋاتقان رەھبەرگە قاراپ، «ئىشتانغا چىقارغان كۆكۈلگە تايىن» بولغاچقىمىكىن يۈزلىرى سەل - پەل تاتاردى.

— «ئالدىنقى بىرنەچچە كۈندىكىگە قارىغاندا زور ئۆزگىرىش بولدى» دېدىڭىز، سىزنىڭچە ئىلگىرى...... — ئۇ نېمىنىدۇر پەرەز قىلغاندەك سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى. لېكىن، مەن دەماللىققا ھېچ نەرسە دېمىدىم، ئۇ مېنىڭ ھېچنېمە دېمەي تۇرغانلىقىمدىن «ئېھتىيات قىلىۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىمۇ - قانداق، «سىز ئەمدى بىردەم ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇڭ» دېگەندەكلا شۈبھىلىك بىر نەزەردە مۇرات دوختۇرغا قارىدى.

— ھە، مۇنداق بولسۇن، مەن بۇرۇنراق چىققاچ تۇراي، سىلەر كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشىڭلار، — دېدى يۈزلىرىگە زورلاپ دېگۈدەك كۈلكە يۈگۈرتكەن مۇرات دوختۇر رەھبەرنىڭ مەقسىتىنى دەرھاللا چۈشىنىپ يېتىپ. ئۇ ماڭا يەر تېگىدىن بىر قاراپ قويۇپ ياتاقتىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

مەن كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بولغان چېغىمدا ئوكۇل سۈيۈقلۇقىمۇ تۈگەپ قالغانىدى. چاقىرىش قوڭغۇرىقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىشىمغىلا، مېھرىبان خۇددى ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغاندەكلا كۈلۈمسىرىگىنىچە خۇشخۇي ھالدا كىرىپ كەلدى.

— ئوكۇل سۈيۈقلۇقى تۈگىگەنىمىدى، تاغا، ھە، مانا بولدى، بوشراق ئۈۋۈلاپ بەرسىلە، ئاستا ئۆرۈلۈپ تۈز ياتسىلا، پۇت - قوللىرىنى ئۈۋۈلاپ قوياي، ئۇيۇشۇپ قالغاندۇ ھەقاچان، — دېدى ئۇ ئوكۇل يىڭنىسىنى تارتىۋەتكەندىن كېيىن سىپايىلىك بىلەن.

— رەھمەت سىڭلىم، پۇت - قوللىرىم يەڭگىللەپ قالغاندەكلا بولدى، — دېدىم ئۆزرە ئېيتىپ. ئۇ ئىش بولسا چاقىرىشىمنى تاپىلاپ چىقىپ كەتتى.

— يەنە قانداق پىكىر - تەلەپلىرى بار تاغا؟ — دېدى مېھرىبانىنىڭ ھەممە سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ تۇرغان «رەھبەر»

سەممىيلىك بىلەن.

— مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، ئەگەر مۇمكىن دەپ قارىساڭلار مانا مۇشۇنداق «خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش، باھالاش» خىزمىتىنى ھەر ئۈچ كۈندە، ھېچبولمىغاندا ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىپ تۇرغان بولساڭلار بىمارلار ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش بولغان بولاتتى،— دېدىم «ئۇ»نىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ. ئۇ كۆزۈمگە بىرھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن بېشىنى بىلىنەرلىك لىڭشىتىپ قويدى ۋە ماڭا ئامانلىق تىلەپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

## 5

تەكشۈرۈپ باھالاش گۇرۇپپىسى كېتىپ ئەتىسى، دوختۇرخانىنىڭ كۆن نۇرى چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك ئاسمىنىدا يەنە قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، گۈگۈم پەردىسى يېيىلدى. دوختۇر - سېستىرالارنىڭ يۈزلىرىدىكى ئاپتاپپەرەسنى ئەسلىتىدىغان يېقىملىق كۈلكىدىن، قايماقتەك سىلىق - سىپايە سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن، قىزغىن مۇئامىلىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

مەن بىردە مۇرات دوختۇرنىڭ، بىردە مېھرىباننىڭ «سىلىگە ئىشنىپ رەھبەرلەرنى باشلاپ كىرگىنىمگە بولۇن - قۇلىقىمغىچە تويدۇردىلىغۇ ئاخىر! سىلىنىڭ چېقىشتۇرۇشلىرى بىلەن ھەممە ئىشلىرىمىز بىر تىيىنغا ئەرزىمەس بولۇپ يەكۈنلەندى، تەنقىد، جازالار بىلەن كۆمۈلۈپلا كەتتۇق، يا سىلىگە بىرەر قېرىنداش - قەلەم چاغلىق مۇكاپات بەرمىدى، سىلى ‹سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ› دېگەننى بىلمەملا؟» دېگەنگە ئوخشاش ئاچچىق تاپا - تەنە، دوق قىلىشلىرى ئىچىدە چىشىمنى چىشلەپ، ئاچچىقىمغا ھاي بېرىپ ئىككى كۈننى بەك تەستە ئۆتكۈزدۈم. خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغان كەيپىياتىم بىردىنلا بۇزۇلۇپ، كېسىلىم خېمىغا يېنىشقا باشلىدى. گەرچە تېخى ساقايمىغان بولسامۇ بۈگۈنلا دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم - دە، ئەتىگەنلىك دورا - ئوكۇللىرىمغىمۇ قارىماي

ئۇدۇل مۇرات دوختۇرنى ئىزدەپ ماڭدىم......

ــ ئەتىگەندىلا كىرىپ قاللىغۇ؟ بىردەم ساقلاپ تۇرسىلا ياتاقلىرىغا باراتتىم ئەمەسمۇ؟ ھە، بىرەر ئىشلىرى بارمىتى؟ــ سورىدى ئۇ قولىدىكى ئىشنى قويۇپ.

ــ بۈگۈن بالنىستتىن چىقاي دېگەنىدىم، مالال كۆرمەي رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىپ بەرگەن بولسىلا، ــ دېدىم ئۇدۇللا مەقسىتىمنى ئېيتىپ.

ئۇ سەل ئەجەبلەنگەندەك ماڭا يېڭىباشتىن سەپسېلىپ قاراپ كەتتى ۋە:

ــ بولىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ بولدى، ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، قاتتىق ـ قۇرۇق گەپمۇ تۈگىدى، ئەمدى يەنە نېمىگە بۇنچە ئالدىرايلا، كېسەللىرى تېخى تەلتۆكۈس ساقايمىغان تۇرسا، بىرنەچچە كۈن داۋالانمىسىلا قانداق بولىدۇ؟ــ دېدى.

قارىغاندا ئۇنىڭ ئاچچىقى سەل يانغاندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ «سىلەرنىڭ تاپا ـ تەنە، قوپاللىقىڭلاردىن بەكلا بىزار بولدۇم، زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، كۆزۈم كۆرمىسۇن بۇ دوختۇرخاناڭلارنى» دېيىش مۇمكىنمۇ؟ گەرچە مەن ئورۇنلۇقراق باھانە تاپالمىساممۇ يەنىلا تەلىپىمدە چىڭ تۇردۇم.

ــ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەكلا تۇرىمەنغۇ، قالغىنىنى ئائىلىدە دەم ئالغاچ دورا بىلەن داۋالىنايمىكىن دەيمەن، ئىمكانىبار تېزرەك رەسمىيەت بېجىرىپ بەرگەن بولسىلا.

ــ بولىدۇ ئەمىسە، مەن ياتاقتىن چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرەي، لېكىن ئائىلىدە يېمەك ـ ئىچمەككە بەكرەك دىققەت قىلسىلا، ئەڭ قىممەت، ئۈنۈملۈك دورىلاردىن بىرقانچە كورۇپكا يېزىپ بېرەي، ئۆزۈلدۈرمەي، ۋاقتىدا ئىچىپ بەرسىلە، ياخشى دەم ئالسىلا، ــ دېدى ئۇ تارتمىدىن بىر ۋاراق رېتسېپ قەغىزىنى چىقىرىپ دورا يازغاچ، ــ مانا سىلىگە ئۈچ داۋالاش مۇددىتىگە يەتكۈدەك ئۈنۈمى يۇقىرى دورىلاردىن يېزىپ بەردىم، بۇ خىل دورىلار دوختۇرخانىمىزنىڭ دورىخانىسىدا ھازىرچە يوق، سىلى بۇ رېتسېپنى ئېلىپ دوختۇرخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئۇدۇل 200 مېتىر ماڭسىلا «سەن

رازى، مەن رازى» دورىخانىسى بار، بۇ دورىلار ئۇلاردا بار. دورىلارنى ئېلىپلا ئۇدۇل ئىشخانامغا كەلسىلە، ئىچىش ئۇسۇللىرىنى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەرنى تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىمەن، ئامال بار يېزىپ بەرگەن دورىلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئالسىلا، سىلى كىرگۈچە بالىنىستىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى تەييار قىلىپ قوياي،— دەپ تاپىلاپ رېتسېپنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

شۇ تاپتا مەن نېمىلا بولسۇن دورىنى ئېلىپ بىر مەزگىل ئىستېمال قىلىپ كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپ، ئۇدۇل «سەن رازى، مەن رازى» دورىخانىسىغا كەلدىم. دورىخانا غوجايىنى بولسا كېرەك، ئورا كۆزلىرىگە يۇقىرى گىرادۇسلۇق تاش ئەينەك تاقىۋالغان خەنزۇ مەن سۇنغان رېتسېپقا بىرھازا قاراپ كەتكەندىن كېيىن:

— ئىنتايىن ئېسىل، ئۇنۇملۇك دورىلارنى يېزىپ بېرىپتۇ، ھەممىسىنىلا ئالامىلا،— دەپ سورىدى ئۇيغۇر تىلىدا.

بىردىنلا كاللامغا مۇرات دوختۇرمۇ تېخى ھېلىلا «ئېسىل، ئۇنۇملۇك دورىلاردىن بىرنەچچە كۆرۈپكا يېزىپ بەردىم» دېگەن، مانا بۇ كىشىمۇ يەنە شۇنداق دەۋاتىدۇ، قارىغاندا راستتىنلا ياخشى دورىلار ئوخشايدۇ دېگەن خىيال كېلىپ:

— شۇنداق، ھەممىسىنى ئالىمەن،— دېدىم بېشىمنى لىڭشىتىپ.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن قاچىلاپ بېرەي،— دېدى ئۇ قۇرۇق يەشكىتىن بىرنى پوكەي ئۈستىگە قويۇپ، دورىلارنى قاچىلاشقا باشلىدى، — مانا ماۋۇ قىزىل قاپلىقى گۇاڭدۇڭ غەربچە دورا ياساش زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن ئالاھىدە دورا، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قاندىكى ماينى تازىلاپ قان بېسىمنى نورماللاشتۇرىدۇ، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىنى نورماللاشتۇرىدۇ، جەمئىي سەككىز قاپ؛ مانا ماۋۇ يېشىل قاپلىقى خېيلۇڭجياڭ غەربچە دورا ياساش زاۋۇتىنىڭ داڭلىق دورىسى، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ توسالغۇلارنى ئاچىدۇ...... جەمئىي ئون قاپ؛ مانا ماۋۇ كۆك قاپلىقى جىلىن غەربچە دورا ياساش زاۋۇتىنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ توسالغۇلارنى ئاچىدۇ...... جەمئىي ئون قاپ؛ مانا ماۋۇسى خېنەن

غەربچە دورا ياساش زاۋۇتىنىڭ ئالاھىدە تېز ئۈنۈملۈك داڭلىق دورىسى، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ...... جەمئىي ئون قاپ؛ ماۋۇ شاڭگاڭدا ئىشلەنگەن بىر خىل دورا ئىدى، بۇ دورا قالتىس ئۈنۈملۈك بولغاچ دۇكىنىمىزدا تۈگەپ قالغان، ئەڭ ئاخىرقى بىر قاپنى سىزگە بېرىۋېتەي......

پاھ! ھەممىسىلا ئۈنۈمى، خۇسۇسىيىتى ئوخشاشلا بىر خىل دورىلاردىن ئىكەنغۇ بۇ؟ مۇرات دوختۇرنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى دورىلاردىن شۇنچە كۆپ يېزىپ بەرگىنىگە نېمىسى ئەمدى؟ بوپتۇ ئۇقۇشمايلا «ھەممىسىنى ئالىمەن» دەپ ساپتىمەن، گېپىمدىن يانماي، چىداي دېدىم ئىچىمدە. 1550 يۈەن پۇلنى تۆلەپ، يەشىكنى چىڭ قولتۇقلىغىنىمچە ئېغىر قەدەملەر بىلەن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ مۇرات دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدىم، ئىشخانا تاقاق ئىدى. ئىشىك تۈۋىدە خېلى ئۇزاق ساقلىدىم كەلمىدى. ئەتىگەندىن بېرى تاماقمۇ يېمىگەنلىكىمنى ئويلاپ دوختۇر كەلگۈچە يېقىنراق تاماقخانىدىن تاماق يەپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدىم. تاماق يەپ بولۇپ ئالدىراپ مۇرات دوختۇرنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدىم، ئىشىك بوشراق يېپىلغان بولۇپ، مۇرات دوختۇر كىمدۇر بىرى بىلەن قىزغىن، ئەمما بوش ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. قۇلىقىمغا تونۇشلا بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى، بوينۇمنى سوزۇپ يوچۇقتىن ئىچكىرىگە سەپسالدىم، ئۇ دورا دۇكىنىنىڭ غوجايىنى ئىدى. دەخلى قىلماي دەپ ئويلاپ ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغاچ ئىختىيارسىزلا ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدىم.

— ھە، ۋاڭ ئۇستام، يېقىندىن بېرى كۆرۈشەلمەي قالدۇق، سودىڭىز قانداقراق؟ ئوبدان بولۇۋاتامدۇ؟— بۇ مۇرات دوختۇرنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئۆزلىرىنىڭ قوللاپ تۇرۇشى بىلەن خېلى يامان ئەمەس بولۇۋاتىدۇ، ئالدىنقى قېتىم ئۆزلىرىگە يېزىپ بەرگەن تىزىملىكتىكى دورىلار ئاساسەن سېتىلىپ بولدى، پايدىسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولدى، مانا ماۋۇ 3000 يۈەن، مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتىغان كۆڭلۈم، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلالا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قاراپ تۇرمايمەن، ياردەملىرىنى

ئايىمغايىلا....... — دېدى غوجايىن قىزىل قەغەزگە ئورالغان «كۆڭلى»نى ئېگىلىپ تۇرۇپ مۇرات دوختۇرغا سۇنغاچ.

مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي ھەيكەلدەكلا قېتىپ، سېزىملىرىمنى يوقىتىپ بىرھازا تۇرۇپ قالدىم، يەنە قانداق گەپ - سۆزلەرنىڭ بولۇنغانلىقى قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئېسىمگە كېلىپ مۇرات دوختۇرنىڭ ئوخشاش ئۈنۈملۈك دورىدىن نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ يېزىپ بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق ھېس قىلغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ ساختا كۆيۈمچانلىقلىرىغا ئىچ - ئىچىمدىن نەپرەتلەندىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ راسا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويغۇم كەلدى - يۇ، بىراق بۇ خىل «كېسەل»نىڭ مۇشۇنداق قىلىش بىلەنلا ئۈزۈل - كېسىل ساقايمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەنە نىيىتىمدىن ياندىم.

نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقىنىڭ ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى، مۇرات دوختۇرنىڭ خىزمەتتىن توختىتىلىپ قويۇلغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدىم.

## «مۇدىر پولۇسى»

قورسىقىم ئېچىپ ناغرا چالغىلى تۇردى، لېكىن قولۇمدىكى ئىش تېخى تۈگىمىگەنىدى. غاچ - غۇچلا تاماق يەپ كىرىپ ئاندىن ئىشىمنى بىراقلا تۈگىتىۋېتەي دەپ كوچىغا چىقتىم. ئىشتىيىم پولۇ تارتىپ تۇراتتى، شۇڭا ساقىياجىمنىڭ پولۇخانىسىنى كۆزلەپ ماڭدىم. دوختۇرخانا دوقمۇشىدىن قايرىلىشىمغا «كەسلە مېھمان، كەسلە! نېمە تاماق يېگىلىرى بولسا شۇ تاماق بار، ھايال قالمايلا، ئولتۇرۇپ بولغۇچە چاي تەييار، ئىككى ئوتلام چاي ئېچىپ بولغۇچە تاماق تەييار بولىدۇ، ئىسمى- جىسمىغا لايىق تېز تاماقخانا دەيمەن، قېنى مېھمانلار كېلىڭلار.......!!!» دېگەن يېقىملىق ئىشتەي ناخشىسىنىڭ ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ بۇرنۇمغا پولۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلغاندەك بولدى. بۇ يەردە ئىلگىرى تاماقخانا يوق ئىدى. پەرىزىمچە مۇشۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ كېتىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك، «بوستان تېز تاماقخانىسى» دېگەن يوغان ۋىۋىسكىدىن بىرنى ئېسىپ يېڭىدىن بىر «تېز تاماقخانا» ئېچىلغانىدى. ۋاقتىنىڭ قىسلىقىدا ساقىياجىمنىڭكىگە بېرىپ بولغۇچە مۇشۇ يەردىلا قورساقنى ئەستەرلەپ قايتىپ كىرىپ چاپسانراق ئىشىمنى قىلىۋېلىشنى ئويلاپ تاماقخانىغا كىردىم. تاماقخانا زامانغا لايىق بېزەلگەن بولۇپ، تاماقلىنىش زالىمۇ خېلى كەڭ - كۇشادە ئىدى. لېكىن، يېڭىدىن ئېچىلغان بولغاچقىمىكىن، خېرىدار شالاڭ ئىدى. دېرىزە تۈۋىدىكى بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغۇچە ئوماققىنە بىر قىز چەينەك-پىيالە كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ئۆزلىرىگە نېمە تاماق قىلىپ بېرىمىزكىن؟ — سورىدى قىز چاي قويۇپ بولۇپ.

—گۆشلۈك پولۇدىن بىرنى كەلتۈرۈڭ، گۆشى مايسىزراق بولسۇن،— دېدىم قىزنىڭ مۇلايىملىقىدىن كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ.

— مايسىزراق گۆش بېسىلغان پولۇدىن بىرنى،— دېدى قىز پاكار بويلۇق، دوغىلاق كەلگەن تاغىچاڭ يىگىتكە قاراپ.

كىرىپ چىقىدىغانلارمۇ بارا - بارا ئازايغاندەك بولدى. پەمىچە ئاشخانىدا لەڭمەن، سومەن، ئۇگرە، كاۋاپ، مانتا، سامسا...... دېگەندەك تاماقلار خېلى كۆپ بۇيرۇتۇلۇۋاتاتتى. لېكىن، پولۇ بۇيرۇتۇۋاتقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. كىرگىنىمگىمۇ 15 — 20 مىنۇتتەك بولۇپ قالدى، لېكىن مەن بۇيرۇتقان پولۇ تېخىچە چىقمايۋاتاتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردىن «ئۇستام بىزنىڭ تاماق قاچان چىقىدۇ؟ بولمىسا سىرتقا چىقىپ يېرىمدىن لەڭمەن يەپ كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرامدۇقيا؟»، «ئۇستام بۇنى ‹تېز تاماقخانا› دەپ ۋىۋىسكا ئاسقاندىن كۆرە باشقىچىرەك نام قويساق ماس كېلەركەن تايىنلىق»...... دېگەندەك ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. «خاپا بولماي سەل تەخىر قىلىشسىلا، مانا هازىرلا تەييار بولىدۇ، ۋاي مامۇت ئاخۇن، چاققان - چاققان بولسىلا دەيمەن، مېهمانلار ساقلاپ كەتتى!» دەپ توۋلاپ قوياتتى كۈتكۈچى يىگىت بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا ئۆردەكتەك يورغىلاپ يۈرۈپ. 40 مىنۇتتەك ئۆتتى، ساقلاۋېرىپ غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى، «بولدى شۇ پولۇنى يېگۈچە قاتتىق نان غاجاپ ئىشىمنى پاتراق تۈگىتىۋالايچۇ» دەپ ئويلاپ ئورنۇمدىن تۇراي دەپ تۇرۇشۇمغا، كۈتكۈچى يىگىت «هە...... مانا پولۇ كەلدى!!» دەپ سوزۇپ توۋلىغىنىچە ئۈستىگە غىچلا مايلىق گۆش بېسىلغان بىر تەخسە پولۇنى ئالدىمغا دوقلا قويۇپ قويدى. ئەزەلدىن مايلىق گۆش يېيەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بىر پولۇغا، بىر ئۈستىدىكى مايلىق گۆشكە قاراپ كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. «هېلىمۇ ياخشى گۆشى مايسىز بولسۇن دەپتىكەنمەن، ئەگەر ئۇنداق دېمىگەن بولسام قانداق بولار ئىدىكىن؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ تۇراتتىم، كۈتكۈچىنىڭ ئاۋازى خىيالىمنى بۆلدى:

— كەلسلە مۇدىر، كەلسلە! كەم دىدارغۇ ئۆزلىرى؟ ۋاي قايسىڭ بار! ناۋات چاي كەلتۈرۈڭلار، — دوختۇر بولسا كېرەك، بېشىغا ئاق پوسما، ئۇچىسىغا ئاق خالات كىيگەن ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر كىشى كۆتكۈچىنىڭ باشلىشى بىلەن يېنىمدىكى ئۇستەلگە كېلىپلا ئولتۇردى، — ئۆزلىرىگە نېمە قىلىپ بەرسەك بولار مۇدىر؟

— كونا قائىدە بويىچە بولسۇن، — دېدى مۇدىر يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ. كونا ئۇلپەتلەردىن بولسا كېرەك، كۆتكۈچى مۇدىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھاللا چۈشەندى.

— مامۇت ئاخۇن، قېنى سىلى؟ ئەكبەر مۇدىرغا گۆشلۈك پولۇدىن بىرنى ئەكەلسلە دەيمەن، تېز بولسلا تېز! — كۆتكۈچى تاماقنى بۇيرۇپ بولۇپ مۇدىرغا كۈلۈمسىرەپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە بىر يېڭى مېھماننىڭ ئالدىغا يورغىلاپ كەتتى. ئىككى- ئۈچ مىنۇت ئۆتتى بولغاي، مۇدىرنىڭ ئالدىغا پاچاقنىڭ قارا گۆشىدىن بېسىلغان پولۇدىن كەلتۈرۈلدى. قارا گۆشنى كۆرۈپ ئىشتىيىم تاقىلداپ كەتتى. كۆتكۈچىنى يېنىمغا چاقىردىم ۋە پەس ئاۋازدا:

— ماڭا قارىسلا ئۇستام، سىلى بەلكىم مېنى تونۇمايدىكەنلا، مەنمۇ كىچىكرەك بولسىمۇ بىر ئورۇننىڭ ئىشخانا مۇدىرى، خاپا بولماي ئاۋۇ مۇدىرنىڭ پولۇسىدەك «مۇدىر پولۇسى»دىن بىرنى ئەكېلىپ بەرمەملا؟ — دېدىم. كۆتكۈچى بىر ماڭا، بىر ئالدىمدىكى مايلىق گۆشى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇلغان پولۇغا قاراپ، خىجىل بولغاندەك بىر ھېسسىياتتا:

— ئەستا، تازا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ مۇدىر، ئەيىبكە بۇيرۇمىسلا، مەن سىلىنى راستىنلا تونۇماي قاپتىمەن، ئەمدى بولسىمۇ تونۇۋالاي، ئۆزلىرى قايسى ئورۇننىڭ ......

— تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىم مۇختەر، ئاۋۇ دوقمۇشتىن قايرىلىدىغان يەردىكى بەش يۈلتۇز باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولىمەن، — دېدىم ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ.

ئوچۇق ھاۋادا تۇيۇقسىزلا قارا بۇلۇتلار يامراپ چىققاندەك ھېلىلا كۈلكە يامراپ تۇرغان كۆتكۈچىنىڭ يۈزلىرى بۇلۇتلۇق ئاسماندەكلا قارىيىپ

كەتتى.

— «ئەپەندى» دېسىلە؟ قارىسىلا «مودىر» جانابلىرى، ئاۋۇ دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۈنپېتىش تەرەپتىكى تار كوچىغا كىرسىلە «پاتەم جومباق» نىڭ ئاشخانىسى بار، شۇ يەرگە بارسىلا قاپقارا گۆش بېسىپ كۆڭۈللىرىدىكىدەك «مودىر پولۇسى» قىلىپ بېرىدۇ، — دېدى كۈتكۈچى پەس، ئەمما زەردىلىك ئاۋازدا چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇپ.

گەپنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ۋۇجۇدۇم غال - غال تىترەپ، چىرايىم تامدەك تاتىرىپ، ئالدىمدىكى پولۇنى بېشىغا ئاتقۇم كېپكەتتى. لېكىن، ئۆزۈمنى ئاران بېسىۋالدىم - دە، خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك پۇت - قولۇم كالۋالىشىپ دەلدەڭشىگىنىمچە تاماقخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

# تىلسەڭ تاپارسەن

## 1

بارات ئىشخانىسىغا ئەمدىلا كىرىپ نەچچە كۈندىن بېرى توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن ئۈستىلىنى سۈرتۈۋاتقىنىدا تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. «ئەتىگەندىلا كىم بولغىيدى ئەمدى، ئالدىرىغاندا ئىش قىلغىلى قويماي» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇرىغىنىچە تېلېفوننى ئالدى:

— ۋەي! بارات ئاكاشىما؟ تۈنۈگۈنىنىڭىياقى تېلېفون قىلسىپ ئالالمايمەنغۇ؟ ئىشلىرىڭىز بەك ئالدىراشمۇ - نېمە؟ دۇكانغىمۇ قاراپ قويۇڭ دەيمەن، ھېيت يېقىنلاشقاچقا، دۇكاندىكى ماللارنىڭ تۈگەيدىغانلىرى تۈگەپ، تۈگىمىگەنلىرى ئازلاپ قالدى، بۈگۈنلا مال كىرگۈزۈپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ! — تومۇچۇقنىڭ ئاۋازىدەك چۇڭقۇلداپ چىقىۋاتقان بۇ ئاۋاز باراتنىڭ دۇكىنىنى ئىككى يىلدىن بېرى بىر ئۆبدان باشقۇرۇپ بېرىۋاتقان قېيىنسىڭلىسى بەرناگۈلنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلار تەسىر قىلدىمۇ - قانداق باراتنىڭ كاللىسىغا «30 كۈندە بىر چىقىدىغان ئىككى توكتوك مائاشقا قاراپ سارغىيىپ ياشىغۇچە، مەنمۇ خەقتەك بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئاز - تولا پۇل تاپمايمەنمۇ» دېگەن خىيال كىرىپ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىن كىچىكرەك بىر ئۆينى ئىجارە ئېلىپ يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى ئاچقانىدى.

— مانا قارا، سەن يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى ئاچساڭ باشقىلارغا

ساتقۇدەك بىرنەرسە ئاشارمۇ ئۆزۈڭدىن، ھوي توققۇز چارا، — دەپ مازاق قىلىشقاندى ئەل- ئاغىنىلىرى.

ئۇ قاچان دۇكان ئاچتى، ئىچىشنىمۇ، چېكىشنىمۇ بىراقلا تاشلىدى. بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، بىر يوتقاندا يېتىپ دېگۈدەك بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، بىر تۇپ گۈلنىڭ شاخلىرىدىكى غۇنچە پورەكلەردەك بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان جانجىگەر دوستلىرى بىلەنمۇ ئاز ئۇچرىشىدىغان بولۇپ قالدى. قىسقىسى، سودا دېڭىزىغا غەرقلا بولغانىدى. مانا ھازىر دۇكىنى بارا - بارا كېڭىيىپ 12 ئادەم ئىشلىسىمۇ ئاران يېتىشىدىغان، سودىسى قايناق بىر دۇكانغا ئايلاندى. ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر، بەزىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك توپ سېتىش بازىرىغا قاتراپ مال كىرگۈزۈپ تۇرمىسا بولمايتتى. «شەخسىي مەنپەئەت شىكەر مەنپەئەت» دەپ كىم دېگەن بولغىيدىكىنتاڭ، شىكەر مەنپەئەت ئالدىدا ھۆكۈمەتنىڭ خېلى مۇھىم خىزمىتىمۇ كۆزىگە ئانچە كۆرۈنۈپ كەتمەيدىغان بولدى. ئەمما، «كۈندىلىك خىزمەتنىمۇ پۈتۈنلەي تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى شۇنداق ئالدىراشلىقتا ئۆتمەكتە. خىزمەت...... سودا...... ئىككى ئارىلىقتا ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالدى.

ئازراق پۇل تېپىۋىدى ئايالىنىڭ «پالانىنىڭ ئېرى ئۇنداق پۇل تاپىدىكەن نەي، پۇستانىنىڭ ئېرى مۇنداق باي بولۇپ كېتىپتۇ يەي، سىز زادى قانداق ئەر؟ قولىڭىزدىن ئاق تۇخۇمنى قىزىلغا بوياپ سېتىشمۇ كەلمەيدۇ سىزنىڭ......» دېگەندەك تاپا - تەنىلىرىمۇ بېسىقىپ قالدى. لېكىن، ئىدارە باشلىقىنىڭ «ئۇ ئىشنى ۋاقتىدا تۈگەتمەپسىز، بۇ ئىش چالا قاپتۇ، مائاشىڭىزنى تۇتىمەن، جەرىمانە تۆلەيسىز...... ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ!......» دېگەندەك پات - پاتلا تەنقىدلەپ تۇرۇشى ئۇنى بىزار قىلماقتا ئىدى.

## 2

— سۈغا چۈشكەن تاشتەكلا يوقاپ كەتتىڭغۇ مۇشۇ كۈنلەردە؟ پۇل

تـاپمەن دەپ ئىچىشىنمۇ، چېكىشىنمۇ، ھەتتـا...... ھەممىنـى بىـراقلا تاشلىدىلىڭ، مانا ئەمدى ئەل ـ ئاغىنىلەردىنمۇ قېچىۋاتىسەن، بىـز تېخـى كـۆپ ئەسقېتىــشىمىز جۇمـۇ! پـۇل، پـۇللا دەپ ئۇنــداق تاشلىــشىپ كېتىــشمەيلى،ــ ئەيــسانىڭ ئەتىگەنــدىلا قېيىداشــلىرىدىن باراتنىــڭ يۈزلىرى ئوت ئېلىپ چىملىدىغاندەك بولدى. تىلىغا ئـۆزىنى ئاقلايـدىغان بىرەر ئېغىز گەپمۇ كەلمىدى.

ــ «سۇغا چۈشكەن تاش» تەكلا دەيسەنغۇ؟ ئاغىنىمىز ئـادەتتىكى سۇغا چۈشمىدى جۇمۇ، دېڭىزغا، دېڭىز بولغانـدىمۇ تېگـى يـوق دېڭىزغـا شۇڭغۇۋاتىدۇ ھازىر. ئەلۋەتتە، ئاددىي كۆز بىـلەن كـۆرگىلى بولمايـدۇ ـ دە، بـۇ بـايۆەچچىنى،ــ دولقۇنىنــڭ تەنە گەپلـىرى ئـۇنى تېخىمـۇ تۇنجۇقتـۇرۇۋەتتى. دېمىسىمۇ ئـۇ بىـردە خىـزمەت، بىـردە دۇكـان دەپ ئىككى ئارىلىقتا قاتراپ يۈرۈپ زادىلا ئـارامچىلىق تاپالمايۋاتـاتتى. پۇلنىـڭ ئاجايىــپ سىـھرىي كـۈچى بەزىــدە تامـاق يېيىــشىنىمۇ ئۇنتۇلـدۇراتتى. ئـۇ يېقىندىن بېرى كۆرۈنەرلىك ياداپ قالغانىدى.

ــ قارا، بارات، ئىككى ئارىلىقتا قاتراپ جېنىڭنى بۇنچە قىينىغۇچە يا خىزمەتكە تۇرساڭ، يا خىزمەتنـى تاشلاپ سـودىغا تۇرسـاڭ بولمامـدۇ؟ ئىككىــسىنىڭ بىرســىنى قىــل، جــان دېــگەن كۈنــدە چېچەكلىمەيــدۇ ئـاداش،ــ دېـدى ئەيـسا ئىـچ ئاغرىتقانـدەك. يېقىنـدىن بېـرى ئۇنىـڭ كاللىسىغا شۇنداق خىياللار كىـرگەن بولـسىمۇ، لېكىن ئىككىلىنىـپ بىـر قارارغا كېلەلمەي يۈرەتتى.

ــ مەنمۇ مۇشۇ خىيالـدا يـۈرۈۋاتقىلى خېلـى كـۈنلەر بولـدى، بىـراق قايسىسىدىن كېچىشىم كېرەك، تېخى بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمەن، قېنـى ئېيتىڭلارچـۇ، زادى قايســىسىدىن كەچــسەم بــولار؟ــ دېــدى بــارات مەسلىھەت سوراپ.

ــ مېنىڭچە، ئازغىنە مائاشنى دەپ جېنىڭنـى قىينـاپ، باشـلىقنىڭ كـۆزىگە كۈنـدە نەچچە قېـتىم تەلمۈرگەنـدىن كـۆرە «ئـالە خىزمىتىڭنـى چېكەڭگە تاڭ» دەپ چاپانىنى سىلىپلا دۇكىنىڭنى تېخىمۇ كېڭەيتىپـرەك ئاچمامسەن؟ ئۇ چاغـدا زىممەڭـدىكى بېسىممۇ خېلـى يەڭگىللەيـدۇ، ئـۆز خـان، ئـۆز بەگ ياشـىغانغا نـېمە يېتىـدۇ،ــ دېـدى ئەيـسا كۆيـۈنگەن

تەلەپپۇزدا.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، ھەي پاقپاق! بىر ئورۇندا بىر كەسىپنى ئىشلەپ 22 يىلنى ئۆتكۈزۈش شۇنچە ئاسانمۇ؟ شۇنچە يىل ئىشلىگەن خىزمەتنى ئەسكى چاپاننى تاشلىغاندەك مۇشۇنداقلا تاشلاپ چىقىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ سەن كۆرەلمەيۋاتامسەنيا باراتنى؟!— دولقۇننىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى. گەرچە بارات خىزمەتتىن بىزار بولغاندەك ھېس قىلسىمۇ، ئەمما 22 يىللىق ئىستاژنى يەنە بىر يەرلىرىدىن قىيالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— دېگەنىبىلەن ئۆزۈڭمۇ قىيالمايدىكەنسەن- دە، ئۇنداق بولسا مېنىڭچە مۇنداق قىلساڭ قانداق؟— ئەيسا قانداقتۇر بىر ئوبدان ئەقىل تاپقاندەك ئىككىيلەنگە سوئال نەزەرىدە قارىۋىدى، باراتمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىغا قارىدى.

— سۆزلىمەمسەن ھوي، تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك تۇرماي، ئادەمنى تەقەززا قىلىپ،— دولقۇن باراتنىمۇ بەكرەك ئالدىرىغاندەك قىلاتتى.

— مېنىڭچە، پېنسىيەگە چىقىۋال، ئۇ چاغدا بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققان بولسەن ئەمەسمۇ؟

— پېنسىيەگە چىقىۋال؟ چاقچاق قىلمىساڭلارچۇ؟ مېنىڭ يا يېشىم توشمىسا، يا ئىستاژىم توشمىسا، پېنسىيەگە چىقالىشىم مۇمكىنمۇ؟— بارات تەئەججۇپلەندى.

— ماۋۇ پاقپاق توغرا دەيدۇ ئاداش، پېنسىيەگە چىقىۋال، نېمە؟ پاقا تەشكەن سويمىدەك كۆزۈمگە قارايسەنغۇ؟ خېلى ئىشلارغا كاللاڭ ئىشلەيدۇ سېنىڭ، مۇشىنچىلىك ئىشقا كاللاڭ ئىشلىمەيدا؟ كېسەللىك پېنسىيەسىگە چىقمامسەن ئەخمەق! — باراتنىڭ كاللىسىغا ئاستا نوقۇپ قويدى دولقۇن. ئۇ بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك بولدى. لېكىن، «مەن ئەزەلدىن بىرەر قېتىم بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىپ باقمىسام، كېسەللىك پېنسىيەسىگە چىقىمەن دېسەم كىم ئىشىنەر؟» دەپ ئويلاپ قالدى. دولقۇن باراتنىڭ نېمىدىندۇر تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بىرمۇنچە ئەقىل كۆرسەتتى. مەسلىھەت پىشتى. بارات ئەتىدىن باشلاپ

سىناپ باقماقچى بولدى.

## 3

«مۇسۇلماندارچىلىق ئاستا ـ ئاستا» دەپتىكەن. بارات سىناقنى قاق بەلدىنلا باشلىسا ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۈلۈشكۈن دولقۇننىڭ شەھەرلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان نەۋرە ئىنىسى بىلەن كېلىشىپ قويغىنى بويىچە دوختۇرخانىغا باردى. دوختۇرنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بولغاچقا، ئارتۇق سوراپ ئولتۇرمايلا بالنىستقا قوبۇل قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بارات بەش ئەزا بۆلۈمىدە ساقمۇساق 15 كۈن «داۋالاندى». ئارىلىقتا ئىدارىسىدىكىلەردىن يوقلاپ كەلگەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئالىجوقا پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ بىرلىرى ئىشىنىپ، بىرلىرى گۇمانلانغاندەك بېشىنى چايقىشىپ كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى.

ئۇ بالنىستتىن چىقىپلا ئالدى بىلەن 400 يۈەن خەجلەپ شەكلى ئويمۇئوخشاش، ئاما ئىقتىدارى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى دانە كۆزئەينەك سېتىۋالدى. ئۇنىڭ بىرسى ئادەتتىكىلا كۆز ئاسراش ئەينىكى، يەنە بىرسى 800 گىرادۇسلۇق چوڭايتىش ئەينىكى، بۇ خىل يۇقىرى گىرادۇسلۇق ئەينەكنى كۆزى نورمال ئادەملەر تاقىسا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى بېشىنمۇ تۈگمەن تېشىدەكلا پىرقىرىتىۋېتىدۇ.

بارات بۈگۈن ئەتىگەن ئۈستىبېشىغا نىمكەش كىيىملىرىدىن كىيىپ، كۆزىگە ئادەتتىكى كۆز ئاسراش ئەينىكىنى تاقاپ، ئۆزىگە بىر خىل ھارغىن، روھسىز تۈس كىرگۈزۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئوينايدىغان ۋاقىتقا ئۈلگۈرۈپ ئىدارىگە كەلدى. كۈتكىنىدەك مەيداندىكى ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇلدى.

ــ پاھ! پاھ! بالوبەن. كۆزئەينەكىڭىز ئالامەت يارىشىپتىغۇ؟ بۇ تۈرقىڭىزدا «لوبەن» ئەمەس كاتتا پىروفېسسورغىلا ئوخشاپ قاپسىز جۇمۇ، ــ دېدى ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دائىملا جاۋۇلداپ

تۇرىدىغان كۈنىڭىز.

— قاش - كۆزىڭىز كارامەت قاملىشىپتۇ! پاراس - پۇرسىلا ئوت چاقناپ كېتىپتۇ دەمسىز؟! خانىم، نەچچە يىلنىڭ ياقى كۆرمىگەنىما؟ مېنىڭ قاش - كۆزۈم ئەزەلدىنلا شۇنداق قاملاشقىلىق، خۇددى مېنى كۆرۈپ باقمىغاندەك...... — ئۇ قېيىدىغاندەك قىلىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. بىرلىرى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، بىرلىرى ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، يەنە بىرلىرى غۇدۇرىشىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىنلا ئىشخانىدىكى قالغان ئۈچەيلەنمۇ بىر - بىرلەپ كىرىپ ئورۇنلىرىنى سۈرتۈپ رەتلەشكە كىرىشتى. بارات ئالدىدىكى گېزىتتىن بىرنى ئېلىپ بىردە كۆزىگە يېقىن ئېلىپ كېلىپ، بىردە يىراق قىلىپ، بىردە كۆزئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىنى پۇرۇپ چىمچىقلاتقىنىچە تىكىلىپ قاراپ، ئاخىرىدا ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەندەك بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ، ئاغزىنى چىكىلدىتىپ گېزىتنى تاشلاپ قويدى.

— گېزىتتە سىزنى قىزىقتۇرىدىغان بىرەر خەۋەر يوقمىكەن باراتكا؟ — دېدى ئۇدۇلىدا ئولتۇرىدىغان بىر قاراشتا دېھقانىنىڭ تازا ئوخشىغان كاۋىسىنى ئەسلىتىدىغان سېمىز يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ. بارات ھېچنېمىنى ئۇقمىغاندەك قىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قارىغاندىن كېيىن:

— ماڭا گەپ قىلدىڭىزما؟ ئۈنلۈكرەك گەپ قىلىڭە ئۇكا، ئەتىگەندە نان يېگەندەك! ئاچچىقىم كەلمەيدۇ قاراڭ، مۇشۇ كۈنلەردە قۇلىقىم سەل ئېغىرلاپ قالدى، — دېدى.

— گېزىتتە ياخشى خەۋەر يوقمىكەن دەيمەن؟! — ۋارقىرىدى سېمىز يىگىت.

— قېرىدۇقمىكىنتاڭ ئۇكا، كۆزمۇ گېزىت خەتلىرىنى كۆرەلمەس بولۇپ قالدى، مانا قارىمامسەن دوختۇر بۇيرۇپ بەرگەن 800 گرادۇسلۇق ئەينەكمۇ كار قىلمايۋاتىدۇ شۇتاپتا.

— تېخى 45 كە بارماي تۇرۇپ نېمە دەيدىغانسىز ئۇكام، مەندەك 55 ياشلىق بوۋاينىڭ كۆزىمۇ تېخى بۈركۈتنىڭكىدەك روشەن تۇرمامدۇ مانا؟ ئەكېلىڭا ئاشۇ 800 گرادۇسلۇق ئەينىكىڭىزنى مەن بىر تاقاپ

باقاي، ــ سۇيى قۇرۇپ كەتكەن بۇلاقتەك ئورا كۆز خىزمەتدىشى ئەجەبلەنگەندەك قارىغىنىچە قولىنى ئۇزارتىپ كەلدى.

ــ ئەينەكنى دەمسىز؟ بولدى تاقىماڭ، بېشىڭىزنى قايدۇرۇپ «ھۆ!» قىلدۇرۇۋېتىدۇ دەيمەن سىزنى، ــ دېدى بارات كۆزىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ دەرھال يانچۇقىغا سالغاچ ۋە ئارقىدىنلا يەنە:

ــ بوپتۇ، كۆڭلىڭىز قالمىسۇن، تاقاپ كۆرسىڭىز تاقاپ كۆرۈڭ، تاقاپ كۆرگەنگە سىرى چۈشۈپ كەتمىگەندىكىن، لېكىنزە «ھۆ!» بوپ كەتسىڭىز ئۆزىڭىزگە جومۇ؟ ــ دېدى - دە، چاندۇرماستىن 800 گىرادۇسلۇق ئەينەكنى چىقىرىپ تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ ئاۋايلاپ ئېلىپ كۆزىگە تاقىدى - دە، سۆزلەپلا كەتتى:

ۋاي، ۋاي! بۇ قانداق ئەينەك ئۆزى؟! ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىمغۇ؟ مانا، مانا بېشىمۇ قېيىۋاتىدۇ، سىز قانداق كۆرەلەيسىز ئۇكا ھوي؟

ــ ئامال قانچە دەيسىز؟

ــ كېلىڭا مەنمۇ كۆرۈپ باقاي.

ــ مەنمۇ كۆرۈپ باقايچۇ؟

ئىشخانىدىكىلەر يۇقىرى گىرادۇسلۇق ئەينەكنى بىر - بىرلەپ تاقاپ كۆرۈشۈپ ھەيران بولۇشقىنىچە ئېغىزلىرىنى چاكىلدىتىشتى. بارات ھېچنېمە بولمىغاندەك ھاڭۋىقىپ تۇرغىنىچە ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇچەيلەن بىردە باراتقا، بىردە بىر - بىرىسىگە قارىشىپ كۇسۇرلاشقىلى تۇردى:

ــ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ جومۇ مېنىڭ، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ساپساق ئادەم تۇرۇپلا گاس - ئەما بولۇپ قالامدۇ؟ بىرەر ئويۇنغۇ يوقتۇ؟

ــ بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايدۇ جومۇ، ئاز - تولا سودىغا ئارىلىشىپ قالدى، سودىگەر دېگەن يالغان - ياۋىداقتىن، كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن خالىي بولالمايدۇ، «سامان ئارىلاشمىسا لاي بولماس، ھارام ئارىلاشمىسا باي بولماس» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ شۇڭا دەيمەن، كىشىنىڭ ھەققى تۇتقان گەپ، ــ دېدى ھەمىشە ئىشىنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلايدىغان چىرايى تاتىراڭغۇ، ياغاق يۈز چوكان بويۇنلىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ. ئۇلارنىڭ كۇسۇرلاشلىرىنى ئاڭلىغان بارات

غەزەپتىن تىترەپ كەتسىمۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى. ۋارقىراپلا قويسا ئەمدىلا باشلىغان ئويۇنىنىڭ «سىرى» ئېچىلىپ، سىناقتا مەغلۇپ بولاتتى. «قارىغاندا ئارتىس بولماقمۇ خېلى تەس ئىشكەن» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. باشقىلار پارىڭىنى سېلىۋەردى، باراتمۇ چاندۇرماي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى. بىردىنلا تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى، بارات ئاڭلىمىغاندەك پەرۋامۇ قىلمىدى. ئاخىر كاۋا قورساق سېمىز يىگىت سوزۇلۇپ تۇرۇپ تېلېفوننى ئالدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كىمنى ئىزدەيسىز؟ ھە، بارات ئاكامنىما؟ ماقۇل، ماقۇل...... — ئۇ تۇرۇپكىنى جوزىغا قويۇپ باراتقا قاراپ ۋارقىرىدى، — تېلېفون! سىزنى ئىزدىدىكەن!

— تۇل خوتۇن سىزنى ئىزدەيدىكەن دېدىڭىزما؟ — سوئال نەزەرىدە قارىدى بارات ئۇنىڭغا. شۇئان ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمىگە شۇنچە كۈلۈشىسىلەر، بىرەر تۇل خوتۇن ئىزدەپ كەلسە نېمە بوپتۇ؟ ھەرقايسىڭىز خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن بولغاندىكىن تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىر، بەشتە كاپالەتلەر ئىزدەپ كېلىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىغۇ! — قەستەنگە ئاچچىقلاندى بارات.

— ۋاي باراتكا، نەدىكى تۇل خوتۇن ئۇ، مۇشۇ كۈنلەردە تۇل خوتۇن چۈشەپ يۈرۈۋاتامسىز نېمە؟ تېلېفون دەيمەن! تېلېفون! — سېمىز يىگىت چاققانلىق بىلەن تۇرۇپكىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك قىياپەتتە ئىشخانىدىكىلەرگە بىر-بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن تۇرۇپكىنى قۇلىقىغا ياقتى:

— ۋەي! ھە، نېمە! ھەي، ئۇنىلۇكرەك گەپ قىلىڭا؟! نېمە دېدىڭىز؟ ئەستا، ئاڭلىيالمىدىم...... بولدى، بولدى، مەن ھازىرلا يېنىڭىزغىلا باراي!

بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئىدارىدىكىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى باراتنى كۆرسىلا كۈسۈرلىشىدىغان، كۈلۈشىدىغان، ھەتتا يامان گېپىنىمۇ بەخىرامان ھالدا قىلىشىدىغان بولدى. ئۇنىڭ «ئەيىب - نۇقسانلىرى» ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ قۇلىقىغىمۇ ئانچە - مۇنچە يەتكەن بولسا كېرەك، بىرەر ئىشنى تاپىلىسا خېلى ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بارات كېسەللىك سەۋەبلىك دەم ئېلىشقا چىقىش ئىلتىماسىدىن بىرنى تازا كېلىشتۈرۈپ يېزىپ رەھبەرلىككە سۇندى.

## 4

ــ بۈگۈن ئىككىڭلارنى ئۆيۈمگە چاقىرىشتىكى مەقسەت يەنە شۇ دەم ئېلىشقا چىقىش ئىشىمنىڭ نۆۋەتتىكى تۇسالغۇسىدىن قانداق قىلىپ ئۆتۈشلۈق ئۆتنۈشنى مەسلىھەت قىلىش، دەسلەپكى باسقۇچتىكى «ئويۇن»نى سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلار بويىچە ئوبدان ئوينىغاچقا، ئىدارە رەھبەرلىكى ئىلتىماسىمغا قوشۇلۇپ كادىرلار ئىدارىسىگە يوللىغانىدى، كادىرلار ئىدارىسىدىكىلەرمۇ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلۇپتۇ. ئەمدىكى گەپ دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن قانداق ئۆتۈشتە قالدى. ئاڭلىسام بۇ يىلدىن باشلاپ بۇ ئۆتكەل ئىنتايىن چىڭ تۇتۇلارمىش، سىلەرنىڭ قانداق ئوبدان مەسلىھەتىڭلار بار، ئايىمىغايسىلەر،ــ دېدى بارات ئىككىيلەنگە تەكشى قاراپ.

ــ ماڭا قارا، ھازىر دېگەن نەقنىڭ زامانى، ھازىر ھېچ يەردە قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ، ئالدى بىلەن خۇشامىتىڭ بولسا قىلمامسەن گاچ - گۇچ! ئادەم قىلىدىغان ئىشلارغۇ ئۇ، چارە - تەدبىر دېگەن ھامان تېپىلىدۇ. ئالدى بىلەن سەي - پەيلىرىڭدىن كەلتۈرۈپ ئەڭ ئاچچىقىدىن قۇيمامسەن بىر - ئىككى رومكا.

ــ ما پاقپاق راست دەيدۇ جۇمۇ! سەنمۇزە، «مېكىيان سەمرىگەنچە بىرنېمىسى قورۇلىدۇ» دېگەنىدەك، باي بولغانچە پىخسىقلىشىپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ ئاداش! كونىلار: «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، ئالدى بىلەن بېرىدىغىنىڭنى بىر ئەكەل، خۇشامىتىڭگە قاراپراق ئاندىن «ئۇنۇملۈك» تەدبىرلەرنى كۆرسەتمەيمىزمۇ......

ــ ھەي، ھەي پاقپاق، دارازا! يەيدىغان، ئىچىدىغانلا بولساڭلار سىلەردىن ئايلانسۇن دوستلىرىم، لېكىن ئۆزۈڭلار بىلىسىلەرغۇ، مۇشۇ ئىچىش، چېكىش دېگەننى تاشلىغاندىن بېرى، ئۆيگە شۇ نەرسىلەردىن

ئەكېلىپ قويماپتىكەنمەن، بولمىسا، ئاۋۇ رەھمان يۈتازىنىڭكىگە بېرىپ پاراڭلاشمايلىمۇ ئەمىسە؟

— ما گېپىڭنىڭ خېلى جېنى بار، جۇرە ئەمىسە كەتتۇق. لېكىنزە، بېرىم يولدا غېپىدە تىكىۋېتىدىغان بولساڭ، بارلىق يالغانچىلىقلىرىڭنى ئاشكارىلىۋېتىمىز جۇمۇ!

شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشتا نۇرغۇن تالاش- تارتىشلار بولدى. دوختۇرخانىدىكى مۇھىم ئەربابلاردىن ئىككىنى چاقىرىپ مەسىلىھەتمۇ سورىغان بولۇشتى. ئۇلارمۇ قولىنىڭ كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغان بولۇپ ۋەدە بېرىشتى. لېكىن، كەيپىلىكتە بەرگەن ۋەدىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ئاخىر يەنە «شاپتۇل چېچىكى» بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى مۇۋاپىق كۆرۈشتى. ھازىر مودا بولۇۋاتقان، ئەڭ ئاقىدىغان ئىشەنچلىك چارىمۇ شۇدەك قىلاتتى.

بارات بېكىتىلگىنى بويىچە كۆز، قۇلاق ئىككى ئەزانى تەكشۈرتىدىغان بولغاچقا، ئاز بولغاندىمۇ «كونۇۋېرت»تىن ئىككىنى تەييارلاپ، ئوبدانراق سوغا - سالاملارغا قوشۇپ تەكشۈرىدىغان كۈنىنىڭ ھارپىسىدا تەكشۈرۈشكە مەسئۇل دوختۇرنىڭ چۆنتىكىگە سۇڭگۈتمەكچى بولدى.

بەدەن تەكشۈرتىدىغان كۈنمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى. بىراق، بارات باشقىلاردىن كېيىن قالسا كېرەك، ھارپا كۈنى كەچتە مەسئۇل دوختۇرلار بىلەن ئۇچرىشالمىدى. ئۇلارنى كىمدۇ بىراۋلار ئالللىبۇرۇنلا زىياپەتكە چاقىرىپ كېتىشكەنىدى. سوغاتلىرىنى بېرەلمىگەنلىكىگە ئۇنىڭ ئىچى لازا قۇيغاندەك ئاچچىق بولۇپ، ئىشلىرىمدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالارمۇ دېگەن تەشۋىشتە خېلىلا تىت - تىت بولدى. شۇ كېچە ئۇيقۇسىز ئۆتتى.

ئەتىسى ئەتىگىنى ئۇ «تەكشۈرتۈش جەريانىدا پۇرسەت كۈتۈپ غىپلا قىلىپ سۇڭگۈتۈۋېتەرمەن» دېگەن نىيەتتە ئىككى «كونۇۋېرت»نى ئىككى يانچۇقىغا ئاۋايلاپ سېلىپ، بەلگىلەنگەن دوختۇرخانىغا كەلدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسىلا باشقا ئىشلاردىن ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمەيتتى. چۈنكى، ئەيسا پاقپاق، دولقۇن دارازىلارمۇ

نەچچە كۈندىن بىرى قاراپ تۇرماي ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىنى «پىرىنسىپ جەھەتتىن» بىر يەرگە ئەكىلىپ بولغانىدى.

تەكشۈرۈش نۆۋىتى باراتقا كەلگەن چېغى كۆز بۆلۈمىنىڭ سېستراسى ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. ئۇ بىرئاز جىددىيلەشكەندەك بولۇپ تەكشۈرۈش ئۆيىگە ئاستا كىردى. مەسئۇل دوختۇر قارىماققا ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ياش چوڭدەكلا كۆرۈنىدىغان، ئوتتۇرا بوي كېلىشكەن كىشى ئىدى. ئۇ ئورۇق، ئېگىز كەلگەن بىرسىنىڭ كۆزىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى.

— كۆزىڭىزنىڭ نۇر يىغىش ئىقتىدارى شۇنداق ياخشىكەنغۇ؟ مۇگگۈز پەردىسىمۇ نورمال، سىزنىڭ كۆزىڭىزدە ھېچقانداق......

تەكشۈرتكۈچى دوختۇرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھاللا پەملىدى بولغاي، گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا سىھىرگەردەكلا ھەرىكەت قىلىپ، چاپىنىنىڭ يېڭىدىن قېلىنلا بىر كونۋېرتنى چىقاردى ـ دە، دوختۇرنىڭ خالتىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ئۈلگۈردى.

— بۇ، بۇ.......؟ — دوختۇر سەل ھودۇققاندەك بولۇپ بىردە ھېلىقى كىشىگە، بىردە باراتقا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. بارات كۆز ئەينىكىنى سۈرتكەچ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن قىياپەتتە دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدى.

— خاپا بولماي ئوبدانراق كۆرۈپ باققان بولسىڭىز دوختۇر، كۆزۈمنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى راستتىنلا بەك تۆۋەن، خېلى چوڭ ـ چوڭ خەتلەرنىمۇ كۆرەلمەيمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى يېلىنغان تەلەپپۇزدا.

— راست شۇنداق ئوخشايدۇ، بايا مەن تازا ئېنىق بايقىماپتىمەن جۇمۇ، ئەنە قاراڭ، كۆز گۆھىرىڭىزنىڭ تومۇرلىرى يىگىلەپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ھالدا قانداقمۇ ماتېرىيال كۆرگىلى بولسۇن! بولدى، بولدى سىز چىقىۋېرىڭ ـ ھە! چىقىۋېرىڭ......

ئۇ كىشى «ئۇھ!» دەپ ئېغىر تىنغىنىچە چىقىپ كەتتى. دوختۇر تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تېزلا يېزىپ بولۇپ قېنى سىز كېلىڭ دېگەندەك نەزەردە باراتقا قارىدى.

— ئەينىكىمنى ئېلىۋېتىمەنمۇ ياكى؟ — سورىدى ئۇ دوختۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— ئەلۋەتتە ئېلىۋېتىسىز - دە! قېنى كېلىڭ ماۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ.

— ئەينەكنى ئېلىۋەتسەم ھېچنېمىنى كۆرەلمەيمەن جۇمۇ دوختۇر، ئەينەك تاقىسامۇ كۆرەلمەيۋاتىسام.

— نېمە دەيدىغانسىز ھوي ئۇكام، ياپياشلا تۇرىسىز، ئەكېلىڭا ئەينىكىڭىزنى كۆرۈپ باقاي،— دېدى دوختۇر قولىنى سۇنۇپ. بارات ئەينەكنى ئۇنىڭغا سۇندى. دوختۇر كۆزىگە تاقاپ كۆرۈپلا سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي بۇ مىڭ گىرادۇسلۇق ئەينەكمۇ - نېمە؟ بېشىنى ئايلاندۇرۇپلاۋەتتىغۇ، ئادەتتە مۇشۇ ئەينەكنى تاقاپ يۈرەمسىز؟

— نېمە ئامال دەيسىز دوختۇر، جىق داۋالاندىم بولمىسا، ساقايمىدى، مۇشۇ ئەينەكتىمۇ ئېنىق كۆرەلمەيمەن دەڭا!......

— قېنى يېقىنراق كېلىڭ، كۆرۈپ باقاي...... — ئۇ ئاندا - مۇندا تەكشۈرگەندەك قىلىپلا بولدى قىلدى، ئاندىن تەكشۈرۈش جەدۋىلىگە «نېرۋا خاراكتېرلىك كۆرۈش قۇۋۋىتى ناچارلاشقان، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدۇ، ماتېرىيال كۆرسە قەتئىي بولمايدۇ» دېگەن نەتىجىنى تولدۇرۇپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن باراتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە:

— ئەمدى قۇلاق بۆلۈمىگە كىرىڭ، ئۇدۇل ئىشىك شۇ،— دەپ كۆرسىتىپ قويدى.

بارات ئالدىنقى كىشىدىنمۇ بەكرەك چوڭقۇر بىر «ئۇھ!» تارتىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ قۇلاق بۆلۈمىگە كىرگەندە ئۇنىڭدىن باشقا قۇلاق تەكشۈرتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. كىرىشىگىلا:

— قېنى چاپسان بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ،— دېدى گەۋدىسى خۇددى قاسساپنىڭ گۆش چانايدىغان كۆتىكىگىلا ئوخشايدىغان دوختۇر تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك.

— نېمە دېدىڭىز؟ چاپان سېلىپ ئولتۇرۇڭ دېدىڭىزما؟ مەن يۈرىكىمنى تەكشۈرتمەيمەن دوختۇر، قۇلىقىمنى تەكشۈرتىمەن، قۇلىقىمنى،— دېدى بارات ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان قىياپەتتە دوختۇرنىڭ

ئاغزىغا دەلدۈشتەكلا ھاڭۋىقىپ قارىغىنىچە. ئۇ «ئويۇن»نى يەنە باشلىدى.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ مەنمۇ شۇ قۇلىقىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆرەي دەۋاتىمەن، ھە مانا، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، — دوختۇر ئۆردەكتەك ئىرغاڭلىغىنىچە كېلىپ قولىدىن تارتقىنىچە ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى قۇلىقىغا توغرىلىدى. خېلى تەپسىلىي تەكشۈرگەن بولسا كېرەك، تەكشۈرۈش ۋاقتى باراتقا شۇنداق ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. ۋاقىت ئۇزارغانچە يۈرەك رىتىممۇ تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن «كونۋېرت»نى چاندۇرماي يانچۇقىغا سېلىپ قويغىلىمۇ پۇرسەت بولماي ۋاتاتتى.

— ماڭا قاراڭ، سىزنىڭ قۇلىقىڭىز ساپساقتەك قىلىدىغۇ؟ — دوختۇر تەكشۈرۈشنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇردى. بارات يەنىلا ئاڭلىمىغان قىياپەتتە:

— نېمە؟ چىشلىرىڭىز ئاپپاقلا تۇرىدۇ دەمسىز؟ چاقچاق قىلمىڭا دوختۇر، چىش دېگەن ئاق بولماي قارا بولامتى ئەمىسە؟ — دېدى ھەيران بولغان قىياپەتتە.

— بولدى قىلىڭ، سىز مېنىڭ ئالدىمدا تولا «ئويۇن» ئوينىماڭ، قۇلىقىڭىز ساقكەن، — دېدى دوختۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ جىددىي تەلەپپۇزدا. «ھىم! ھۈنەرلىرىم سۇغا چىلىشارمۇ ئەمدى» دېدى بارات ئىچىدە. شۇنداقتىمۇ يەنىلا «ئويۇن»نى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ئالدىمدا بويۇن تولغىماڭ؟

نېمە دەيدىغانسىز دوختۇر، بويۇن تولغاشقا ھەددىممۇ مېنىڭ! بىر ئوبدان قۇلىقىمنى تەكشۈرۈپ قويۇۋاتسىڭىز، — دېدى ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرغاچ. دوختۇر تەئەججۈپلەنگەندەك بېشىنى چايقىغىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قولىدىكى قىزىل نۇرلۇق ئېلېكتىر چىراغنى ياندۇرۇپ قايتىدىن قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە تۇتتى. ئۇ كۈتكەن پۇرسەت ئاخىر كەلدى. سۈس تىترەۋاتقان قولىنى يانچۇقىغا سالدى - دە، «نېمە كۆرسەم كۆرەي» دەپلا تەۋەككۇل قىلىپ «كونۋېرت»نى چىقىرىپ خالاتنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ئۈلگۈردى. سەل جىددىيلەشكەنلىكىدىنمۇ-

قانداق، قولى دوختۇرنىڭ بىقىنىغا ئۇبدانلا تېگىپ كەتتى. شۇئانلا يانچۇقىنى سىلاپ كۆرگەن دوختۇرنىڭ چىرايى تۇرۇلدى. بېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا يەنە بىر بىمار كىرىپ كەلدى. «ئاپلا، خەقنىڭ ئالدىدىلا كونۇپىرتىنى يۇزۇمگە ئاتمىغىيدى» دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى، لېكىن دوختۇر دېمەكچى بولغىنىنى «غۇرت»لا قىلىپ ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، بىردىنلا يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتتى، باراتقا قاراپ غەلىتىلا ھىجايدى ۋە:

— قۇلىقىڭىز قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ئاڭلىماس بولۇپ قالدى يىگىت؟ — دەپ سورىدى.

گەرچە باراتنىڭ «ئويۇن»نى يەنە داۋاملاشتۇرۇشىنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ھاجىتى قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما رەسمىيەت ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر باھانە كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلدى.

— قانداق قىلىپ بولاتتى دوختۇر، مېنىڭ كەنجى تېيىمنى بىلمەيسىز، ئۇ بەك شوخ، بەك ئوماق، ماڭا قەۋەتلا ئامراق دەڭا، بىر كۈنى سۆيۈپ قويىمەن دەپ ئېسىلىپ تۇرۇۋالدى، «ئەمىسە ئىككى قۇلىقىمنى چىڭ تارتىپ سۆيۈپ قوي» دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپتىكەنمەن، تۇيىمايلا قالدىم، ئىككى قۇلىقىمنى تۇتقان پېتى كۈچەپ بىر تارتىماسىمۇ، «ۋاي»لا دېدىم، قۇلاقلىرىم ۋىڭىلداپ، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى، شۇنىڭدىن بۇيان...... — دوختۇر خۇشياقمىغاندەك كۈلۈپ قويۇپ:

— قارىسام قۇلىقىڭىزنىڭ قاسقانلىرى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئۇزۇن ئىكەن، مەن تېخى «شۇجىسى»نىڭ ئاچچىقى يامان بولسا ھەر كۈنى تارتقۇشلاۋېرىپ مۇشۇنداق ئۇزىرىپ قالدىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يېزىۋېتىپ. باراتنىڭ كۆزى «ئوتتۇرا قۇلاق پەردىسى پۈتۈنلەي كاردىن چىققان، داۋالاش ئۈنۈمى يوق، كېيىنچە پۈتۈنلەي ئاڭلىيالماس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن......» دېگەن خەتلەرگە چۈشكەندە ئۆزىنى خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

— بولدى، خاتىرجەم بولۇڭ، تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى بىر

بىرتوتاش يەتكۈزۈپ بېرىمىز، چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى دوختۇر باراتنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك يەنە بىر قېتىم بېشىدىن ئايىغىچە تەپسىلىي قاراپ.

بارات «رەھمەت!» دېدىمۇ، دېمىدىمۇ ئېسىدە يوق، يانچۇقىدا ئامان قالغان يەنە بىر «كونۋېرت»نى چىلەك تۇتقىنىچە دوختۇرنىڭ كۆزىدىن دەرھاللا غايىب بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ سەككىز سائەتلىك تۈزۈمدىن، مۇھىمى ئۇششاق سۆز، باشلىقلارنىڭ «نېرى تۇر، بېرى تۇر......»لىرىدىن بىر يوللا قۇتۇلۇپ، تېرىلىرى كەڭرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

باراتقا ئۆز تىجارىتى بىلەنلا بولۇپ ئەركىن - ئازادە ياشاۋاتقىلى ھەش- پەش دېگۈچە ئىككى يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇ يېڭىلا سېتىۋالغان «TOYOTA» ماركىلىق ماشىنىسىنى ھەيدەپ يېزا - قىشلاقلارنى، تاغ - داللارنى ساياھەت قىلىپ، گۈزەل تەبىئەتنىڭ رەڭدار مەنزىرىلىرىدىن راھەتلەنگەن چاغلىرىدا ئۆز - ئۆزىدىن ئالەمچە پەخىرلىنىپ كېتىدۇ. بەزىدە يەنە ئاشۇ سەككىز سائەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن 22 يىللىق ھاياتىنىمۇ ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە ئەسلەپ قالىدۇ.

## 5

ئەتىگەندىلا ئىشقا ماڭغان دولقۇن دارازا دوختۇرخانا تەرەپتىن چىرايىنىڭ ئۆڭگۈسۈلى يوق، بەئەينى ئىت قوغلىغاندەك پالاقلاپ كېلىۋاتقان ئەيساغا يولۇقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاداش، ئالدىراش كۆرۈنىسەنغۇ؟ نېمە بولدى، چىرايىڭمۇ تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرىڭ چۆچەكتەك ئويۇلۇپلا كېتىپتىغۇ؟ بىتاپ بولۇپ قالمىغانسەن؟!

— نەدە يۈرسەن ھوي دارازا، ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى قارىڭنى كۆرگىلى بولمايدا!؟ يان تېلېفونۇڭنى ئېتىۋاپسەن، ئۆيۈڭنىڭ

تېلېفونى توختاپ قاپتۇ، شۇنچە نامراتلىشىپ كەتتىمۇ؟ نېمە قىلىسەن جىددىي پەيتتە ئەسقاتمىغان تېلېفوننى؟!......

— قايناپلا كەتتىڭغۇ هوي! ساڭا نېمە بولدى زادى؟ مەن بوقاپ كەتمىدىم، كاماندىروپكىغا بارغان، ئاخشام كەچ كېلىشىم، بۈگۈن ئىزدەي دەپ تۇرغان سېنى.

— بولدى، گەپنى ئاز قىلىپ دەرھال دوختۇرخانىغا بار!

— نېمە بولدى زادى؟ كىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى؟!— دولقۇننىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك دېمى سىقىلىپ كەتتى.

— نېمە بولدى دەيسەنغۇ؟ پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەن شۇنچە چوڭ ۋەقەنى ئاڭلىمىدىڭما؟!

— ئەزبىرايى خۇدا ئاڭلىمىدىم، ئادەمنى تىت - تىت قىلماي تېزرەك دېسەڭچۇ، كىمگە نېمە ئىش بولدى؟

— بارات ئاغىنىمىز ئېغىر ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ......— ئەيسانىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا دولقۇننىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ، يۈرىكى «قارت» قىلىپ ئاغقاندەك بولدى - دە، ھاپىلا - شاپىلا دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئىلاھە ئامىن! رەھمەتلىك دوستۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!......

— نېمە دەۋاتىسەن ھوي دارازا! سەن ساقمۇ، مەسمۇ؟ گېپىمنى تولۇق ئاڭلىماي تۇرۇپلا!...... چۇشۇرە قولۇڭنى!

— ئۇ تېخى ھاياتما؟ ئاللاغا شۈكرى، مەن تېخى دوستىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان چېغىمىز دەپتىمەن.

— ھايات بولماي ئەمسە، لېكىن جاراھىتى بەك ئېغىر، مانا بۈگۈن ھوشسىز ياتقىنىغا ساپمۇساق ئۈچ كېچە، تۆت كۈندۈز بولدى. ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بېشىدا ھازا ئېچىپ تۇرۇۋاتىدۇ شۇ تاپتا.

— قانداق بولۇپ بۇ قازاغا يولۇقۇپتۇ؟

— مەنمۇ تېخى تەپسىلىيرەك ئاڭلىغۇچى بولمىدىم، باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ھېلىقى نايناق نازىنىنلىرىدىن ئىككىنى ئېلىپ گۈلساي سەيلىگاھىغا ماڭغان چېغى، يېرىم يولغا بارغاندا ماشىنىسى يول

ياقىسىدىكى ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، دوختۇرنىڭ دېيىشىچە. مېڭىسى ئېغىر سىلكىنىپتۇ. كۆز گۆھىرى جاچراپ كېتىپتۇ، قۇلاق پەردىلىرى يىرتىلىپ پۈتۈنلەي كاردىن چىقىپتۇ، ساقايغان تەقدىردىمۇ قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، كۆزى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالارمىش.

— ئاھ خۇدا! بۇ بەختسىزلىكنى كۆرمەمدىغان، ئەل - ئاغىنىلىرىمىز ئىچىدە بۇ دوستىمىز روناق تېپىپ، باش كۆتۈرۈپ يۈزىمىزنى يورۇق قىلغانىدى، قارىمامدىغان كۆز تەگكەنىدەكلا ئىش بولغىنىنى! بىرگە بارغان نايناقلىرىچۇ؟

— «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم يوق» دېگەنىدەك، ئۇلار ھېچنېمە بولماپتۇ. ئەممازە، يەپ ئىچكەنىدە «ۋاي باراتجان، ۋاي بالوبەن» دەپ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىراپ يۈرگەن ئۇ ناكەسلەر ھازىرغىچە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى دەيمەن!!

— مۇشۇنداق ۋاپاسىز جاھان بۇ! دوست - دۈشمەنلەرگە كۈلكە بولىدىغان بولدى - دە! دېمىسىمۇ نەسىھەتلىرىمىزنى ئاڭلاپ، ئاشۇ «شەيتان»لارنىڭ، يەپ قاچار مەلئۇنلارنىڭ ۋەسۋەسىسىگە كىرمىگەن بولسا قانداق بولار ئىدىكىن؟ بولدى قىل، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال دېسەك «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دەپتىكەن، نەچچە كۈن بولسىمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئۆتكۈزمەيمەنمۇ دەپ پەرۋا قىلمىدى، ھەي ئىسىت......

— تۈنۈگۈن ھېلىقى ئۇدۇل قوشنىسى ھېلىم پالاقنىڭ غاز بويۇن ئوغلى، ئىسمى نېمىتى؟ ھە توغرا، قۇۋان قوناقشېخى ئۇچراپ ئەھۋالىنى سورىدى، نەدىن بىلەي ئۇنىڭ ئىچىنىڭ بۇنچە قوتۇرلۇقىنى، بولغان ئەھۋالنى دەپ بېرىپتىمەن، نېمە دەيدۇ دېمەمسەن، «قارىماققا تۈز كۆڭۈل، سەممىي ئادەمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىچى - تېشى ھىيلە - مىكىر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى ئاغىنىمىزنىڭ، خەقنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، ئىككى - تۆت تال پۇل تاپتىم دەپ كۆرەڭلەپ ئىشتىنىغا پاتماي قېلىۋىدى، مانا ئەمدى جاجىسىنى يەپتۇ......» دېمەسىمۇ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، تاسلا قالدىم ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت سالغىلى، ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋېلىپ ئالدى - كەينىمگە قارىماي كەتتىم.

— دېمىسىمۇ بىر چاغلاردا يالغاندىن گاس، ئەما بولۇۋېلىپ

خۇددى ئۇستا تىياتىر ئارتىسىدەك قاملاشتۇرۇپ «ئويۇن» ئويناپ ئىدارىسىدىكىلەرنى راسا گۆللىگەنىدى، شۇ چاغدىلا ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەن بولغىيمىدى دەپ قالدىم ئاداش، «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك راستىنلا گاس، ئەما بولۇپ قالارمۇ - ھە؟

— ھەي، ئاغزىڭنى ئۇشۇتمىگىنە، ئەل - ئاغىنە تۇرۇپ سەن مۇشۇنداق دېسەڭ باشقىلار نېمىلەرنى دېمەيدۇ! بولدى، گەپنى ئاز قىلىپ دوختۇرخانىغا بېرىپ تۇر، ئەتە ئۈرۈمچىگە يۆتكەيمىز دەۋاتىدۇ، مەن كىيىمنى ئالماشتۇرۇپلا كېلىمەن.

## 6

ئىككى ئاي بولغاندا باراتنى ئۈرۈمچىدىن ياندۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئەمدى تالا - تۈزگە چىقالمايتتى، ئېسىل ماشىنىسىنى پىرقىرىتىپ ھەيدەپ كۆڭلى خالىغان جايلاردا سەيلە - ساياھات قىلالمايتتى، قايناق ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنىمۇ ئاڭلىمايتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق ئىدى. ئەيسا، دولقۇنلار يوقلاپ كىرگەندىمۇ پەقەت پات - پاتلا ئېغىر «ئۇھ!» تارتىپ قويغاندىن باشقا گەپ - سۆز قىلمايتتى. ئۇ راستىنلا مەڭگۈلۈك گاس، ئەما بولۇپ قالغانىدى.

# يىرتىق گەپ

ھەممىلا كىلىشمەسلىك ماڭىلا كىلەمدۇ ـ قانداق، پۈتۈم سۈنۈپ كىسەل كارىۋىتىغا بەند بولدۇم. تەرتىممۇ ئورنۇمدىلا بولاتتى. قىرىشقاندەك بۈگۈن كىچىك تەرەت تولا كەلدى، ھەر قېتىم خىجىللىق ئىچىدە ياتاقداشلىرىم ۋە ئۇلارغا قارايدىغانلارنى، كىسەل يوقلاپ كەلگەنلەرنى سىرتقا چىقىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنەتتىم. تېخى 10 مىنۇتمۇ بولمىغاندۇ تەرەت قىلغىلى، مانا مۇشۇ تاپتا كىچىك تەرىتىم يەنە قىستاپ كەتتى. ياتاقتا يېڭىدىن كىرگەن ئاقپىشماق، كۆلگۈنچەك يىگىتنى يوقلاپ كىرگەن ئۈچ چوكان قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. قىستاش ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەندە ئامالسىز ياتاقتىكىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ تۇرۇشنى ئۆتۈندۈم، كونا ياتاقداشلىرىم ئەھۋالىمنى بىلگەچكە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشتى، لېكىن ئۈچ چوكان غېمىدە يوق ئۆز پارىڭى بىلەن بولۇۋاتاتتى، ئاخىرقى قېتىم ئىلتىجا قىلدىم:

ــ خاپا بولماي، سىلەرمۇ بىر ـ ئىككى مىنۇت سىرتتا تۇرۇپ تۇرساڭلار بوپتىكەن.

ــ ھوي، نېمانداق تولا تەرەت قىلىدىغان يىگىتسىز توشقاندەك، ــ دېدى قارىقۇمچاق، بەدەنلىرى تار كۆڭلىكىگە لىقلا تولغان، يوغان، دومىلاق كۆزلىرىدىن بىر خىللا نۇر جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان چوكان چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي.

ــ ئامال قانچە، مېنىڭمۇ سىلەرنىڭ پارىڭىڭلارنى ئۈزۈپ قويغۇم يوق ئىدى، لېكىن...... ــ خىجىللىق ئىچىدە گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم ئاستا يېنىچە بولۇۋېتىپ، ــ ئوكۇل سوغۇق

كەلدىمۇ بىلمىدىم، كىچىك تەرىتىم مۇشۇنداق تولا قىستايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدىم.

— قارىغاندا مەزى بېزى ياللۇغى بولۇپ قاپسىز- دە؟ — دېدى يەنە بىر چوكان چىرايىنى ئۆزگەرتىپ. غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ئۇپراتماي دەپ جىم بولدۇم.

— قارىغاندا كىچىك چېغىدىمۇ تەرلەپ كەتمەي دەپ يوتقىنىنى هۆلدەپ ياتىدىغانلاردىن بولسا كېرەك، شۇڭا كۆنۈپ قالغان گەپ، — دېدى يوغان كۆز چوكان چىرايىنى بىرقىسما قىلىپ. پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— سادىغاڭ كېتەي، مېنى خىجىل قىلماي بىر مىنۇت، پەقەت بىر مىنۇتلا سىرتقا چىقىپ تۇرساڭلار بەكلا قىستاپ كەتتى، — دېدىم يالۋۇرۇپ.

— بولدى، بولدى، ئادەمنى ئاۋارە قىلماي قويۇۋېرىڭا، ئوهۇش....... — ئۇلار راستىنلا چىقىپ تۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ؟

— هېچقانداق بولمايدۇ، ئەمىسە كۆزىمىزنى يۇمۇۋالايلى، بولۇڭە تېز.

— ياق، ياق، ناۋادا كۆزۈڭلار ئېچىلىپ قالسا؟.....

— ئېچىلىپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ بىزنىڭ «كۆز»ىمىز ئاللىبۇرۇنلا ئېچىلىپ بولغان.

— كۆرۈپ قالىسلەر دەيمەن.

— ها، ها، ها.....

— هى، هى، هى.....

— هۇ، هۇ، هۇ.....

— بۇ..... بۇ.....

مەن بولالماي سىيدۈك قاچىسىغا قويۇۋەتتىم.

— ها، ها، ها!!! ئەنە قاراڭلار، تايىنلىق ئىكەنغۇ!

ياتاقتا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، باياتىن ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولغانىدىم، ئەمدى نېمىشقىدۇر ئانچە خىجىللىق هېس قىلمىدىم، ئۇلارغا پەرۋايىم پەلەك هالدا ئۆزۈمنى تۇزەشتۇرۇپ يېتىۋالدىم.

يەنە ئېمىلەرنى دېيىشتىكىن قورقۇمىغا كىرمىدى. كۆلكە بېسىقىپ بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان بىمارنىڭ قاتتىق ئىنجىقلاۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىردى.

— ۋايجان، ۋايىيەي، مەن بولالمىدىم، دوختۇرنى چاقىرىڭلار، — دېدى ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ.

بىردەمدىلا يۈزلىرى تاتىرىپ، بۇرۇن ئەتراپلىرىغا سوغۇق تەر ئۆرلەپ چىقتى. ياتاقتىكىلەر ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتتى. چاقىرىش قوڭغۇرىقىنى ئارقا - ئارقىدىن باستىم. دوختۇر كىردى.

— ۋاي، نېمە بولدى سىزگە، خېلى ياخشى بولۇپ قالغانتىڭىزغۇ؟ — دېدى دوختۇر تەكشۈرگەچ.

— ئوپېراتسىيە قىلىپ تىككەن يەر بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئىنجىقلاپ. دوختۇر تېڭىقنى يېشىپ كۆرۈپ:

— ئاپلا! بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ بىر ئوبدان تۇتقان يەر سۆكۈلۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! ئېغىر نەرسە كۆتۈردىڭىزمۇ ياكى سوزۇلۇپ - چوجۇلۇپ ياتتىڭىزمۇ؟ يا ئېسىڭىزدە يوق سەكرەپ سالدىڭىزمۇيا؟ — دېدى دوختۇر سەل جىددىيلىشىپ.

— نەدە ئېغىر نەرسە بولسۇن مەن كۆتۈرگۈدەك، شۇ ئاۋۇ خانىملارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ شەيتىنىم قىستاپ قاتتىقراق كۈلۈپ سېلىپتىمەن، چىملا قىلغاندەك بولدى شۇ...... — دېدى بىمار چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

ئۈچ چوكان بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى - دە، غىپپىدە ياتاقتىن چىقىپ كېتىشتى.

— تېز ئوپېراتسىيەخانىغا ئەكىرىڭلار، قايتا تىكمىسەك بولمىغۇدەك، — دېدى دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن سېستراغا قاراپ كۈتۈلمىگەن ئىشتىن كۆڭلۈم چۈشۈپ يىغلىۋالغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. يان تەرىپىمدىكى كارىۋاتتا يېتىۋاتقان ھېلىقى ئاقپىشماق، كۈلگۈنچەك يىگىت نېمىشقىدۇر بېشىنى يوتقانغا چىڭ پۈركەپ يېتىۋالغانىدى.

بىردىنلا كىچىك تەرىتىمنىڭ يەنە قىستاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم......

# مەن «ئوغرى» ئەمەس

پارتادىشىمنىڭ يېڭىلا سېتىۋالغان خاتىرە دەپتىرى دەپتەر-كىتابلىرىمنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ. مەن ئۇنى بايقىمايلا سومكامغا ساپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن «ئوغرى» ئاتىلىپ قالدىم.

خۇددى مەن بىلەن قېرىشقاندەكلا يېقىندىن بېرى سىنىپىمىزدا دەپتەر - قەلەم يوقاپ كېتىدىغان ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. بۇ ھال ھەممەيلەننى — مەن ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان، چوقۇنىدىغان قەدىردان مۇئەللىمىمنىمۇ؛ ئالتە يىلدىن بېرى بىر سىنىپتا دەرس ئاڭلاپ، قىر - ئېدىرلاردا مال بېقىپ، بىپايان دالىلاردا لەگلەك ئۇچۇرۇپ، تال چىۋىقلارنى ئات قىلىپ، ئېجىل - ئىناق، شاد - كۈلكىلەر بىلەن ئۆتكەن ساۋاقداش - دوستلىرىمنىمۇ؛ ھەتتا مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ، كۆيۈمچان، مېھرىبان، سۆيۈملۈك بولغان، مېنى ھەممىدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدۇ دەپ ئىشىنىدىغان ئاتا - ئانامنىمۇ چىن قەلبىمدىن چىققان راست سۆزۈمگە ئىشەنمەس قىلىپ قويدى.

ئىلگىرىكى ئامراق دوستلىرىم ئاستا - ئاستا مەندىن قاچىدىغان، شۈبھىلىك قارىشىپ كۇسۇلدىشىدىغان بولۇپ قالدى. قەدىردان مۇئەللىمىمۇ پات - پات ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ۋە بەزىدە سىنىپ ئىچىدىلا گۇمانىي نەزەردە قارىغىنىچە كىمنىڭدۇر بىرىسىنىڭ يوقالغان نەرسىسىنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىمنى، ئالغان - ئالمىغانلىقىمنى كوچىلاپ سوراپ كېتىدىغان بولدى. بۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنى كەمسىتىلىۋاتقاندەك، خورلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئىپادىلەپ

بەرگۈسىز ئازاب، ھەسرەت ئىچىدە ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كېتىمەن. مەن مۇئەللىمىم ۋە ساۋاقداشلىرىم گۇمان قىلغىنىدەك «ئوغرى» ئەمەس ئىدىم! لېكىن، مەن ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى قانداق ئىسپاتلايمەن، ئۇلارنى راست گېپىمگە قانداق ئىشەندۈرەلەيمەن؟!

ماڭا ئىشەنمەيۋاتقان ئۇستازىمدىن، ساۋاقداش ـ دوستلىرىمدىنمۇ، ھەتتا «سەن نان قېپى ئۇنى ئۇنداق قېپسەن، بۇنى بۇنداق قېپسەن...... دەرسلەرنى ياخشى ئۆگەنمەپسەن، ئىمتىھاندا تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قاپسەن، تاپشۇرۇقۇڭنى توغرا ئىشلىمەپسەن......» دېگەندەك ئاللىقانداق كەمچىلىكلەرنى يۈكلەپ ھەر كۈنى ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن چېچىلىپ ـ قايناپلا تۇرىدىغان ئانامدىنمۇ بىزارلىق ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. جۇشقۇن ھاياتىنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىگە تولغان گۈزەل مەكتىپىممۇ بارا ـ بارا سوغۇق بىلىنىشكە باشلىدى.

بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ماي قەلىمى يوقالغان سەۋەبلىك تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى سىنىپ يىغىنىدا يەنە تەنقىدلەندىم. ئورۇنسىز تەنقىدتىن يۈرىكىم چايان چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ماڭا بەكلا ئۇۋال بولۇۋاتاتتى. بۈگۈن مەكتەپكە بېرىشقا زادىلا رايىم بارمىدى. شۇڭا، ئەتىگەندىلا ئانامغا «مەكتەپكە بارىمەن» دەپ قويۇپ ئۆيدىن چىقتىم. ئەمما، مەكتەپكە بارمىدىم.

باشقا بىر مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇش خىيالى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپلەرنى ئۇقۇشۇپ كۆردۈم. چۈشتە ئۆيگە كەلسەم ئاتامنىڭ يۈزلىرى قىش ئاسمىنىدەك تۇرۇلۇپ مۇز يىغىپ كېتىپتۇ.

— بۈگۈن مەكتەپكە نېمىشقا بارمىدىڭ، نەلەردە لاغايلاپ يۈردۈڭ؟ — سورىدى ئاتام ئەندىشە ئىچىدە مۈڭلىنىپ تۇرغان غەمكىن كۆزلىرىمگە مىختەك قادىلىپ. بەلكىم، مۇئەللىم ئۆيگە ساۋاقداشلىرىمدىن بىرسىنى ئەۋەتىپ مېنى سۈرۈشتۈرگەن بولسا كېرەك، مەكتەپكە بارمىغانلىقىمنى ئاتام، ئانىلار بىلىپ بولغانىدى. شۇ تاپتا ئانامنىڭمۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزلىرى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— گەپ قىلە، ھوي پېتىر قۇلاق! زادى بۈگۈن نېمىشقا مەكتەپكە بارمىدىڭ؟! — ئاتام كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن پېشانەمگە نوقۇپ

تۇرۇپ، يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى، بۇ خىل ھالەتتە مەكتەپتە بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى بىرمۇبىر سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى، شۇڭا:

— بۇ مەكتەپتە ئوقۇماي باشقا بىر مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇيمىكىن دېگەن، — دېدىم پەس ئاۋازدا خۇددى مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچىدەك تىرنىقىمنى تاتىلاپ تۇرۇپ.

— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە؟! باشقىلارنىڭ بالىلىرى ئۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن دېسىمۇ كىرەلمەيۋاتسا، سەن بىغەرەز نېمىدەپ باشقا مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولۇپ قالدىڭ؟ بىز سېنى مۇشۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلدۇرىمىز دەپ ئاز ھەرەج تارتتىقمۇ؟ بۇنىڭدەك ھەر جەھەتتىن شارائىتى ياخشى مەكتەپ نەدە بار ساڭا! ساڭا دەپ قوياي، باشقا ھەرقانداق مەكتەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۆتكىلىپ ئوقۇيمەن دەپ خىيال قىلما! مەن سېنى مۇشۇ مەكتەپتىن باشقا مەكتەپتە ھەرگىز ئوقۇتمايمەن! ئۇقتۇڭمۇ؟! — ئاتامنىڭ كۈچلۈك ئاۋازى قۇلىقىمغا گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىنىپ، گويا بىركىم بېشىمغا بازغان بىلەن ئۇرغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى. كۆزۈم سەل قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، بىردىنلا غۇززىدىلا ئاچچىقىم كەلدى:

— مەن ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمايمەن دېدىم ئوقۇمايمەن! سىز نېمە دېسىڭىزمۇ مەيلى، چوقۇم باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇيمەن! — دېدىمەن ئۆزۈمنى بېسۋالالماي.

— گەپ ياندۇرغان ئاغزىڭ مۇشۇما؟ — چاڭگىدە تەگكەن تەستەكتىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ، قۇلاقلىرىم غۇڭۇلداپ، ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرى چۆرگۈلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. بەلكىم، مۇشۇ يېشىمغىچە بىرەر ئېغىز گەپ ياندۇرۇپ باقمىغان ئاتامغا ۋارقىراپ سۆزلىگىنىم ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك. مەنمۇ ئەزەلدىنلا ماڭا قاتتىق - يىرىك گەپ قىلىپ باقمىغان ئاتامنىڭ زەرب بىلەن شاپىلاق سىلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدىم. ئىككى قولۇم بىلەن بېشىمنى چىڭ قاماللىغىنىمچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. بىردىنلا ئەسەبىيلىكىم تۇتتى، سومكامنى كارىۋات ئۈستىگە پىرقىرىتىپ ئاتتىم - دە، ئاتامنىڭ «ھەي

بالام، نەگە بارسەن؟! قايتىپ كەل!» دەپ ۋارقىرىغىنىغىمۇ قارىماي ئىشكنى جالاقلىتىپ يېپىپ، يۈگۈرگىنىمچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.....

بىر چاغدا بىرىنىڭ «بالاڭ، بالاڭ» دېگىنىچە مۈرەمنى يەڭگىل پەپىلىشىدىن ئېسىمگە كەلدىم. ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرىنى يېرىپ، غايەت زور قارا يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس ئىچىدە ئولتۇرۇپتىمەن. ھويلىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چېغىمدا «يېزىدىكى چوڭ بوۋامنىڭ ئۆيىگە كەتسەم، بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ بارلىق تاپا - تەنە، كۆڭۈلسىزلىكلەردىن قۇتۇلۇپ، قايغۇ - ئازابلىرىم يېنىكلەپ قالامدۇ؟» دېگەن خىيالنىڭ غىل - پاللا پەيدا بولغىنى غۇۋا ئېسىمدە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاپتوبۇسقا قانداقلارچە چىقىپ قالغانلىقىمنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم.

ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ناتونۇش كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى گېزىت ئوقۇسا، بىرلىرى كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمغىنىچە قولىقىغا سىلىۋالغان تىڭشىغۇچ بىلەن ناخشا ئاڭلايتتى، يەنە بىرنەچچىسى بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي، خۇددى گۆگۈم پەيتىدە چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشقاچلاردەك نېمە توغرۇلۇقتۇر تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. كىمنىڭ كىمگە نېمە توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، كىمنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مەن دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغانىدىم. گەرچە مەن دېرىزىدىن يىراقلارغا قاراپ جىمجىت كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنسەممۇ، ئەمما يۇمران قەلبىمدە تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل غەشلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

ئاپتوبۇس ئۇچقاندەك ماڭماقتا. مەن قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىمنى، مەنزىلگە قاچان يېتىپ بارالايدىغانلىقىمنى تېخىچە بىلمەيتتىم. يول ئۇزىرىپ ئۆيدىن يىراقلاشقانچە خۇددى بارسا كەلمەس سەپەرگە كېتىۋاتقاندەك ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، بىردىنلا كۆزلىرىمگە لىق ياش تولدى. روھىي دۇنيايىم خۇددى مەن كىنولاردا كۆرگەن قىيا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ كېيىن ئارقىسىغا چېكىنگەن دېڭىز دولقۇنلىرىدەك تىنىمسىز داۋالغۇيتتى.

ئاپتوبۇسنىڭ كۈچلۈك سىگنال بېرىشى بىلەن باش - ئاخىرى يوق، كۆڭۈلسىز خىياللار ئىلكىدىن ئېسىمگە كەلدىم. ئاپتوبۇس قارىماققا بىزنىڭ ناھىيە بازىرىمىزدىنمۇ كىچىكرەكتەك بىلىنىدىغان ناتونۇش بىر كىچىك «شەھەر» كوچىسىدا ئالدىرىماي كېتىۋاتاتتى. تۆت كوچىدىن ئوڭ تەرەپكە قايرىلىپ 500 مېتىرچە مېڭىپ كەڭ بىر ھويلىغا كىردى ۋە رەتلىك توختىتىپ قويۇلغان ئاپتوبۇسلار قاتارىغا كىرىپ ئاستا توختىدى.

ئاپتوبۇستىن چۈشكەنلەر نېمىگىدۇر ئالدىرىسا كېرەك، خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىشمەكتە ئىدى. مەنمۇ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ بېكەتتىن چىقتىم. بىرەر تونۇش - بىلىش ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىدتە ئەتراپىمغا زەن سېلىپ قارىغىنىمچە كوچىنىڭ جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ نىشانسىزلا كېتىپ بارىمەن. قانچىلىك ۋاقىت كوچا ئارىلىدىم، بىلمەيمەن تونۇش - بىلىش تۈگۈل تىل ئۇقۇشالىغۇدەك بىرەر كىشىنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم. گەرچە ئەتراپىمدا كىشىلەر مىغىلدىشىپ تۇرسىمۇ، كېتىۋاتقانلارنىڭ، سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ، سودا - سېتىق قىلىشىۋاتقانلارنىڭ...... ئىشقىلىپ، بۇ كىچىككىنە شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ناتونۇش ئىدى. بىرەر تونۇش - بىلىشىمنىڭ ئۇچرىمىغانلىقىدىن، تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانىدەك ھېس قىلىپ، بىر خىل ئازاب، خورلۇق ئىچىدە قاتتىق ئەپسۇسلاندىم.

ھارغىن قۇياش سۇس قىزارغان غەرب ئۇپۇقىغا باش قويۇپ، ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېپىلىشقا باشلىدى. بىر چاغدا پۇتلىرىم تېلىپ، بېشىم قايغاندەك بولدى، تۇگمەن تېشى ئېسىلغاندەك ئېغىرلاشقان پۇتۇمنى سۆرەپ كېتىۋاتقان جايىمغىلا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. شۇندىلا ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىمغا ھېچ نەرسە سالمىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. يانچۇقۇمدا پەقەت ئىككى يۈەنلا پۇل بار، كۈن بۇ چاغ بولغاندا ئىككى يۈەنگە قورساقنى ئەستەرلىگۈدەك نېمىمۇ سېتىۋالارمەن؟ نەدىن سېتىۋالارمەن؟ بۇ ناتونۇش شەھەردە بىرەر ناۋايخانا ياكى كىچىكرەك بولسىمۇ مۇسۇلمانچە تاماقخانا باردەك قىلمايتتى. توغرا! بېكەت ئالدىدا

بىر مومايىنىڭ تۇخۇم سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك قىلغانىدىم. پۇت - قولۇمغا سەل جان كىرگەندەك بولدى، ئورنۇمدىن تەسلىكتە تۇردۇم - دە، كەلگەن يولۇم بىلەن ئارقامغا ياندىم. بېكەت ئالدىغا كەلگىنىمدە موماي نەرسە - كېرەكلىرىنى غالتەككە بېسىپ قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتاتتى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىرئاز ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن بىر يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم. بىر يۈەنگە ئىككى تۇخۇم بەردى. ئەزەلدىن تۇخۇم يېيىشكە ئۆچ ئىدىم، لېكىن بۇ ئىككى تۇخۇم شۇنداق لەززەتلىك، يېيىشلىك بىلىنىپ كەتتى. يەنە ئىككىنى ئېلىپ يېگۈم بار ئىدى، بىراق يانچۇقتىكى پۇلۇمنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىمنى يالىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

ئەتراپنى پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم. بۇ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزۈشۈمنى ئويلىغىنىمدا ۋۇجۇدۇمغا ئاجايىپ بىر قورقۇنچ بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا بارا - بارا قويۇقلىشىۋاتقان مۇدھىش قاراڭغۇلۇق گويا مېنى، مېنىڭ بارلىقىمنى يالماپ يۇتۇپ كېتىدىغاندەكلا بىلىنىپ يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى.

ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. شۇندىلا بېكەتنىڭ ماشىنا كۈتۈش زالى ئېسىمگە كەلدى. گويا موھتاجلىق چۆللىرىدە تەمتىرەپ يۈرگەن ساھىلغا تاسادىپىي بىر كوزا ئالتۇن ئۇچراپ قالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىم، خۇددى تاڭ ئاتمايدىغاندەكلا بىلىنىپ كېتىۋاتقان ئۇزۇن كېچىنى زالدا ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ غەم - ئەندىشىلىرىم بىرئاز بولسىمۇ پەسەيگەندەك بولدى. يوغان زەنجىر بىلەن ئادەم پاتقۇدەك ئارىلىق قويۇپ تاقاپ قويۇلغان دەرۋازىنىڭ ئارىچىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ، ماشىنا كۈتۈش زالىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. زال ئىشىكى قىيا يېپىقلىق ئىدى. يېنىمچە بولۇپ ئاستا زال ئىچىگە كىردىم. زال ئىچى قاپقاراڭغۇ ھەم تىمتاس بولسىمۇ تالاغا قارىغاندا خېلىلا ئىللىق ئىدى. دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان خىرە يورۇقتا تەمتىرەپ يۈرۈپ تام ياقىلىتىپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقنى بىرنى تاپتىم - دە، «ئۇھ!» دېگىنىمچە يانپاشلىدىم. جىددىيلەشكەن نەپەسلىرىم ئەمدىلا ئۆز

رىتىمىغا چۈشۈپ تۇرۇشىغا، زال ئىشىكى ئەنسىز ئېچىلدى. قورقىنىمدىن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇچىسىغا قېلىن پەلتو كىيىۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر كىشى قول چىراغنى زالنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تۇتۇپ تەكشۈردى. قولچىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرى كۆزۈمگە توغرىلانغان چاغدا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. «ئاپلا، ئەمدى بىر يەرگە ئاپىرىپ سولاپ قويسا قانداق قىلارمەن» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە كاللامغا كېلىپ، ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باستى. يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالغاندەك، تىنىقلىرىم جىددىيلىشىپ سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. ئۇ پەقەت قوللىرىنى ئىشىك تەرەپكە شىلتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشىغىلا تالاغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

ئۈمىدسىزلىك، قورقۇنچ، ھارغىنلىق، ئاچلىقنىڭ ئاچچىق ئىسكەنجىسى ئاستىدا يەلكەمگە تۇگمەن تېشى ئېلىپ قويغاندەك تۈگۈلۈپ قالسامۇ، سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ قاراڭغۇ كوچىدا كېتىۋاتىمەن. ھەسرەت ئىچىدە كۆككە تىكىلدىم. ھاۋا تۇتۇق بولسا كېرەك، ئاسماندا بىرەر تال يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى. قانچە ئۇزۇن ماڭغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا چوڭ كوچىنىڭ سول تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ چېتىدىرەك غۇۋا يورۇقلۇق كۆرۈندى، «بىرەر بوتكىچى تېخىچە بوتكىسىنى تاقىمىغان بولسا كېرەك» دېگەن خىيال بىلەن ئۆزۈمنى ئېنىق ھېس قىلالمايدىغان بىر خىل ئۈمىدىنىڭ تۈرتكىسىدە شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇ بانكىنىڭ ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ئۈسكۈنىسى ئىكەن. ئەتراپتا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ئىچىگە ئاستا كىرىپ سېمونت يەرگە ئولتۇردۇم. نېمىلا بولمىسۇن كېچىنىڭ ئاچچىق سوغۇقىغا دالدا بولغۇدەك يەرنىڭ تېپىلغىنىغا ئىچىمدە مىڭ شۈكۈر ئېيتتىم. بەدەنلىرىم سەل ئىللىغاندەك، پۇتلىرىمنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشلىرى سەل پەسەيگەندەك بولدى. ئەگەر ئۆيۈمدە بولغان بولسام بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان شىرىن چۈشلەر ئىلكىدە ئاجايىپ تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولغان بولاتتىم. ئەپسۇس، شۇ تاپتا كۆزلىرىم ئۇيقۇسىزلىقتىن تۇز سېپىپ قويۇلغاندەك ئېچىشماقتا ئىدى. مەن مېھرىبان، سۆيۈملۈك، غەمگۇزار

ئاتا - ئانامنىڭ قانچىلىك مۇقەددەس، قانچىلىك ئۇلۇغلۇقىنى؛ ئاشۇ تار بولسىمۇ دائىملا پاك - پاكىز رەتلىك تۇرىدىغان ئۆز ئۆيۈمنىڭ قانچىلىك ئىللىق، ئازادە، خىيالىمدىكى غايىۋى جەننەتتىنمۇ راھەتلىك ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىپ يەتتىم.

تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. كوچىدا ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشىدىغانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى، ۋاراڭ - چۇرۇڭلار كۆپىيىشكە باشلىدى.

بوتكىدىن چىقىپ قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرغىنىمدا، بىرسى قارا دېگەندەكلا بېشىغا كونىراپ كەتكەن بادام دوپپا، ئۇچىسىغا كۆك بوغماق چاپان، قويۇق ساقال باسقان يۈزلىرى خۇددى دەزماللانمىغان كىيىمدەك پۈرلىشىپ كەتكەن، ئېگىز بويلۇق بىر كىشىنىڭ يان كوچىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئارقىسىدىن يېتىشتىم:

— تاغا، مەن...... — جىددىيلەشكەنلىكىمدىن دېمەكچى بولغان گېپىمنى تاپالماي قالدىم. ئۇ:

— ھە، نېمە! — دېدى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— تاغا بۇ يەردە بىرەر نان...... — گېپىمنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا ئۇ قاپىقىنى تۈردى.

— نان! قارا، مەنمۇ شۇ بىر نان تاپارمەنمىكىن دەپ ئەتىگەندە پالاقشىپ پاختىلىققا ماڭدىم، سەنمۇ تەييارتاپلىق قىلىپ تىلەپ يۈرگۈچە كېۋەزلىككە بېرىپ پاختا تەرسەڭ نان كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. كاللام ھەرە ئۇۋىسىدەك غوڭۇلداپ كەتتى. ئۇنىڭ يەنە نېملەرنى دېگەنلىكى قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئەسلى مەن نان ساتىدىغان بىرەر ناۋايخانىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپ بىلمەكچىدىم. بىراق، گېپىمنىڭ ئايىغى چىقمايلا مېنى تىلەمچى كۆرۈپ قالدى بولغاي، ئاچچىقلاپ كېتىپ قالدى.

يەنىلا ئاخشامقى مومايدىن تۇخۇم ئېلىپ يېيىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەسلىكتە يۆتكەپ بېكەت تەرەپكە ماڭدىم. تۇخۇمچى موماي تېخى كەلمىگەنىدى. نېرىراقتا بىر ئايالنىڭ هورنان سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورسىقىم باشقىدىنلا ئاچقاندەك بولۇپ

كوركىراپ كەتتى. يانچۇقۇمدىكى بارى يوق بىر يۈەن پۇلنى چىقىرىپ كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئايالغا سۇندۇم. ئۇ ماڭا بىرھازا قاراپ كەتكەندىن كېيىن قولۇمغا ھورناندىن ئىككىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ نىمىشقىدۇر پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەردى. «رەھمەت!» دېيەلىدىم ئاۋازىمنى ئارانلا چىقىرىپ. تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل ئىللىق ئىقىمىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا كۆزۈمدىن ئىككى تامچە ياش نۇرسىز مەڭزىمنى بويلاپ دومىلاپ چۈشتى. ھورنان بۈگۈن ماڭا ئاجايىپ تەملىك، لەززەتلىك بىلىنىپ كەتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ھورناننىڭ بىرىنى يەپ بولدۇم. شۇ تاپتا يەنە بىر ھورناننىمۇ يەۋاتىمەن، بىراق كېيىنكى ھور ناننى خىلى كۆپ چايناپ يۇتسامۇ گېلىمدىن ناھايىتى تەستە ئۆتمەكتە. ھەربىر چايناشنى قىينىلىپ، مەجبۇرىي يۇتۇۋاتقان چېغىمدا، ئانام قانچە قېتىملاپ يالۋۇرغاندىن كېيىن نېزىقاپ تۇرۇپ يەيدىغان پولۇ، لەگمەن، مانتا، گۆشنان...... لارنىڭ جانغا ھۇزۇر لەززەتلىك پۇراقلىرى بۇرنۇمغا پۇرىغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتى......

— بىردىنلا بەدەنلىرىم ئوت ئېلىپ كەتكەندەكلا قىزىپ كېتىۋاتاتتى. بىرئازدىن كېيىنلا ۋۇجۇدۇم كەچ كۈزدە دەريا سۈيىگە چىلانغاندەك سوغۇق تەرلەپ جالاقلاپ تىترەيتتىم. قوللىرىم كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشنى، بۇرنۇمدىن قۇيۇلۇۋاتقان سۇيۇقلۇقنى ئېرتىپ ئۈلگۈرمەيتتى. ئۇستىخانلىرىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. ئىسسىق يوتقانغا مەھكەم چۈمكىلىپ ياتقىملا كېلەتتى. بىراق......

«ئىسىت! مەن ئەسلىدە بەختلىك بىر ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى ئىدىمغۇ؟! نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق غېرىب، قەدىر - قىممەتسىز ھالغا كېلىپ قالدىم؟! كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئارتۇقچە ئاچچىقلىنىپ، ئاشۇ باغرى ئاتەش ئىللىق ماكانىمدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسام مېھرىبان ئاتا - ئانام، ساۋاقداش، دوستلىرىم بىلەن شاد - خۇراملىق ئىچىدە غەم - ئەندىشىسىز ياشىماسمىدىم؟ مېھرىبان ئاتام - ئانام، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم نەدە؟ قېنى بىللە ئوينايدىغان ساۋاقداشلىرىم؟......»

ئازابلىق خىياللار ئىچىدە ھەقىقەتەن توغرا قىلمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مۇشۇنچە دىشۋارچىلىقلارغا قالغانلىقىمدىن بەكمۇ ئۆكۈندۈم. ئاچچىق پۇشايمان ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. بىردىنلا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم.

«قايتىپ كېتىشىم كېرەك! چوقۇم قايتىپ كېتىشىم كېرەك!» دەپ پىچىرلىدىم ئۆز - ئۆزۈمگە. لېكىن، قانداق قايتىپ كېتىمەن؟ يانچۇقۇمدا كىراغا تۆلىگۈدەك پۇل بولمىسا ياكى پۇل قەرز ئېلىپ تۇرغۇدەك تونۇش - بىلىش ئۇچرىمىسا. ئۆيىمىزدە تېلېفون بولغان بولسىچۇ كاشكى! قوشنىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى قانچە بولغىيدى؟ ئىسست، ئۆتكەندە ئانام قوشنىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ چىققىن دېگەندە ئەجەب ئۇنىماپتىكەنمەن مانا ئەمدى...... ئويلىغانسېرى يۈرىكىم قاتتىق ئاغرىپ، بېشىم پىرقىراپ كېتىۋاتاتتى، توختىماستىن «نېمىشقا شۇنداق قىلدىغانىدىمەن؟ نېمىشقا، زادى نېمىشقا!!» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم.

توغرا، پۇل تېپىش كېرەك! مەن بىر ئوغۇل بالىغۇ؟! چوقۇم بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەپ پۇل تاپالايمەن، پۇل تاپساملا ئۆيۈمگە — مېھرىبان، غەمگۇزار، كۆيۈمچان ئاتا - ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتەلەيمەن. كاللامدا «زادى قانداق قىلىپ پۇل تېپىش كېرەك؟» دېگەن بىرلا خىيال ئەگىپ يۈرمەكتە. ئۆزۈم قىلالايدىغان ئىشلارنى— ئاشخانىدا قاچا - قۇچا يۇيۇش، ئوچاققا ئوت قالاش، ھويلا - ئارانلارنى سۈپۈرۈش...... ئىشقىلىپ، قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خىيال ئېكرانىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ باقتىم. لېكىن، كىم ماڭا ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ.

بىردىنلا ھېلىقى قوپال ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدىلا جاراڭلىغاندەك بولدى: «نان! قارا، مەنمۇ شۇ بىر نان تاپارمەنمىكىن دەپ ئەتىگەندە پالاقشىپ پاختىلىققا ماڭدىم...... تەييارتاپلىق قىلىپ تىلەپ يۈرگۈچە كېۋەزلىككە بېرىپ پاختا تەرسەڭ نان كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟» دورۇس، ئۇ گەرچە قوپال سۆزلىگەندەك قىلسىمۇ ماڭا پۇل تېپىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويغانىكەن ئەمەسمۇ؟ راست، پاختا تېرىپ پۇل تاپسام بولغۇدەك.

مەكتىپىمىز پاختا تېرىشقا ئېلىپ چىققاندا خېلى كۆپ پاختا تەرگەن ئىدىمغۇ.

ماغدۇرسىز تېنىمنى سۆرەپ ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالىدەك مۆدۈرۈپ - چوقۇرۇپ ھېلىقى ئاچچىقى يامان ئادەم كەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. شۇنداقتىمۇ چىشىمنى چىشلەپ ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەردىم. ئاچلىق، ھارغىنلىق، ئېغىر زۇكام ئازابى ئاخىر مېنى ھالسىراتتى، پۇتۇمنى يۆتكىگۈچىلىكمۇ مادارىم قالمىدى. بىرئاز دېمىمنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يول بويىدىكى باراقسانلاپ ئۆسكەن سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇردۇم. بېشىم خۇددى پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ، بەل - پۇتلىرىم سىرقىراپ ئاغرىماقتا، ۋۇجۇدۇم چىلىق - چىلىق مۇزدەك تەرگە چىلىنىپ جالاقلاپ تىترىمەكتە...... پۈتۈن سەزگۈمنى ئازابلىق خىياللار ئىلكىگە ئالدى. قويۇق ئورمان، ئىرماش - چىرماش چاتقاللار ئىچىدە قايمۇقۇپ تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرمەكتىمەن. ئاسمان تۇمانلىق...... «مەن ئوغرى ئەمەس!! مەن سىلەر ئويلىغاندەك ئوغرى ئەمەس!!......» دەپ ۋارقىرىدىم، لېكىن ئاۋازىم زادىلا چىقمىدى. ھېچقانداق سادا يوق. شۇنداق ھالسىز، زەئىپ ئىڭرىدىم، بىرەرسى «نېمە بولدۇڭ ئوغلۇم» دەپ سوراپمۇ قويمىدى. تەنلىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ ئۆلۈم ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى......

يۈزۈمگە سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئېسىمگە كېلىپ كۆزۈمنى يىرتىپ دېگۈدەك ئاچسام يارىلانغان كېيىكتەك سۆگەت تۈۋىدە يېتىپتىمەن. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىكەن. سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ. بەدەنلىرىم مۇزدەك سوغۇق، غەمكىن قەلبىممۇ گويا ئۈستىباشلىرىمغا قۇيۇلۇۋاتقان كەچ كۈز يامغۇرىدەك سوغۇق ۋە ئاچچىق! قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەكلا بىلىنىدىغان قاراڭغۇ كېچىدە ئەتراپتىن ئاڭلىنىۋاتقان شاراق - شۇرۇقلار، پات - پات ئاڭلىنىۋاتقان ئىتلارنىڭ غەزەپلىك قاۋاشلىرى تېنىمنى شۈركەندۈرەتتى. قاراڭغۇلۇقتىن، قورقۇنچتىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئۆزۈمنى تەستە بېسىپ كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇم.

«ئەنۋەرىم بالام، جېنىم قوزام، نەدىمۇ يۈرۈيدىغانسەن؟!

ئەنۋەر!!......» يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز قۇلىقىمغا غۇۋا ئاڭلانغاندەك بولدى. بىردىنلا مېھرىبان، غەمگۇزار ئانام كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولۇپ، كۆزۈمنى تەستە ئاچتىم. راستتىنلا بىر ئانا، ياق! بىر پەرىشتە ئەتراپىمدا پايپېتەك بولۇپ مېھىر بىلەن باش - كۆزۈمنى سىلىغانچە مېنى يۆلەشتۈرۈۋېتىپتۇ.

— ھوي، سەن ئەنۋەر ئەمەسما؟ كۆزۈڭنى ئاچ بالام، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ گەپ قىلىساڭچۇ؟...... ۋاي ئانامەي، ئوتتەكلا قىزىپ كېتىپسەنغۇ، غەيرەت قىل! قېنى ماڭا ھاپاچ بول......

يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى بىلمەيمەن. ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام ئۈستى قوپال ياغاچ ۋە قومۇش بىلەن يېپىلغان، پاكار بىر ئېغىزلىق ئۆيدە، داق يەرگىلا سېلىنغان كونا پالاز ئۈستىدە يېتىپتىمەن.

— ئۇھ! — دەپ ئېغىر تىنىدى بىر چىنىدە قايناق سۇ تۇتقىنىچە بېشىمدا تەلمۈرۈپ تۇرغان 50 — 55 ياشلاردىكى قارىقۇمچاق ئايال،— ئەجەبمۇ قورقۇتتۇڭ ساقام، قېنى قايناق سۇدىن ئوتلىغىن، يەڭگىللەپ قالىسەن،— ئۇ سۆزلەۋېتىپ بېشىمنى ئاۋايلاپ يۆلەپ ئۆرە قىلدى ۋە ئەتراپتا قالايمىقان تاشلانغان چاپان - چاربلاردىن بىرنى تارتىپ يۆلەپ قويدى. ئىسەنگىرەپ ئەتراپقا قارىدىم. گەرچە بۇ ئۆي كىچىك، تار، مەينەترەك بولسىمۇ ماڭا خۇددى جەننەتتەكلا ئىللىق بىلىنىپ كەتتى. قورقۇنچ، تەمتىرەش، ئاچلىق، كېسەل ئازابلىرى ماڭا ھەدىيە قىلغان نادامەت، مۇڭ - زار، دەرد - ھەسرەت ۋەھىمىسى ئاللىقاياقلارغا يوقالغاندەك بولدى. ھەر ھالدا تەقدىرنىڭ مۇشۇ «ئانىغا» ئۇچراتقانلىقىدىن كۆڭلۈمدە ئالەمچە خۇش بولدۇم.

— كەل، دورىدىن يەنە بىر تال ئىچىۋال، قىزىتماڭ ياندۇ،— دېدى ئۇ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ. ئۇششاق - ئۇششاق ئوت شارچىلىرى مەڭزىمنى بويلاپ دومىلاپ چۈشكەندەك ھېس قىلدىم،— ئېيتقىنا، سەن كىمنىڭ بالىسى؟ ئۆيۈڭ نەدە؟ بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالدىڭ؟

بىردىنلا يۈرەكنى ئېكەكتەك غاجىلايدىغان، ئادەم تېنىنى قوقاستەك كۆيدۈرىدىغان، قوناقتەك پۇچىلايدىغان بىر خىل ئاچچىق ھېسسىيات

ۋۇجۇدۇمغا بېسىپ كىرىپ كۆزلىرىمدىن مارجاندەك تامچىلار دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ دەماللىققا گەپ قىلالماي قالدىم.

كۆزلىرىمدىن توختىماي ئېقىپ تۇرغان پۇشايمان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى ۋە تارتقان جاپالىرىمنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بولغىنىمدا، ئۇنىڭ يۇملاققىنە كۆزلىرىدىمۇ ياش لىغىرلاپ قالغانىدى.

— سىزنى «ئانا» دەپ چاقىرسام بولامدۇ؟— دېدىم ئۇنىڭ ئانىلارچە مېھرىبانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ. ئاۋازىم تولىمۇ پەس ۋە تىترەپ چىقتى.

— بولىدۇ ئوغلۇم، نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مېنىڭمۇ سەن دېمەتلىك بىر ئوغلۇم بار، تۈنۈگۈن ئاشۇ ئوغلۇمنى ئىزدەپ يۈرىكىم سەكپارە بولۇۋاتقان چاغدا ماڭا يولۇقتۇڭ،— دېدى ئۇ قاداق باسقان قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ.

ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىسمىنىڭ رابىخان ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى — يولدىشى قاسىم ئاخۇن، 13 ياشلىق ئوغلى ئەنۋەر ئۈچ كىشى پەيزاۋاتتىن بۇ يەرگە پاختا تەرگىلى كەلگەنلىكىنى، بۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىك X دىۋىزىيەسىگە قاراشلىق تېخى يېڭىدىنلا قۇرۇلغان تۇەن - مەندان ئىكەنلىكىنى، يېڭىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا تونۇش-بىلىشلەرنىڭ ئۇچرىمايدىغانلىقىنى، تۈنۈگۈن پاختىلىقتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوغلى ئەنۋەر بىرنەرسە سېتىۋالغىلى چىقىپ كېتىپ خېلى ئۇزاققىچە قايتىپ كىرمىگەنلىكىنى، قاراڭغۇ چۈشكىچە ساقلىسىمۇ كىرمىگەنلىكتىن «ئېزىپ قالغان» ئوخشايدۇ دەپ تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەۋاتقاندا، ئۆيلىمىغان يەردىن مېنىڭ ئۇچراپ قالغانلىقىمنى بىلدىم.

— ئاناڭنى سېغىندىڭمۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن كىمنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالغاندەكلا،— ئانا دېگەن پەرزەنتكە چىدىمايدۇ بالام، سەنمۇ يىگىت بولۇپ قاپسەن، ئاتا - ئاناڭ خاپا بولۇپ قالغان چاغلاردا گەرچە سېنى سىلكىشلەپ قويسىمۇ رەنجىپ

كەتمە، ئاتا - ئانا دېگەن بالىسىنى ھەرگىزمۇ چىن كۆڭلىدىن سىلكىشلىمەيدۇ، پەقەت ساڭا ياخشى بولسۇن دەيدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ خاپىلىقىغا پەرۋا قىلماي ئۆز خاھىشىڭ بويىچە ئىش قىلساڭ، ئۇلار تېخىمۇ خاپا بولىدۇ - دە، ئويلىمىغان كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇ ماڭا بىرمۇنچە تەسەللى بەردى. نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. بۇلاق سۈيىدەك سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىم يۈزلىرىمنى ئېچىشتۇراتتى.

— يىغلىما ئوغلۇم، مانا خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭ، بۈگۈنلا قايتىپ كەت، مەن سېنى يولغا سېلىپ قوياي. بۇ كەمگىچە ئاناڭ ساراڭ بولمىغاندىمۇ، سېغىنىش ئازابىدىن تولغىنىۋاتىدۇ، بېرىپ ئاناڭدىن ئەپۇ سورا، ئايىغىغا باش قوي!

تەسۋىرلەپ بولمايدىغان ئاجايىپ بىر كۈچلۈك ھېسسىياتتا ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا تېلىقىپ- تېلىقىپ يىغلىدىم.

چۈشكە يېقىن رابىخان ئانا مېنى بېكەتكە ئېلىپ كېلىپ ناھىيەمىزگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويدى.

ئاپتوبۇس ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە كۈن ئولتۇرغانىدى. تۇيۇقسىزلا ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىمدە ئانام ئېڭەك تۇتۇپ ئولتۇرغانىكەن. تولا يىغلىغان بولسا كېرەك، كۆزلىرى قىزارغان، مەڭز سۆڭىكى كۆرۈنەرلىك پولتىيىپ چىققانىدى. ئاتاممۇ مېنى خىيال قىلىۋاتسا كېرەك، ئىككى قولىدا بېشىنى چىڭ قامالاپ، قىزارغان كۆزلىرىنى ئىشىك تەرەپكە تىكىپ ئولتۇراتتى. يولدا كېلىۋېتىپ «ئۆيگە بارغاندا ئاتا- ئانام نېمە دەر؟ تىللاپ كېتەرمۇ» دېگەن خىياللار بىلەن بىرئاز تەشۋىشلەنگەنىدىم. ئاتا - ئانا دېگەن يەنىلا پەرىشتىدىن ئارتۇق مېھرىبان ئىكەن، ئاچچىقى كەلگەندە سۆزلىگەن بىلەن راستتىنلا بالىسىغا چىدىمايدىكەن.

— ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ كۆز نۇرۇم! يەردىن ئۈندۈڭمۇ كۆز نۇرۇم...... مېنى ئويلىمىدىڭمۇ؟ مەن سېنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن

قورساق كۆتۈرۈپ تولغاق ئازابىدا مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىپ تۇغۇپ، چوڭ ئۇمىدلەر بىلەن قاتارغا قوشقان ئەمەسمۇ؟ قانداق گېپىڭ بولسا ماڭا ئېيتىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەجەبا مەن شۇنىڭغىمۇ ئەرزىمەم- دىمەن؟....... ئانام ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ قوپۇپ قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ مېنى باغرىغا باستى. ئانىلىق مېھرى بىلەن پېشانەمگە سۆيدى. مۇزلاپ كەتكەن ۋۇجۇدۇمغا كۈچلۈك توك ئېقىمى بېسىپ كىرگەندەك بولدى، ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. كۆزۈمدىن بۇلدۇقلاپ ياش قۇيۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئانامنىڭ ئالدىدا كۆز يېشى قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلىشنى راۋا كۆرمەي ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. ئاتامغا قاراپ لەۋلىرىم ئۇمچەيدى، نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ لەۋلىرىمنى مىدىرلاتتىم، لېكىن گېلىمغا كەپلەشكەن ئاچچىق بىرنەرسە ئاۋازىمنى چىقارمىدى.

مەن ئاتامنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان ھالىتىدىن كۆرۈنۈشتە ماڭا قاتتىق قولدەك بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەربىر قەدىمىنىڭ، ھەربىر تىنىقىنىڭ مەن ئۈچۈن، پەقەت مەن ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى؛ مېنىڭ تاپىنىمغا كىرمەكچى بولغان تىكەننى قارىچۇقىنى قالقان قىلىپ توسۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىنى؛ قىسقىسى، قەلبىدىكى مېھرىبانلىقنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلدىم. شۇ تاپتا ئاتامنىڭ كۆزىدىن ياش چىقمىغىنى بىلەن چىن يۈرىكىدىن ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. توۋا، ۋاقتى كەلگەندە ئاتا قەلبى نېمىدېگەن ئىللىق، نېمىدېگەن مېھرىبان- ھە! ئادەتتە دائىم سۈرلۈك، تاش يۈرەكتەك كۆرۈنىدىغان ئاتامنىڭ يۈرىكىمۇ شۇنچە نازۇك، شۇنچە يۇمشاق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاھ، ئاتا مېھرى، ئاتا يۈرىكى دۇنيادىكى جىمى ھارارەتلەر، مېھرىبانلىقلار مۇجەسسەم بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ماكان!

كۆڭلۈمدىكى ھەممە تەشۋىشلەر تارقاپ كەتكەندەك بولدى، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆزلىرىمدە ھاياجان ياشلىرى پەيدا بولدى، ياش يۇقى كۆزلىرىم بىلەن ئاستا ئاتامغا ئۆرۈلدۈم، ئاتامنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. چوڭ ئالىقانلىرى بىلەن مەڭزىدىكى ياشنى ئاستا سۈرتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ مەكتەپكە باردىم. گەرچە ساۋاقداشلىرىمنىڭ

ئورۇنسىز مەسخىرىلىرىگە ئۇچراپ تۇرسامۇ يەنىلا ساۋاقداشلىرىمنىڭ، ئاشۇ قۇچىقى كەڭ گۈزەل مەكتىپىمنىڭ شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

تىمتاس يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققان بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، تەپەككۇرلىرىمنى ھەرىكەتلەندۈردى. ئۆزۈمدىن ھالقىغان بەكمۇ گۈزەل بىر ئارزۇ ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۈندەۋاتاتتى.

# قاپاق

كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىردەم ھاۋالانغاچ تۈنۈگۈن سېتىۋالغان ئىككى تال قاپاقتا ئويۇلىدىغان نەقىشنىڭ لايىھەسىنى سىزىپ قوياي دەپ قاپىقىمنى كۆتۈرۈپ مەكتەپ گۈللۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باراقسانلاپ ئۆسكەن سۆگەت تۈۋىگە كەلدىم. سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قاپىقىمنى ئۇيان - بۇيان ئايلاندۇرۇپ نەقىش نۇسخىلىرىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرسام، سىنىپ مەسئۇلىمىز يېنىمدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى.

— ئەجەب ئېسىل قاپاقكەنغۇ بۇ، قېنى ئەكېلە، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — مۇئەللىم قاپاقنى قولۇمدىن يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى.

— ماڭا قارا! پېتىر قۇلاق، سەن مېنىڭ قولۇمدا ئوقۇۋاتقىلى ئۈچ يىل بولدى، قاپاقتىنمۇ نەچچىسىگە نەقىش ئويۇپ سېتىپ بولدۇڭ سەن ھارامزەدە، لېكىن ماڭا كەلگەندە مانا - ئىنا دەپ ئاران دېگەندە تۆت تال قاپاقتا نەقىش ئىشلەپ بەردىڭ، بىراق ھېچقايسىسى ماۋۇ قاپىقىڭدەك چىرايلىق ئەمەس، ماڭا قارا، ئوقۇشۇڭ پۈتىدىغانغا ئازلا قالدى، ماڭا «خوش» دېگۈچە دەل مۇشۇنداق چىرايلىق قاپاقتىن يەنە بەشنى تېپىپ، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە راۋۇرۇس نەقىش ئىشلەپ بېرىسەن، يەنە بۇرۇنقىدەك ئىنا - مانا دەپ ئۆتۈپ كېتىمەن دېسەڭ، «دىپلوم ئالىمەن» دەپ خىيال قىلما! — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن قاپاقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ.

كۆڭلۈمدە راستىنلا بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولدى: «راست شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە قالدىم. «ناۋادا مۇئەللىم دېگەندەك

نەقىش ئىشلەپ ياساپ بېرەي دېسەم، مۇشۇنداق قاپاقتىن بەشنى ئالسام، ئاز بولغاندا 500 كوي دېگەن گەپ، ئۇنىڭدىن باشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارغىمۇ خېلى پۇل كېتىدۇ، مەندەك دېھقان بالىسىدا نەدىمۇ ئۇنچە كۆپ پۇل بولسۇن؟ ناۋادا......» مۇئەللىمنىڭ بوراندەك ئاۋازى خىيالىمنى چاشتى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، ئۇنىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتا؟

شۇ ئان ئېسىمگە بىر ئىش كەلدى.

— بولىدۇ، دېگەنلىرىدەك ئىشلەپ بېرەي، لېكىن مېنىڭمۇ بىر تەلىپىم بار،— دېدىم مۇئەللىمگە قاراپ.

— قېنى دېگىنە، ئاڭلاپ باقاي......

— بارلىق ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ، بەش قاپاققا يەنە بەشنى قوشۇپ 10 قاپاققا كۆڭۈللىرىدىكىدەك نەقىش ئىشلەپ بېرەي، سىلىمۇ ماڭا تولۇق كۇرس دىپلومىدىن بىرنى ھەل قىلىپ بەرسىلە قانداق؟......

— بۇ...... بۇ......



# بادام دوپپىلىق يىگىت

مۇرات ئىش ۋاقتى توشماستىلا ئىشخانىغا كەلدى. دولقۇن ئىشخانىغا ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇر كەلگەنمۇ ياكى ئۆيىگە قايتمىغانمۇ - قانداق، كومپيۇتېر ئېكرانىغا تىكىلگىنىچە توردا ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتى.

— چۈشتە ئۆيۈڭگە قايتمىدىڭمۇ - نېمە دوستەك، قۇشناچىم نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپ ھەيدىۋەتمىگەن بولغىدى؟ — دېدى مۇرات ئورۇندۇقنى ئۇنىڭ يېنىغا يۆتكىگەچ.

— نېمە دەيدىغانسەن ھوي، كەمپىرىمنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىسەنغۇ؟ قوينىڭ قوزىسىدەكلا مۇلايىم، يەرگىمۇ قاتتىقراق دەسسىمەيدىغان تۇرسا، قولىدا نوغۇچ تۇراتتىمۇ، سېنىڭ يولۋىسىڭدەك ھۆركىرىگەك ئەمەس جۇمۇ، — دېدى دولقۇنمۇ ئايالىنى ماختاپ.

— خوتۇنىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق، ئۆزىنى ماختىغان ئىككىنچى ئەخمەق دېگەن گەپ بارغۇ، سەنزە دۇنيادىكى بىرىنچى ئەخمەق جۇمۇ.

— ئەرزىيدۇ، پەرىشتەم ئۈچۈن نېمە بولسامۇ مەيلى، — دېدى دولقۇن پەخىرلىك بىر ھېسسىياتتا، — قېنى گېپىڭ راست بولسا كومپيۇتېرنى ماڭا بىردەم بېرىپ تۇرغىنا، كۆزۈڭمۇ تېلىپ قالغاندۇ.

— يەنە مەززىسى يوق قۇرۇق پاراڭ بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەي دەمسەن، ياش بىر يەرگە بارغاندا نېمىمۇ قىلارسەن ئۆزۈڭنى ئالداپ.

— قىزىقارلىق بولىدۇ دەيمەن، تەلىيىم كېلىپ قالسا غاچچىدە بىرسىنى كەلتۈرۈۋالامدىم تېخى، ئۈلۈشكۈن بىرسى بىلەن خېلىلا يېقىنلىشىپ قالغان دېگىنە، بۈگۈن تورغا چىققانلا بولسا كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى، زادى قايسى گېپىڭ راست سېنىڭ؟ بىردەم «پەرىشتەم ئۇچۇن جېنىم پىدا» دەيدىكەنسەن، بىردەمدە يەنە «بىرسىنى كەلتۇرۇۋالسام» دەيسەن!

— ھا، ھا، ھا! ساددا - دە، سەن، ئەر دېگەننىڭ «ئۆيدە بىرنىڭ، تالادا مىڭنىڭ» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئۇچراپ قالسا نېرى تۇر دېسەكمۇ بولماس ئوغۇل بالىچىلىقتا.

— توردا پاراڭلىششى ئەخمەقلىق، ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق! بىكار ئۆتكەن ۋاقتىڭغا ئېچىلىك سىيرىلمامدۇ؟ — دېدى دولقۇن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. مۇرات كومپيۇتېر ئالدىغا چۆكتى. كۇت-كۇتنى ئېچىپ تورۇشىغا خۇددى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا نەچچە كۈندىن بېرى پاراڭلىشىۋاتقان «رەنا» ئىسىملىك قىزدىن سىگنال كەلدى.

— مانا، مانا مەن دېمىدىممۇ؟ توردا باركەن. ئەتىگەندىن بېرى سول قاپىقىم تارتىپلا تۇراتتى، تەلىيىم ئوڭدىن كېپقالامدۇ تېخى، — دېدى مۇرات دولقۇنغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ. ئۇ نەپىس تىزىلغان، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك جەزبىدار «بىر دەستە گۈلنى» «رەنا» غا سوۋغا قىلدى ۋە :

— ئۆمرىڭىز گۈلدەك كۈلۈپ ئۆتسۇن خانىم، ئاددىي بولسىمۇ سوۋغامنى قوبۇل قىلىڭ، — دەپ يازدى. ئارقىدىنلا:

— كۆپ رەھمەت جېنىم، نەچچە كۈندىن بېرى سىز مېنى خۇددى ماگنىت تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتقاندەكلا جەلپ قىلىۋالدىڭىز جۇمۇ؟— دېگەن جاۋابنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى تېپچەكلەپ كەتتى.

— راستىما گۈلۈم؟ ئەجەب خۇش قىلىۋەتتىڭىزا مېنى، ئۆمرۈمدە بىرسى مېنى «جېنىم» دەپ باقمىغان، شۇ تاپتا ئۆزۈمنى خۇددى كۆپكۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن...... خەپ جۇمۇ، مۇشۇ تاپتا يېنىمدا بولغان بولسىڭىز......

— ۋاي مەن ئۆلەي! ئەقىلسىزلىكىمنى قاراڭ، تېخى يۈز كۆرۈشمەي تۇرۇپلا ئەجەب ئالدىراپ «جېنىم» دەپ ساپتىمەنا؟

— پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟ «جېنىم» دېسىڭىز دېگۈچىلىكىم بار يىگىت جۇمۇ مەن.

— شۇنداقمۇ؟ كىم بىلىدۇ، خاس مەندەك ساددا قىزلارنى ئالدايدىغان «ياغدا پىشقان مونەكباش» مۇ تېخى؟

— نېمە دەيدىغانسىز گۈلۈم، سىزدەك چىرايلىق قىزنى ئالداشقا ھەددىممۇ؟ ئالدىغان بولسام ئىت بولۇپ كېتەي......

— ھاي، ھاي، ئالدىراپ ئۇنداق دەپ كەتمەڭ، سىز تېخى مېنى چۈشەنگىزدىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ «چىرايلىق قىز» دەيسىزغۇ؟ ناۋادا يۈزلىرى ھېلىلىدەك قورۇلغان، چاچلىرى قاردەك ئاقارغان دۇمچەك موماي بولۇپ قالسام قانداق قىلىسىز؟ جىن - ئالۋاستىغا يولۇقۇپتىمەن دەپ بەدەر قاچارسىز ھەقاچان؟

— مەن سىزنىڭ خۇددى تېلېۋىزور ئېلانلىرىدا چىقىدىغان نازىنىنلاردەك، ياق! ياق! سۈزۈك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن تولۇن ئاينىمۇ خىجىل قىلغۇدەك گۈزەل، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭكىدەكلا زىلۋا، ھەرقانداق بىر يىگىتنى تاڭ قالدۇرغۇدەك جەلپكار قىز ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن، مېنىڭ تۇيغۇم ئەزەلدىن مېنى ئالداپ باقمىغان.

— ھا! ھا! ھا! ئەجەب سەزگۈر ئىكەنسىز، قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— تاللىغان باش سۈرىتىڭىزنىڭ نەپىسلىكىدىن، ئىشلىتىۋاتقان سۆز - ئىبارىلىرىڭىزنىڭ سىلىق - سىپايىلىكىدىن، يەنە...... — مۇرات يەنە بىر گەپنى يازماقچى بولۇپراق ئاچچىقنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ يازمىدى.

— شۇنداقمۇ؟ ھا! ھا! ھا!...... «يەنە» دەپ توختاپ قالدىڭىزغۇ؟ قورسىقىڭىزدا «مونەك» پەيدا بولۇپ قالمىسۇن يەنە! — قىز قەستەن مۇراتنىڭ ئاغزىنى كوچىلىدى.

— مۇشۇ تاپتا مېنى شۇنداق تەقەززا قىلىۋاتىسىز، سىز بىلەن سالقىن، خالىراق بىرەر جايدا قارىشىپ ئولتۇرۇپ كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، مۇمكىن بولارمۇ؟— مۇرات مەقسىتىنى ئېيتىپ چېكىپ باقماقچى بولدى.

— شۇنداقمۇ؟ راستىنلا كۆرۈشكۈڭىز بارما؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ، ئەگەر نەدىلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بارغان بولاتتىم.

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا كۆرۈشەيلى، — دەپ جاۋاب يازدى قىز.

— ئاھاي دوستەك، مەن دېمىدىمۇ بۈگۈن تەلىيىم ئوڭدىن كېلىدۇ دەپ، بىلىق ئاخىر قارماققا ئىلىندى دەيمەن، — دېدى مۇرات ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا يىراقتىن كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇۋاتقان دولقۇنغا قاراپ ۋە دەرھاللا:

— رەھمەت گۈلۈم! مەن ئەجەب تەلەيلىك جۇمۇ، نەدە ساقلاپ تۇرسام بولار؟ — دەپ يازدى.

— تۆت كوچىدىكى سائەتلىك مۇنارنىڭ يېنىدا، يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن كۆرۈشەيلى، قالغان گەپلەرنى كۆرۈشكەندە دېيىشەرمىز، بولامدۇ؟

— شۇنچە ئۇزۇندا كېلەمسىز گۈلۈم، مېنى تەقەززا قىلىپ؟

— ئۆزۈمنى ئانچە - مۇنچە «جىياڭشۇ» قىلىپ بارمىسام بولماس ئالدىڭىزغا؟

— ماقۇل، ھە راست، بىز تېخى يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان تۇرساق، قانداق بىلىشىمىز؟ — دەپ يازدى مۇرات بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ.

— مۇنداق قىلايلى قاراڭ، مەن بوينۇمغا قىزىل شارپا ئارتىۋالاي، سىز بېشىڭىزغا بادام دوپپا كىيىپ كېلىڭ، شۇنىڭغا قاراپ تونۇشۇۋالىمىز. سىزنىڭچە؟......

— ئەقىللىككەنسىز، بولىدۇ ئەمىسە، شۇ يەردە كۆرۈشەيلى.

— بولىدۇ، مەن يېرىم سائەتكە قالماي بارىمەن، خوش!

قىز بالا دېسە كۆڭلى سۆيۈنمەيدىغان ئەر بولمىسا كېرەك. لېكىن، شۇتاپتا مۇراتنىڭ كۆڭلى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلا بىر خىل كۈچلۈك ھېسسىياتتا سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— مانا، ئىش پۈتتى دوستەك، مەن چاپسان ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ تازا بىر ياشاپ كېلەي، بىرسى سوراپ قالسا دوختۇرخانىغا كەتتى دەپ قويارسەن جۇمۇ، — مۇرات خۇددى «مەن قانداقكەنمەن» دېگەندەك دولقۇننىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئىشخانىدىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى.

— ئاللاغا ئامانەت! ئىشلىرىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك بولسۇن ئىلاھىم! —

دىدى دولقۇن مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا. ئۇ نىمىشقىدۇر مۇھىم بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك دىرىكتورنىڭ نەشرىيات خىيال سۈرۈپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. بىردىنلا يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ قاندىقتۇر بىر ئەقىل تاپقاندەك چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى ۋە نومۇر كۇنۇپكىسىنى تېز - تېز باستى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، باركەنسەن؟ كۆرگىلى بولمايدىغۇ سىنى، ئىشلار ئالدىراش دەمسەن؟ بىرنەچچە سائەت ئىشكىنى قويۇپ تۇر، سەن ۋە ماڭا خۇشياقىدىغان يەنە بىر «مۇھەممەدنىمۇ مۇھىم» بىر ئىش چىقىپ قالدى. قارا دىلشات، سەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە مۇراتنىڭ ئۆيىگە چاپ، بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن دەرۋازا ئالدىدىلا ئۇچرىشىپ قېلىشىڭ مۇمكىن، بىر ئامالىنى قىلىپ ئۇنى 40 مىنۇت گەپكە تۇتۇپ تۇرساڭلا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىرىغان يولىغا ماڭغىلى قوي، ھازىرچە نېمە ئىشلىقىنى سورىۇشتۇرمەي تۇر، بىر سائەتتىن كېيىن ساڭا تېلېفون قىلىمەن شۇ چاغدا بىلىسەن! ۋاقىت بەك قىس، قىلچە چاندۇرما، قىزىق بىر ئويۇن ئويناپمىز ئەخمەق! قىزىق ئويۇن!...... شۇنداق بولسۇن، تېز ھەرىكەتلەن!

— ھىم! قېنى كىم ھەقىقىي ياشايدىكەن بىردەمدىن كېيىن كۆرىمىزغۇ تېخى، — دېدى دولقۇن تۇرۇپكىنى قويۇۋېتىپ. ئۇ ئىشخانا ئىشىكىنى زەردە بىلەن يېپتى - دە، قايسىبىر ئاھاڭغا غىڭشىغىنىچە يولىغا راۋان بولدى.

* * *

مۇرات چاقماق تېزلىكىدە خىزمەت كىيىمىنى چۆرۈپ تاشلاپ يېڭىلا سېتىۋالغان كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى كىيدى، كىيىمگە ماسلاشتۇرۇپ سۆسۈن رەڭ گالىستۇكنى تاقىدى، بېشىغا ھېيتلىق بادام دوپپىسىنى ئاۋايلاپ قوندۇرۇپ، ئۇستىگە فىرانسىيە ئەتىرىسىدىن چاچتى، ئۆزىنى گويا ئارتىسلاردەكلا تۈزەشتۈرۈپ ئالدىراپ ئۆيىدىن چىقتى. ئەمدىلا دەرۋازىدىن چىقىپ چوڭ يول تەرەپكە بۇرۇلۇشىغىلا ئاسماندىن

چۈشكەندەكلا دىلشات پەيدا بولدى.

— ھوي، قالتىسقۇ سەن؟ تويغا ماڭدىڭمۇ - نېمە؟ ياسىنىشىڭ شۇنداق پۇزۇر، بىزلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالما مۇرات!

— نەدىكى تويكەن ئۇ، مۇنداقلا ئايلىنىپ كېلەي دەپ شۇ.

— قارىسام ئۇنداق ئەمەستەكلا تۇرىدۇ؟ ئادەتتە بۇنداق پۇزۇر ياسانمايتتىڭ، بۈگۈن چوقۇم بىر گەپ بار جۇمۇ سەندە. ئويناپدىغان ئىش بولسا مېنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ؟

مۇراتنىڭ يۈزلىرى شاپتۇل چېچەكدەكلا قىزاردى، كۆڭلىدە بولسا گەپنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى تىلەيتتى. لېكىن، دىلشاتنىڭ گېپى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ۋاقىت ئۆزارغانچە، ئۇ تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. لېكىن، دىلشات پەرۋايى پەلەك گېپىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

— بىر يەرگە ئالدىراۋاتقاندەك قىلىسەنغۇ؟ بولدى قوي، نېمگە ئۇنچە ئالدىرايسەن، ئايدا بىرەر قېتىم كۆرۈشكەندە بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلاشمايمۇ، ئۆيۈڭگىلا باشلامسەن ياكى بىرەر قاۋاقخانىغا چۆكەمدۇق؟ سېنىڭ گەپلىرىڭنىمۇ سېغىنىپ قاپتىكەنمەن.

— بۈگۈنچە بولدى قىلساق قانداق؟ ئەتىگىچە بىر گەپ بولسۇن، مەن مېھمان قىلاي، لېكىنزە بۈگۈن راستتىنلا ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى.

— نېمانداق قىلىسەن ھوي! تېخى ھېلىلا «مۇنداقلا چۆرگۈلەپ ماڭغان» دېۋىدىڭغۇ، پاقپاق گېپىڭنى قوي، ئەتىگىچە كىم بار، كىم يوق بۇ جاھاندا.

— راست گەپ قىلسام بۈگۈن بىرسى بىلەن كېلىشىپ قويغان، بارمىسام زادىلا بولمايدۇ، خۇش بولۇپ كېتەي مېنى بۈگۈنچە خىجىل قىلما.

— مانا مەن دېمىدىممۇ، سەنزە قىزلارنى كۆرگەندە ھەممىنى ئۇنتۇيسەن- دە، بايقۇش، ماڭىمۇ بىرەرسى تەقسىم بولامدۇيا؟

— راست گەپ قىلسام بىز تېخى ئەمدى رەسمىي تونۇشماقچى، ئىلگىرى تۇردا تونۇشۇپ پاراڭلاشقان، بۈگۈن يۈز كۆرۈشمەكچىدۇق، كېلىشىپ قالساق كېيىنچە ساڭىمۇ بولۇپ قالار. ئالدى بىلەن ماڭا ئامەت

تىلە! — دېدى مۇرات ئۆتۈنۈپ تۇرۇپ. دىلشات سائەتكە قارىدى، ئارىلىقتا 50 مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەنىدى.

— ئۇنداق ئىشلىك بولسا بوپتۇ، كېيىنچە پاراڭلىشارمىز، لېكىنزە ئىش ئەپلىشىپ قالسا پېقىرنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ،— دېدى دىلشات ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

— چاتاق يوق، خوش مەن ماڭدىم ئەمىسە،— مۇرات تېز - تېز چامداپ سائەتلىك مۇنارنى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتى.

*　　　*　　　*

دولقۇن بۇگۈن بىلگەنىدەكلا ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، ماي - پاي دېگەننى سۈركەپ پارقىرىتىپ، تېخى ئۆلۈشكۈن سېتىۋالغان چوڭ چاقماقلىق كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، تانسىغا بارىدىغانىدەكلا پېچەت ياسىنىپ ئىشقا كەلگەنىدى. شۇڭا، كىيىمنى يەڭگۈشلىمەيلا كىيىم ئىلغۇچنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا ئىلىپ قويغان بادام دوپپىسىنى چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى- دە، كۆپ هايال بولمايلا سائەتلىك مۇنارنىڭ يېنىغا ئۇندى. ئەگەر «رەنا» قىز راستتىنلا كېلىپ قالسا گەپنى نەدىن باشلاشنى، قانداق تونۇشۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. يانچۇقىدىن بادام دوپپىسىنى چىقىرىپ يوغان بېشىغا خوپ كەلمىسمۇ ئەپلەپ - سەپلەپ كىيىۋالدى. ئۇ توشقان ئوۋلاشقا چىققان ئوۋچىنىڭ قارچۇغىسىدەك بويۇنلىرىنى هەر تەرەپكە سوزۇپ، ئۇ قىزنى كۈتمەكتە. «كەلمەي قويامدۇ - نېمە بۇ كاساپەت» دەپ ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇراپ تۇرغىنىدا، يولنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئۇدۇل ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان، دولقۇنلاپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرى مۇرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان، ئاپپاق يۈزلىرى بۈلۈتسىز ئاسماندىكى تولۇن ئاينى ئەسلىتىدىغان، كۆزلىرى سۈزۈك بۇلاقتەك، زىلۋا بويلۇق قىزغا كۆزى چۈشكەندە يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. «راست شۇمىدۇ، ئەمەسمىدۇ؟» دېگەننى خىيال قىلىپ يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىۋىدى، بوينىدىكى ئوتقاشتەك قىزىل شارپىنى ئېنىق كۆردى. دېمەك، ئۇ كۈتۈۋاتقان قىز

راستىنلا شۇ ئىدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، يىگىلىشمىسەم سىز «رەنا» قىز بولۇسىزغۇ دەيمەن؟— دېدى دولقۇن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا بېرىپ.
— شۇنداق، سىز «ئابدۇل» بولۇسىزغۇ دەيمەن، تىنچ - ئامان تۇرۇپسىز؟— دېدى قىزمۇ سىپايىلىك بىلەن ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا بىرقۇر قاراپ چىقىپ.
— ئۆيلىنىشمىدىنمۇ نەچچە ھەسسە گۈزەلكەنسىز،— دېدى دولقۇن قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. شۇ تاپتا ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئۆزى ئۇچۇپ كەلگەن تۇزدەكلا گۈزەل بەخت قۇشىنى سىلىق - سىپايىلىك بىلەن قولىغا قوندۇرۇۋېلىشنى ئويلايتتى. ئەگەر ئۇ قۇش ئۇچۇپلا كېتىدىغان بولسا ئۇمىد شەربىتى قۇم يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەندەكلا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ - دە، چەكسىز نادامەتتە قالاتتى.
— رەھمەت، مېنى تولا خىجىل قىلماڭ،— دېدى قىزمۇ نازلانغاندەك تەلەپپۇزدا. شۇ تاپتا بۇ قىزمۇ مىڭ تەستە قولغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان تىللا دەرىخىدىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن كۆڭلىدە تەدبىر ئىزدىمەكتە ئىدى.
— قاراڭ، بۇ يەردە پاراڭلىشىش بەك ئەپسىز، مالال كۆرمىسىڭىز «تولۇن ئاي ئارامگاھى»غا بېرىپ ئۇسسۇلۇق ئىچكەچ كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشساق قانداق؟— دېدى دولقۇن بوش، سىلىق ئاۋازدا.
— بولىدۇ، بۈگۈن مەن سىزگە مېھمان بولۇپ تۇراي، مېھمان «قوينىڭ قوزىسى» دەك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!
— كىم بىلىدۇ، بىردەمدىلا «يولۋاس» قا ئايلىنىپ قالامسىز تېخى؟
— ئوخشامدىكەنمەن؟— دېدى قىز يۈزلىرىگە بىر خىل كۈلكە يۈگۈرتۈپ.
— ھازىرچە ھېس قىلالمىدىمغۇ.
ئۇلار پاراڭلاشقاچ مېڭىپ «تولۇن ئاي ئارامگاھى»غا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. كۈتكۈچى قىزنىڭ باشلىشى بىلەن زامانغا لايىق سىپتا بېزەلگەن، گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرغان ئازادە

ئايرىمخانىغا ئورۇنلاشتى. چاي قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دولقۇن قورۇما تىزىملىكىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى ۋە:
— قېنى كۆڭلىڭىز تارتقانىنى بۇيرۇتۇڭ.— دېدى.
قىز قورۇما تىزىملىكىگە ئانچە قاراپمۇ ئولتۇرماستىن داڭدار قورۇملاردىن بىرنەچچىنى بۇيرۇدى. دولقۇن «مانا كۆرۈڭ، تەمتىرىمەيلا شۇنچە ئېسىل قورۇملارنى بۇيرۇتقىنىغا، قارىغاندا ئۇچىغا چىققان يەپ قاچارمۇ - نېمە؟» دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ چاندۇرماستىن:
— شۇنچىلىكما؟ يەنە بىرنەچچىنى بۇيرۇتمامسىز،— دېدى رەسمىيەت ئۈچۈنلا.
— يەنە باشقا ئادەم يوقتۇ ئىككىمىزدىن باشقا؟
— بولۇپ قالسىمۇ قالار، ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ، لېكىن ھەر ئىككىمىز يېقىن دوستلىرىمىزدىن بىردىن چاقىرىپ بىرگە ئولتۇرساق تېخىمۇ كۆڭۈللىك بولامدىكىن دەيمەن، سىزنىڭچە؟
— بولىدۇ، «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولسا سىزمۇ ئىشەنچلىك دوستىڭىزدىن بىرنى چاقىرىڭ، مەنمۇ شۇنداق قىلاي،— دېدى قىزمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا. دولقۇن دىلشاتقا تېلېفون قىلىپ دەرھال كېلىشنى تاپىلىدى. قىزمۇ بىر دوستىغا تېلېفون قىلدى.
— كېلىدىغان دوستىڭىزمۇ سىزدەك گۈل چىراي بولسا كېرەك؟
— ئەلۋەتتە، قېلىشمايدۇ- دە! لېكىن ئۇنى كۆرۈپلا مەندىن كېچىپ كەتمەيدىغانسىز- ھە؟
— نېمە دەيدىغانسىز؟ مەن شۇنداق يىگىتتەك تۇرىمەنمۇ؟
— ئاستا - ئاستا بىلىپ قالىمىزغۇ تېخى! سىزنىڭ دوستىڭىز؟......
— ئۇمۇ ئىنتايىن ئوچۇق- يورۇق، قىزىقچى يىگىت، ئىككىلىمىز ئىقتىساد ساھەسىدە ئىشلەيمىز.
— ۋاھ! بىر داچەننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغانلاردىن

ئىكەنسىلەر - دە؟— دېدى قىز كۆڭلىدە ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ.

— سىز بىزنى ئالتە سىنىتنى يەتتە ئەپەندى تالىشىدىغان گاداي مۇئەللىملەردىن كۆرۈپ قاپسىز- دە؟ قاراڭ بىز دېگەن پۇلنى قانداق خەجلەشنى خېلى ئوبدان بىلىدىغانلاردىن جۇمۇ، پۇل دېگەننى سىزدەك نازىنىنلارغا خەجلىمىسە ھارام بولامدۇ؟

— ھا، ھا، ھا! مەن نېمە دېگەن تەلەيلىك.

— مەنمۇ ئۆزۈمنى شۇنداق تەلەيلىك ھېس قىلىۋاتىمەن شۇ تاپتا، قاراڭ باشقا گەپنى قويۇپ ئاۋۋال ئۇلار كەلگۈچە رەسمىي تونۇشۇۋالمايمىزمۇ؟ توردىكى ئىسمىڭىز ھەقىقىي ئىسمىڭىز ئەمەستۇ ھەقاچان؟— دېدى دولقۇن قىزنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇۋېتىپ.

— مەنمۇ شۇنى دەپ تۇرغان، ئەلۋەتتە توردا ھەقىقىي ئىسمنى قوللانغىلى بولمايدۇ- دە! توردىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالدامچىمىكىن دەيمەن.

— ئۇنداقتا مۇبارەك ئىسمىڭىز نېمىكىن؟

— ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرماي، مەندىن ئاۋۋال سورىدىڭىزغۇ؟ بوپتۇ قىز بالا بولساممۇ مەن دادىلراق بولاي، ئىسمىم ئايشەمگۈل، ساي يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچتا ئىشلەيمەن، ھېساب مۇئەللىمى، ھەقاچان نەچچە ياشقا كىردىڭىز دەپ سورىيالماسلىقىڭىز مۇمكىن، بۇنىمۇ دېۋېتەي، بۇ يىل 23 ياشقا كىردىم، توي قىلغان، لېكىن ھازىر بويتاق...... يېتەرلىك بولمىغان بولسا يەنە سوراڭ،— دېدى قىز تەبەسسۇملۇق جىلمىيىپ، بىراق چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمىگەچكە دولقۇن دەرگۇمانىدا بولمىدى.

— رەھمەت، باشقا تەرەپلەرنى ئاستا- ئاستا چۈشىنىشىۋالارمىز، مېنىڭ ئىسمىم مۇختەر، ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن، بۇ يىل 26 ياش، توي قىلغان، لېكىن......

— نېمە لېكىن؟ تىلىڭىز تۇتۇلۇپ قالدىغۇ؟

— بۇ مەخپىي، بۇ تەرەپنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالىسىز.

— تېپىشماق تاپىدىكەنمەن - دە، بوپتۇ، دېيىشنى خالىمىغان تەرەپىلەر بولسا مەنمۇ سورىماي، باشقىلارنىڭ مەخپىيىتىنى سوراپ تۇرۇۋېلىشمۇ ئەدەپسىزلىكنىڭ ئىپادىسى، — «ئايشەمگۈل»نىڭ گېپى تېخى تۈگىمەستىنلا يانفونى سايراپ كەتتى.

— ئۇ كەپتۇ، — دېدى «ئايشەمگۈل» سەل جىددىيلەشكەندەك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — مەن دىككىدە چىقىپ باشلاپ كىرەي.

— بولىدۇ، مەن چىقمىساممۇ بولار، — دېدى «مۇختەر»، ئۇ كۆڭلىدە شۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاچقا قىز چىقىپ كېتىشىگىلا ھاپىلا - شاپىلا يان تېلېفونىنى چىقاردى - دە، دىلشاتنىڭ نومۇرىنى باستى.

— ۋەي، ئاداش كەلمەيسەنغۇ؟ ئۇمۇ كېلىپ بولدى، مۇنداق ئىش مەن يېنىمدىكى «تۇمۇچۇق» قا ئۆز ئىسمىمنى، خىزمەت ئورنۇمنى كونا قائىدىمىز بويىچە دەپ بەردىم، ھە، ھە شۇنداق، ئېسىڭدە بولسۇن، ھەرگىز چاندۇرما، ماقۇل، ماقۇل...... — ئۇ يان تېلېفونىنى يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇۋىدى، «ئايشەمگۈل» ئۆزىگە قارىغاندا سەل قارىقۇمچاق كەلگەن، ئېگىز بويلۇق بىر قىز بىلەن قولتۇقلىشىپ كىردى، قىز «مۇختەر»گە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلغاندىن كېيىن ئورۇندۇققا جايلاشتى. «ئايشەمگۈل» قانداقتۇ بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك چاققانلىق بىلەن ئاغزىنى دوستىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ:

— ھەي، ئۆز ئىسمىڭ بىلەن تونۇشتۇرايمۇ ياكى؟ مەنغۇ ئۆزۈمنى «ئۆگەي ئىسمىم» بىلەن تونۇشتۇردۇم، چاندۇرۇپ يۈرمە جۇمۇ يانا! سېنىمۇ؟...... — دېدى «ئايشەمگۈل» مەنىلىك قاراپ، ئۇ قىزمۇ پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى. ئىككى دوست كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن «ئايشەمگۈل» «مۇختەر»گە يۈزلەندى:

— پاراڭلاشقاچ ئولتۇرايلى، ئاۋۋال دوستۇمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئىسمى مەريەمگۈل، سوتتا ئىشلەيدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى. كۈتكۈچى قىز تەييار بولغان قورۇملارنى شىرەگە تىزىشقا باشلىدى.

— قورۇملارمۇ تەييار بوپتۇ، تارتىنماي ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار، ئىچمىلىكتىن قايسى خىلىنى كۆڭلۈڭلەر تارتىدۇ؟ قورۇقلا ئولتۇرساقمۇ بولماس، — دېدى مۇختەر.

— مېنىڭچە، ھەممىمىزگە باب كېلىدىغىنىدىن ئىچەيلى، «خۇڭفاڭ» بولسا قانداق؟ — دېدى «مەريەم» ئىسىملىك قىز مۇختەرگە خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى تىككىنىچە.

— بولىدۇ، بولىدۇ، كۈتكۈچى «خۇڭفاڭ»دىن ئىككىنى، سودا سۈيىدىن تۆتنى، «قار لەيلىسى»دىن ئىككى قاپ ئېلىپ كىرىڭ، — دېدى مۇختەر مەردلىكىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك، دەل شۇ پەيتتە دىلشاتمۇ سورۇنغا پەيدا بولدى، — كېلە دوستەك، دەل پەيتىدە كەلدىڭ، ساڭا قارىمايلا بۇيرۇتىدىغاننى بۇيرۇتۇپلا تۇردۇققۇ، قانداق؟ كۆڭلۈڭگە ياقىدىغاندۇ؟

— چاتاق يوق، دائىملا شۇنداققۇ، سەن بۇيرۇتسەن، مەن ئاتچوت قىلىمەن، ئايالىڭنىڭ سورىقىغىمۇ قالمايسەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى دىلشاتمۇ دەسلىپىدىلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك.

سورۇن كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، ئىچكەنچە كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، ئارىدىكى تارتىنىش، ھېيىقىش، پەردىشەپلەر يوقىلىپ، خۇددى بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك، بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى ئاڭلىسىمۇ كىشىنىڭ يۈزىنى يىڭنە سانجىغاندەك چىمىلدىتىدىغان، تىلغا ئالغۇسىز ۋەھشىي ئەپسانە چاقچاق، رەڭلىك يۇمۇرلارنى تۆكمە قىلىشتى. توختىماي قاقاقلاپ كۈلۈشلەر...... بىر - بىرسىنىڭ بويۇنلىرىغا مەھكەم گىرە سېلىشۋېتىپ قەلب چۈشەندۈرۈشلەر ئەۋجىگە چىقتى. ھاراقنىڭ ئەنە شۇنداق «خاسىيەتلىك» لىكىنى دېمىسە كىم ئىچىدۇ؟!

*　　　*　　　*

ئىككى جۈپ قىز - يىگىت ئارامگاھتا «مۇھەببەت»لىك شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە چەكسىز ھۇزۇرلىنىپ ھايات پەيزىنى سۈرۈۋاتقان چاغدا،

ئۇچىسىغا كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، بېشىغا بادام دوپپىسىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، گالىستۇكنى چىستەك تاقاپ، خۇددى ئارتىسلاردەك ياسىنىۋالغان مۇرات تېخىچە تېگى يوق شېرىن خىياللارنىڭ لەرزان ئەللەيلىشىدە مەست بولۇپ، سائەتلىك مۇنارنىڭ يېنىدا تەقەززالىق بىلەن بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا بويۇنداپ قارىغىنىچە «رەنا» قىزنى ساقلاۋاتاتتى. مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ھەربىر قىزغا تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتى، لېكىن بىرەر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلىش تۇگۇل، ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سېلىپ قىيا بولىسمۇ قاراپ قويماي، يوللىرىغا راۋان بولغىنىدا كۆڭلى چېۋىن يېۋالغاندەك ئارامسىزلىناتتى. تۇرۇپلا ئۇ «تووۋا، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ قىزلارغا نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بىرەرسىمۇ قاراپ قوياي دېمەيدا؟ ئۆيلەنمەستە مەن كىم ئىدىم ـ ھە! شۇ چاغلاردا ئاجايىپ شوخ، ئوتلۇق يىگىت ئىدىمغۇ، نى، نى قىزلار قوغلاپ يېتىشەلمىگەن؛ بەزىدە تېخى ئۆزۈممۇ بىر ئىدارىنىڭ كادىرى ئىكەنلىكىمنىمۇ ئۇنتۇپ كۆزۈم چۈشكەن قىزلارنى قوغلاپ نە نەلەرگە كېتەتتىمغۇ؟ كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك قىزلارنى ئۆزۈمگە قارىتىمەن دەپ گاھ ناخشا توۋلاپ، گاھ ئىسقىرتىپ قىلمىغانلىرىم قالمايتتىغۇ؟ بەزىلەر تېخى دۆلەت كادىرىمۇ سېنىڭدەك بولامدۇ؟ دېگەندە، تەپ تارتماستىن «كەپتەردە بار كۆڭۈل پاختەكتىمۇ بولىدۇ ـ دە!» كادىرمۇ ھېسسىياتلىق ئادەم، كېسەك ئەمەس دەپ قويۇپ قىلىدىغىنىمنى قىلىۋېرەتتىمغۇ، مانا ئەمدى؟...... توغرا، ئۇ قىز بالدۇرراق كەلگەن بولسا مەن دەل ۋاقتىدا كېلەلمىگەندىكىن كېتىپ قالدىمۇيا؟ نەدىنمۇ يولۇقتۇم ھېلىقى دىلشات دېگەن كاساپەتكە، گېپىنىڭ تۈگىمەسلىكىنى دەيمۇ تېخى...... خەپ! شۇنداقتىمۇ يەنە بىرئاز ساقلاپ باقاي» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ كېتەتتى. ئۇ ۋاقىت ئۆزارغانچە تېخىمۇ تىتتىت بولۇپ بىر ئىزىدا تۇرالماي قېلىۋاتاتتى. زور ئۈمىد بىلەن خېلى ئۇزاق ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۈن غەربكە قايرىلغۇچە بىرەر قىز تۈگۈل قېرى مومايمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشمىدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنى ئالدانغاندەك خورلۇق ھېس قىلىپ «خەپ توختاپتۇر!» دەپ غۇدۇرىغىنىچە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قاۋاقخانىغا قاراپ ماڭدى.

*            *            *

شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككى كۈنگىچە مۇراتنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى، خۇددى بىرسى پىرقىرىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بېشى گاراڭ يۈردى. شۇ ئاچچىقىدا ئەگەر ئۇ يەنە تورغا چىقىپلا قالسا تازا بىر تىللاپ ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالاي دەپ ئويلاپ ئۈزۈلمەي تورغا چىقتى، لېكىن ئۇ قىز قېرىشقاندەك تورغا چىقمايۋاتاتتى. بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئازابلىق خىياللاردىن خالىي بولاي دېسە دولقۇنمۇ «ئاغرىپ قالدىم» دەپ ئىشقا كەلمەيۋاتاتتى.

مۇرات چۈشتىن كېيىنمۇ ئىشخانىسىغا بالدۇرلا كەلدى. ئۇ ھېلىقى «ئالدامچى قىز»نى تورغا چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، تازا بىر تىللاپ دەردىمنى چىقىرىۋالسام يەڭگىللەپ قالىمەنمۇ - نېمە دېگەن خىيال بىلەن كۈت- كۈتىنى ئېچىپ تۇرۇۋىدى، دولقۇن كىرىپ كەلدى.

— نەلەردە يۈرىسەن ھوي، ئىككى كۈننىڭياقى؟ قارا تۇرقۇڭغا نەچچە يىل كېسەل تارتقان كونا كېسەلدەك ياداپ باشقىچىلا بولۇپ قاپسەنغۇ؟ نېمە بولدى ساڭا؟— دېدى مۇرات قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى ئورىدەكلا ئولتۇرۇشۇپ، يۈز سۆڭەكلىرى خۇددى بىر تال تۈگۈنەكنى ئوتتۇرىدىن يېرىپلا چاپلىۋالغاندەك پۈلتىيىپ چىقىپ قالغان دولقۇنغا قاراپ.

— پەقەتلا مىجەزىم يوق، ئىككى كۈندىن بېرى...... — ئۇ ئېغىزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى «غۇرت»لا قىلىپ يۇتۇۋەتتى.

— نېمە، گېپىڭنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىڭغۇ؟ دۇدۇقلىماي دېمەمسەن، ساقچىغا كىرىپ قالدىڭمۇيا؟

— ياقەي، مەن دېدىمغۇ مىجەزىم يوق دەپ.

مۇرات يەنە گەپ سوراي دەپ تۇراتتى، كۈت - كۈتىغا سىگنال كېلىپ قالدى. «ئاخىر تورغا چىقىپتۇ- دە، بۇ ئالدامچى» دەپ غۇدۇرىغىنىچە قارشى تەرەپنىڭ ئۇچۇرىغا تىكىلدى:

— قانداق جېنىم، ئىشخانىغا بارماي قانغۇچە ئۇخلايمەن دەپ كېتىۋىدىڭىز، مېنى سېغىنىپ ئۇيقۇڭىز قېچىپتۇ۔ دە؟ ئەمدى تورغا چىقمايمەن دېگەنتىڭىزغۇ؟— دەپ يازغانىدى رەنا. مۇرات ھاڭ - تاڭ قالدى. «نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئالدامچى، قارىسىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ زاڭلىق قىلىۋاتامدۇ - نېمە؟»دەپ ئويلاپ جاۋاب يازدى:

— يەنە كىمنى كولدۇرلىتاي دەيسىز؟ مېنى باشقىسىغا ئوخشىتىپ قالمىغانسىز خانقىز؟

— چاقچاق قىلمىسىڭىزچۇ جېنىم، ئىككى كۈننىڭياقى رەنجىتىپ قويمىغانىدىمەن؟ يېنىڭىزدا بولغاندا ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈپ، مىجىقىم چىققۇچە قۇچاقلاپ، يەنە...... ۋاي قۇرغۇيۇم، ۋاي بۇلبۇلۇم دەپ ھالىڭىز قالمايدۇ، تېخى ئەتىگەنلا ئايرىلىپ چۈشتىن كېيىن ئاچچىقجان بولۇپ قاپسىزغۇ؟

— بولدى ئەمدى ئويۇن ئويناپمەن دېمەڭ، مەن كىچىك بالا ئەمەس! بىلەمسىز، شۇ كۈنى مېنى تەقەززالىق ئىچىدە بىر كۈن ساقلاتتىڭىز، سىزگە ئىشىنىپ بارغىنىمغا بەكلا ئەپسۇسلاندىم. مۇشۇ تاپتا يېنىمدا بولغان بولسىڭىز ئايانمايلا ئىككى شاپىلاق ئۇرساممۇ دەردىم چىقمايدۇ!

— نېمە دېدىڭىز؟ ئادەمنى قورقۇتمىڭا، ئىككى كۈندىن بېرى مەن بىلەن بىرگە بولغان بادام دوپپىلىق يىگىت سىز ئەمەسما؟

— بادام دوپپىلىق يىگىت!...... سىز بادام دوپپىلىق يىگىت بىلەن راستىنلا ئۇچراشتىڭىزما؟

— ئۇچراشتىملا ئەمەس، بىز ئىككى كۈندىن بېرى بىرگە تۇردۇققۇ؟ شۇ كۈنى شۇنداق پۇزۇر ياسانغان بادام دوپپىلىق بىر يىگىت بىز كۆرۈشمەكچى بولغان جايدا مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئۇ راستىنلا سىز بولمىسىڭىز؟......

— سىزنى راستىنلا بىر بادام دوپپىلىق يىگىت كۈتۈۋالدى؟!...... بادام دوپپىلىق يىگىت! بادام دوپپىلىق يىگىت!......

مۇرات قىزىلمۇچ چاينىۋالغاندەك تولغىنىپ، خۇددى ئەقلىدىن ئازغان كىشىدەك «بادام دوپپىلىق يىگىت! بادام دوپپىلىق

يىگىت!......» دېگىنىچە كومپيۇتېرغا تىكىلىپ تۇرغىنىدا، دولقۇنىنىڭ يۈرىكىمۇ چىم قىلغاندەك بولۇپ ئىشخانىدا تۇرۇۋېرىشكە چىدىمىغاندەك غىپپىدە چىقىپ كەتتى. مۇراتنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن نېرۋىسى قايتىدىن چىڭقىلىشقا باشلىدى. تىترەك باسقان ۋۇجۇدىدا «بادام دوپپىلىق يىگىت! بادام دوپپىلىق يىگىت!!......» دېگەن بىرلا نىدا چۇقان كۆتۈرۈۋاتاتتى.

# سەۋەب

بۈگۈن ئەتىگەندە ئىچىمدە ئەۋرىلىپ

بۇغداي ئۆڭ چىرايى تامدەك تاتارغان ھامۇت يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئىدارە قورۇسىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئىشخانىسىغىمۇ كىرمەستىن، ئۇدۇللا ئىدارىنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى سۈرتۈپ تازىلاۋاتقان ئىدارە شوپۇرىنىڭ يېنىغا باردى.

— ئۇكام ھازىر بىر يەرگە بارمايدىغانسەن؟ — سورىدى ئۇ ھاسىراپ - ھۆمىدىگىنىچە شوپۇرغا قاراپ. شوپۇر قانداقتۇر بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ھامۇتنىڭ تاتارغان چىرايلىرىدىن بىرەر ئەنسىزلىكنى سەزگەندەك دەرھال بېشىنى چايقىدى ۋە:

— بىرەر جىددىي ئىشىڭىز بارمىدى ھامۇتكا؟ — ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن ھامۇتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— بۈگۈن ماڭا بىر ياردەم قىل ئۇكام، دادامنىڭ يۈرەك كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى. ئەھۋالى سەل ئېغىر، دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپارمىسام بولمىدى، بىراق شۇنچە ئىزدەپمۇ قاتناش تاپالمىدىم، مەن خۇش بولاي، بىر سائەت ۋاقتىڭنى چىقىرىپ دادامنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشىپ بەرگەن بولساڭ؟ — ھامۇت يېلىنىش نەزەرى بىلەن شوپۇرغا قاراپ بىر ئۇھ تارتتى. شۇ تاپتا ئۇ شوپۇرنىڭ «بولىدۇ، مانا ھازىرلا ئاپىرىپ قوياي» دېيىشىنى كۈتەتتى. بىراق، شوپۇر خېلى ئۇزاققىچە ئۈندىمەستىن ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر بېشىنى قاشلىغىنىچە تەقەززا بولۇپ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ھامۇتقا قارىدى :

— خاپا بولمايسەن ھامۇتكا، سەنمۇ ئىدارىنىڭ كونا كادىرى، باشلىقىمىزنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىسەن، كېيىن بىرەر گەپ - سۆز

بولۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن ھەرھالدا مامۇت شاگجىياڭ...... ــ ئۇنىڭ تېخى گېپى تۈگىمەستىنلا ھامۇت يەنە يېلىنىشقا باشلىدى:

ــ بىلىمەن ئۇكا، بىراق ھازىر ۋاقىت قىس، دادامنى قۇتقۇزۇش مۇھىم، قانداق گەپ بولسا ئاۋۋال دادامنى دوختۇرخانىغا ساق - سالامەت يەتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئىدارە باشلىقىغا ئۆزۈم جاۋاب قىلغان بولسام، رەنجىمەي ماڭا بىر ياردەم قىل ئۇكام ــ دېدى ھامۇت يېلىنىپ تۇرۇپ، ــ مەنمۇ ئىدارىنىڭ كادىرى بولغاندىكىن بىر سائەتلىك ئىشقا ئىدارە باشلىقىمۇ بىر نەرسە دەپ كەتمەس.

ــ ھامۇتكا، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، يېزا تېخى يېقىندىلا مەخسۇس تۈزۈم بېكىتىپ يېزىنىڭ ماشىنىسىنى شەخسىي ئىشلارغا ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ دەپ بەلگىلىگەن تۇرسا، نېمىلا بولمىسۇن مامۇت شاگجىياڭغا......

شوپۇرنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا ئەزەلدىن ئاچچىقى كېلىپ باقمايدىغان بۇ ياۋاش كادىرنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ نېمىلەرنىدۇر غۇدۇرىغىنىچە باشلىق ئىشخانىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

ــ توختا ھامۇتكا، نېمىگە شۇنچە ئاچچىقلاپ كېتىسەن ئەمدى؟ ھازىر مامۇت شاگجىياڭ ئىشخانىسىدا يوق، ئەتىگەندىلا ناھىيەگە كەتكەن، نېمىلا بولمىسۇن تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋالىڭنى ئېيتىپ باققىن، ــ دېدى شوپۇرمۇ ئامالسىز قالغاندەك.

ھامۇت ئالدىراپ يانچۇقىنى سىلاشتۇرۇۋىدى، قېرىشقاندەك تېلېفونى يېنىدا يوق بولۇپ چىقتى:

ــ قارىمامسەن ئۇكا، ئالدىراشچىلىقتا تېلېفونۇممۇ ئۆيدە قاپتۇ، قېنى ماڭا تېلېفونۇڭنى بېرىپ تۇرغىن.

ــ بولدى، بولدى مەن ئۆزۈملا تېلېفون قىلاي،ــ دېدى شوپۇر ۋە تېلېفونىنى چىقىرىپ نومۇرىنى بېسىشقا باشلىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!ــ تېلېفون ئۇلىنىپ قارشى تەرەپتىن يېزا باشلىقىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغانلا بىر بوغۇق ھەم سوزۇق ئاۋاز ئاڭلاندى، شوپۇر بىردىنلا ھودۇققاندەك بولدى - يۇ، دەرھال بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك تېزدىنلا يەنە ئەسلىگە كېلىپ يۈزىگە كۈلكە

يۈگۈردى، — قانداق ئەھۋاللىرى ماخمۇت ھاكىم؟ ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ ھە...... ھە مەن نامان، بىرنەچچە ئايدىن بېرى كەم دىدارغۇ ئۆزلىرى؟ نېمە، خىزمەت ئالدىراشلىقى دەمدىلا؟ خىزمەت دېگەن تۈگىمەيدىغان ئىش، مانا ھازىر يېزىمىزدا يەل - يېمىش پىشىپ مەي بولۇپ كەتتى، مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە بىر كېلىپ كەتكەن بولسىلا بولاتتى...... ھە ماقۇل، ماقۇل، خوش ئامان بولسىلا!

شوپۇر قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان خىرىلداق ئاۋازنى ئاجايىپ سېغىنىپ كەتكەندەك، يېنىدا تايىنى يوق پاراڭلاردىن بىزار بولۇپ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك ئازابلىق تولغىنىۋاتقان ھامۇتنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا تېلېفون ئالدىدا بەللىرىنى ئېگىپ، ئاغزىلىرىنى كالچايتقىنىچە ئۆزۈندىن- ئۆزۈن ئەھۋاللاشتى.

— ۋاي قارىماسىز ھامۇتكا، ئالدىراشچىلىقتا مامۇت شاڭجياڭغا تېلېفون قىلدىم دەپ ماخمۇت ھاكىمنىڭ نومۇرىنى بېسىۋېتىپتىمەن ئەمەسمۇ، ھەر نېمە بولسا چانىمدى...... ھە، مانا ئەمدى مامۇت شاڭجياڭغا تېلېفون قىلاي، جىددىيلىشىپ كەتمە...... جىددىيلىشىپ كەتمە......

يېزا باشلىقى ھامۇتنىڭ تېلېفونىمۇ ئاخىر ئۇلاندى، سۆز ئۆزىنىڭ ئىشىغا يۆتكەلگەندە ھامۇت قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ شوپۇرغا يېقىنلاشتى، باشلىقنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى......

— ۋەي، ۋەي، نامان ئۇنلۇكرەك گەپ قىلىڭە...... ھە، ھە! نېمە؟ ھامۇتكام دەمسىز؟...... ھە، ئۇ ماشىنىدا نەگە بارماقچىكەن؟...... مانا قاراڭ، ھازىر پارتىيە ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىۋاتسا، ئۇ بىر پارتىيە ئەزاسى تۇرۇپ ئىدارىنىڭ ماشىنىسىنى شەخسىي ئىشىغا ئىشلىتىمەن دېسە قانداق بولىدۇ؟ سىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، بەلگىلىمە بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسىنى شەخسىي ئىشىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. دادىسى ئېغىر كېسەل بولسا باشقىچىرەك ئامال قىلسۇن......

باشلىق توختىماي سۆزلەيتتى، بىراق ھامۇتنىڭ قۇلىقىغا ئەمدى ھېچنېمە ئاڭلانمىدى، غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى بىر نۇقتىغا

تىكىلدى. باشلىقنىڭ خىرقىراق ئاۋازى تېخىمۇ ئۈنلۈكرەك چىقىشقا باشلىدى:

— ۋەي، نامان ئاڭلاۋاتامسىز؟ ھە، كىمنىڭ تويى دەمسىز؟ ماخمۇت ھاكىمنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ تويى بولمامدۇ، شۇنداق، شۇنداق، ئەلۋەتتە قىزىيدۇ - دە! مەن ئېلىپ بارىدىغان سوۋغا - سالاملارنىمۇ يەتكۈدەك تەييارلاپ قويدۇم، سىز ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا خىللاپ تۇرۇپ يەل - يېمىش قاچىلاپ، ماشىنىنى ئېلىپ تېز يېتىپ كېلىڭ، تويغا بىرگە بارىمىز......

باشلىقنىڭ گەپلىرى قۇلىقىغا غۇۋا ئاڭلىنىۋاتقان ھامۇت شۇ تاپتا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئىشخانا بىناسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپلا كارىدور، ئىشخانا تاملىرىغا قارا - قويۇق ئېسىلغان «بارلىقىمىز ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن......» دېگەندەك شوئارلارنى يۇلۇپ ئېلىپ ئوت قويۇۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى، لېكىن دادىسىنىڭ كېسىلىنى ئويلاپ ئېغىر خورسىنغان ھالدا ھېچنېمىگە قارىماي ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. شوپۇر تېلېفوننى قېپىغا سېلىپ ئەمدى ھامۇتقا گەپ قىلاي دېگەندە ھامۇت ئاللىبۇرۇن كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئۇ باشلىقنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تەقلەپ تويغا بالدۇرراق بېرىشقا ئالدىراپ ماشىنىنى ھەيدەپ ئىدارە قورۇسىدىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى.

مۇئاۋىن ھاكىم ماخمۇتنىڭ ھويلىسىدا توي شادلىقى ئەۋجىگە چىقىپ، ناخشا - مۇزىكىنىڭ مۇڭلۇق سېھرى يېزا باشلىقى مامۇتنىڭ ھېسسىياتلىرىنى قوزغىتىپ، شىركەيپ ھالدا بىر لەۋەن بىلەن چاپلىشىپ تانسا ئويناۋاتقان پەيتتە، ھامۇتنىڭ قورۇسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ھەرقانداق تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ يۈرەك - باغرىنى ئېزىپ لەختە - لەختە قىلىۋەتكۈدەك ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك يىغا - زار ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە سېلىپ ئېچىنىشلىق ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، يىراق- يىراقلارغا ئاڭلانماقتا ئىدى، سانسىز كۆزلەردىن ئېقىۋاتقان قان - ياشلار دەردلىك يۈرەكلەرگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

# خىسلەت

ھادى مۇدىرنىڭ تىك ئۇچارغا ئولتۇرۇپ لەپپىدىلا كۆتۈرۈلگەندەك قىزىلتاش كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ياڭاقلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا بىراقلا ئۆستۈرۈلۈشى يېزا كادىرلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يېزىغا قاراشلىق ھەرقايسى كەنت كادىرلىرىغىچە، ھەتتا يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ گۈللۈكىدە، تۆت كوچا ئېغىزىدىكى كۆۋرۈك بېشىدا، مەھەللە دوقمۇشلىرىدىكى ئۈجمە سايىسىدا تۆت - بەشتىن بولۇپ توپلىشىۋېلىپ ئىراق، ئىران، پەلەستىن...... ئىشقىلىپ، دۇنيادا قىزىق نۇقتا بولۇۋاتقان تېمىلار ئۈستىدە ئۆزى بىلگەنچە ياكى ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە ئاغزىدىن كۆپۈك چىققۇچە تالاش- تارتىش قىلىشىدىغان ئۇششاق - چوڭ، پىششىق - توڭ «كوچا تەھلىلچىلىرى»نىڭ قىزىق نۇقتا تېمىسىغا ئايلانغانىدى. قۇلىقىڭىزنى قاياققىلا سوزسىڭىز ئاڭلايدىغىنىڭىز شەكسىزكى ئەنە شۇ ھادى مۇدىرنىڭ گېپى. ئاجايىپ خەقتە بىز، بەزىلىرىمىز يەنە بەزىبىرلىرى بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتىمىز بولمىسىمۇ دائىملا مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمە قىلماقچى ياكى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغۇمىز كېلىدۇ، بىلىۋېلىشقا ئالدىراپ، تىتىلداپ كېتىمىز، ناۋادا بىلەلمەي قالساق ئىچ - باغرىمىزنى پارازىت قۇرتلار غاجاۋاتقاندەك ئازابلىق خىياللار بىلەن ئۇخلىيالمايمىز. شۇڭا، نەدىن، كىمدىن بىر يېڭى خەۋەر ئاڭلايمىزكىن دەپ قۇلىقىمىزنى چۆپ يەۋاتقان سەزگۈر توشقاننىڭ قۇلىقىدەك دىڭ تۇتىمىز. ئۇ يەر - بۇ يەردىن «ئەڭ يېڭى ئالاھىدە خەۋەر» ئاڭلاپ، ئەڭ بۇرۇن تارقىتىشنىڭ كويىدا ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ

يۇرۇيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىپى ئالمانتاي ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى. نەدىن ئاڭلايدىكىنتاڭ، ئۇنىڭ دائىملا 9 - نومۇرلۇق كالاچتەك كالچاراپ تۇرىدىغان ئاغزىدىن چىققان «يېڭى خەۋەر»نىڭ 99% ى راست بولۇپ چىقاتتى. بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بىرنەچچە چوپقەتلەر يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكتە قارتا ئويناۋېتىپ ئۇنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن «ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دانى مۇدىر قالتىس ئادەمكەن جۇمۇ، پىچىقى دېگەن ئالامەت كېسىدىكەن؛ ئۇلۇشكۈنكى يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن يېزىمىزنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، بىزنىڭ ھادى قاچانغۇچە كەنت كومىتېتىدىن قۇيرۇقنى ئۈزەلمەيدۇ، كۆرسەتكۈچ دېدىڭلار، ھەل قىلىپ بەردىم، ئىمتىھان دېدىڭلار، ئۇنىڭغىمۇ قاتناشتۇردۇم، يەنە نېمە كەم؟ قايسى شەرتلىرى توشمايدۇ؟ يېزىلىق ھۆكۈمەت سايلىمىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، سايلام ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن بىر ئىش قىلىۋېتىڭلار، سىلەر بىرلىككە كېلىپ دوكلات يازساڭلارلا قالغىنىغا مەن بار، ھە...... دەپلا قويۇۋىدى، بىزنىڭ شاڭجياڭ پايپېتەك بولۇپ كەتتى دەيمەن، مانا ئەمدى ھادى مۇدىرنىڭ ئىشى ھەل بولۇپ پات يېقىندا يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا مۇدىر بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئالاھىدە خەۋەرنى ئاڭلىغانىدۇق، دېگەندەك بۈگۈنكى چوڭ يىغىندا ھادىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولغانلىقى جاكارلاندى.

— ھادى مۇدىرنىڭ ئانىسى خۇدايىم ئاجايىپلا ياراتقان كەم - كوتىسىز، خىسلەتلىك بىر ئانا جۇمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە ئادەم ئاشۇنداق خىسلەتلىك ئانىغا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى دەيمەن، ئۇ ئايال قانداقلارچە تۇغقان بولغىيدى شۇ تەلەيلىك پەرزەنتلىرىنى، — دېدى ئالمانتاي يىغىن تارقىغاندىن كېيىن تاماكا چېكىشكەچ تۇرغانلارغا قېتىلىپ.

— دېمىسىمۇ شۇنداق ئەقىللىك ئايالمىش، ئەگەر ئەقىللىك بولمىغان بولسا يەتتە بالىنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ، گۈل - گۈلى بىلەن

پېشانىسىنى ئېگىز، زۇۋۇلىسىنى چوڭ، دۈۋىسىنى ئېگىز قىلىپ تۇغالامتى؟— دېدى يېزىلىق ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ خادىمى شاكىر شەيتان ئالمانتاينىڭ گېپىنى قۇۋۇەتلەپ.

— نېمە دەيسەنوي ئالىجوقا شەيتان، بالىنىمۇ «ئۇنداق تۇغىمەن، مۇنداق تۇغىمەن» دەپلا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تۇغۇۋالغىلى بولاتتىمۇ؟ بالا دېگەن يا ماشىنا ئادەم بولمىسا، زاۋۇتتا كۆڭلىدىكىدەك ياسىۋالىدىغان،— دېدى ھادىل ھەيران بولغاندەك.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ قارىمامسەن ئەنە ھادى مۇدىرنىڭ ئانىسىغا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە پەرزەنت كۆرۈپتۇ، يەتتە پەرزەنتىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇپتۇ، مانا بۈگۈنكى كۈندە يەتتە پەرزەنتىنىڭ ھەممىسىلا مۇدىر، قېنى قايسىبىر ئانا مۇشۇنداق يەتتە مۇدىرنى تۇغالىغان؟— دېدى شاكىر قىزىشىپ.

— نېمە دېدىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىلا «مۇدىر» دەمسەن، ئۇنداق ئەمەستۇ؟ يالغانىمۇ جايىدا، قاملاشتۇرۇپراق دېيىشىڭ كېرەك شەيتان.

— ھەي، ھەي، شەيتان راست دەيدۇ، بەلكىم سىلەر ئانچە بىلمەسلىكىڭلار مۇمكىن، ھادى مۇدىرنىڭ ئانىسى راستتىنلا ئۇنىمۇ ئەمەس، بۇنىمۇ ئەمەس «مۇدىر»لا تۇغقان ئۇلۇغ ئانا ئۇ. چوڭ ئوغلى دانى دەسلەپتە ناھىيەلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان، ئۇ ئورۇنمۇ ساپلا «مۇدىر» ئۆسىدىغان ئورۇنمۇ قانداق، دانى مۇدىر ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ ئاخىر ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئورۇنباسار مۇدىر، كېيىنچە مۇدىر بولدى، ھازىرغىچە كېسىپ- كېسىپ ئىشلەۋاتىدۇ ئەنە. باشقىلارغۇ ئۇنى ھاراق- تاماكا، قەنت- شېكەرنىڭ كۈچىنى كۆرگەن ئادەم دېيىشىدىكەن بولمىسا. دانى مۇدىردىن كېيىن ئىككىنچى ئوغۇل قادى ئەسكەرلىكتىن كېلىپلا مائارىپ ئىدارىسىگە خىزمەتكە كىردى، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئورۇنباسار باشلىقمۇ بولدى، كېيىنچە مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا ئۆستۈرۈلۈۋىدى، ئورنىغا قادى مۇدىر بولدى. ئالامەت «تەجرىبىلىك» كىشىكەن دەيمەن، ئۇ ئالدى بىلەن

ئىشنى مەكتەپلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئىسلاھ قىلىشنى باشلىدى، يۆتكەيدىغانلارنى يۆتكەپ، ئۆستۈرىدىغانلارنى ئۆستۈردى. شۇ قېتىملىق «ئىسلاھات»تا يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەيدىغان چوڭ سىڭلىسى سانىيەم مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ئۆستى. شادىنى ھەممىمىز بىلىمىز، يېزىلىق ھۆكۈمەت قانۇن - تۈزۈم كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۇنىڭدىن كىچىكى مەريەم قوشنا يېزىدا پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ھەممىسىدىنمۇ بەكرەك قاملاشتۇرۇپ تۇغقان قەييۇم ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بار دەيمەن، بىر پۇتى توكۇر، بىر قولى چوناق، لېكىنزە كاللىسى بەكلا ئۆتكۈر، ئىشخانا ئىشلىرىغا ماھىر، ئىشتىھاسى ئالاھىدە ياخشى، ئۇ مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، خىزمەتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا، يەپ ئىچىشتە ھېچكىمدىن قېلىشمايدۇ، شۇنداق بولغىنى ئۇچۇنلا ئىش ھەققىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆستۈرۈشتە، ئىلغار سايلاشتا ئەڭ ئاۋۋال شۇ ئىلغار بولىدۇ، ئىش ھەققىمۇ ئاۋۋال ئۆستۈرۈلىدۇ. لېكىنزە يېزىلارغا بېرىپ نۇقتىدا ئىشلەش، ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتا ئېتىبار قىلىنىدۇ. دەپ بېقىڭلارچۇ قېنى، قايسىبىر ئانا مۇشۇنداق مۇدىرنى قاملاشتۇرۇپ تۇغالىغان؟ مانا ماۋۇ كەنجى تىيىپ ھادىنىڭ ئىشلىرىنى دېمىسەكمۇ بىلىمىز، مانا بۈگۈن ھەممىمىز مۇدىر بولغىنىنى تەبرىكلەپ ئولتۇرۇپتىمىز.

— پاھ، پاھ، راستتىنلا ئەقىللىك ئايالكەن، دانا ئايالكەن، — گەپ قىستۇردى بىرسى ئاغزىنى چاكىلدىتىپ.

— دېمىسىمۇ بۇ ئائىلىدىكى ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلارنى زامانىمىزدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشنىڭ نامايەندىسى دېسە بولىدۇ. قارايدىغان بولساق بەزىلىرىمىز بىر مەھەللىدىكى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرىمىزنى قويۇپ تۇرايلى، ھەتتا بىر قورساق قېرىنداشلىرىمىزنىمۇ كۆرەلمەيمىز! «ئۇ مەندىن ئېگىز، ئۇ سەندىن پەس» دېيىشىپ چىشلەپ تارتىشىمىز؛ «ئاتا - ئانا ھەممىمىزگە ئوخشاش، باقساق تەڭ باقىمىز» دېيىشىپ بىر - بىرىمىزگە ئىتتىرىشىمىز، تېخى ئۆلمىگەن ئاتا - ئانىمىزنىڭ مىراسىنى تەڭ بۆلۈشىمىز دەپ جېدەللىشىمىز...... ۋاي - ۋۇي......

ئىشقىلىپ، جېدىلىمىز بېسىقمايدۇ، كۆمىچىمىز پىشمايدۇ، قۇمدەك چېچىلغىنىمىز چېچىلغان. لېكىن ئۇلارچۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بىر-بىرسىنى يۆلىشىدۇ، بىر - بىرسىگە شوتا بولۇشىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا «مۇدىر» بولالىغان - دە!

— توغرا، بىز بۇگۇن راۋۇرۇس بىر زىيابەت تەييارلاپ ھادى مۇدىرنى، ياق «مۇدىر»لار ئائىلىسىنى تازا بىر كېلىشتۈرۈپ تەبرىكلىسەك بولغۇدەك.

— شۇنداق قىلايلى، لېكىن «مۇدىر»لارنىڭ ئانىسىنى ئۇنتۇپ قالمايلى جۇمۇ......

# ئەركەك

بۇ خىلۋەت يېزىنىڭ سۈيى قىس، تېرىلغۇ يېرى ئاز، ھاۋاسى قۇرغاق، دائىملا بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ. تەبىئىي شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن تەرەققىياتى ئاستا، دېھقانلىرىنىڭ سېرىق تال ياشايدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، باشلىق بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئاسانلىقچە ئورنى ئىسسىمايدۇ. بەزىلىرى كېلە- كەلمەيلا ئامالنىڭ بارىچە تېزرەك ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ- دە، غىپپىدىلا يۆتكىلىپ كېتىدۇ. بەزىلىرى ئۇزۇن بولغاندىمۇ ئىككى يىل ئاران چىدايدۇ. شۇڭا، «ناھىيەمىزنىڭ باشلىق ئۆستۈرىدىغان بازىسى» دېگەن نامى بار. مۇشۇنداق نۆۋەت ئاخىر مۇشۇ يېزىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان يارمۇھەممەتكە كەلگەن چېغى، بىر ئاينىڭ ئالدىدا يېزا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

يېزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان يارمۇھەممەت بىر قىسىم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ بارغانچە ئېغىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. چەكسىز خىيال جەزىرىسى ئىچىدە «قانداق قىلىپ دېھقانلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، باي - نامراتلىق ئارىلىقىنى كىچىكلىتىش» مەسىلىسىدە ئويلىنىدىغان، كۆپ باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئىلگىرىكىدەك تاماق ۋاقتىدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن داستىخان ئەتراپىدا ئولىشىپ ئولتۇرۇپ خاتىرجەم تاماقلىنىدىغان، ئوماق ئوغلىنى بويىنىغا مىندۈرۈۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىدىن ھوزۇرلىنىدىغان چاغلىرى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. «يېزا باشلىقى بولغان ئىكەنمەن، چوقۇم يېزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىم كېرەك» دېگەن

ئۇي پەيدا بولغاندىن تارتىپ، بۇ ئارزۇ ئۇنىڭغا دائىملىق ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. «يەر دېھقاننىڭ جېنى، ئۈمىدى، خۇشاللىقى، بارلىقى» دەيتتى ئۇ دائىم. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئىشنى يەنىلا دېھقانلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا — كەنت كادىرلىرى ۋە ئۆلارنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرى ئارتۇق ئىگىلىۋالغان يەر - مۈلۈك مەسىلىلىرىنى ئېنىقلاشتىن باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇ بۈگۈن نەچچە كۈندىكىدىن ئەتىگەنىرەك ئىشخانىسىغا كەلدى. ئىش ئۈستىلىنى ئانچە - مۇنچە رەتلەپ بولۇپلا خاتىرىسىنى ئاچتى، بۈگۈنكى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئوي- پىكىرلىرىنى بىر- بىرلەپ يېزىپ تەييارلاپ قويدى. كارىدوردا ئۇياق - بۇياققا مېڭىشىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىشقا، گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازلار كۆپىيىشكە باشلىدى. يارمۇھەممەت ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ كاتىپنى چاقىردى.

— ماخمۇتجان، ھوي ماخمۇتجان! — ياندىكى ئىشخانىدىن كۆزئەينەك تاقىۋالغان ئوتتۇرا بوي بىر يىگىت يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ھە مانا، مانا، بىرەر ئىش بارمىدى يېزا باشلىقى؟— پەس ئاۋازدا سورىدى يىگىت يارمۇھەممەتنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپ.

— ئورگاندىكى مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا خەۋەر قىلىڭ، يىغىن ئاچىمىز،— دېدى يىگىتكە قاراپ.

ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا يىغىنغا قاتنىشىدىغانلار يىغىلىپ بولدى، يارمۇھەممەت ئولتۇرغانلارغا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— ئالدىمىزدىكى بىر مەزگىلدە ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى مۇزاكىرىلىشىپ بىرلىككە كېلىۋېلىش مەقسىتىدە چاقىرتتىم. ھازىر دېھقانلارنىڭمۇ ئارىسالدى ۋاقتى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورگاندىكى رەھبىري يولداشلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، كەنت- مەھەللىلەرگە چۆكۈپ، دېھقانلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كەنت كادىرلىرى ۋە ئۆلارنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى نورمىدىن ئاشۇرۇپ يەر، باغىۋاراڭلارنى ئىگىلىۋېلىش؛ بىر قىسىم يەر، باغىۋاراڭلارنىڭ ھۆددە مۇددىتى توشسىمۇ

تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن قايتىدىن توختام تۈزمىگەنلىكتەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ چىقساق، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇۋاپىق كادىر تەشكىللەپ قىشنىڭ غېمىنى قىلالمايۋاتقان نامرات ئائىلىلەرنى ئېنىقلاپ، مۇئەييەن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلىشنىمۇ ئويلىشىپ باقساق دېگەن قاراشتا بولۇۋاتىمەن. مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە باشقا رەھبەرلەرنىڭ يەنە قانداق پىكىر - تەكلىپلىرى بار مۇزاكىرىلىشىپ باقساق، — يارمۇھەممەت گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى.

— يالى شاڭجياڭ ياكىشى گەپ كىلدى، مەن كوللايدۇ، شۇنداق بوسۇك ياكىشى، باشكىلا سوزلىسۇك، — دېدى دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ شۇجى شاۋ تاك.

— يېزا باشلىقى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ مەسىلىلەرگە بۇرۇنلا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز زۆرۈر ئىدى، ھېلىھەم بولسىمۇ تونۇشىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېزىمىزدا يۈز بەرگەن بىرقىسىم دېلولاردىن ئىبرەت ئېلىپ، دېھقانلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلەپ باقساق دېگەن قاراشتىمەن، — دېدى ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجى روزى.

ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ پىكىر بىرلىككە كېلىنىپ، گۇرۇپپا تەشكىللەندى.

يارمۇھەممەت بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ بۈگۈن ئەتىگەندىلا تۆۋەنكى چوڭئېرىق كەنتىگە كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم رەھمان شۇجى، تىنچ - ئامان تۇرۇشلىمۇ، ئەتىگەندىلا كېلىپ قالدۇققۇ كۆزۈڭلارغا سەت كۆرۈنۈپ، قارشى ئالمىسلەر قانداق؟ — سالام بىلەن كەنت قورۇسىغا كىرىپ كەلگەن يارمۇھەممەت كەنتنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چېھرىدە، كۆزلىرىدە قىلچىمۇ مەنمەنلىك، چوڭچىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى، ئەكسىچە ساددىلىق، تۈزلۈك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. گەپلىرىنىڭ ئىنتۇناتسىيەسىدىن، تەكەللۇپلىرىدىن دېھقانلارغا بولغان بىر خىل ھۆرمەت، ھېرىسمەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

— يوقسۇ يېزا باشلىقى، ھەرقايسىلىرى بىزنىڭ ئىشىمىزنى دەپ سوغۇققا قارىماي كەلگەنلىرىدە قارشى ئالماسلىققا ھەددىمىزمۇ، قېنى ئاۋۋال ئىشخانىغا كىرەيلى،— دېدى كەنت سېكرېتارى رەھمان قىزغىنلىق بىلەن. ئۇ مۇشۇنداق بىر تەكشۈرۈشنىڭ پاتراق بولۇشىنى، كەنتنىڭ ئىلگىرىكى سېكرېتار، مۇدىرلىرى ئارتۇق ئېگىلىشۋېلىپ تۇرۇۋقلۇق قايتۇرماي كېلىشۋاتقان يەرلەرنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر، كەنتنىڭ كادىرلىرى، بوغالتىر قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر كىچىك مەجلىسخانىغا كىرىپ ئورۇن ئېلىشتى.

— قېنى سېكرېتار، گەپنى نەدىن باشلايمىز،— دېدى يارمۇھەممەت ئولتۇرغانلارغا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە.

— يەنىلا چوڭلاردىن كەلگىنى تۈزۈكمىكىن، ھەرقايسىلىرى تۇرغان يەردە بىزنىڭ ساقال تاراشقا نېمە ھەددىمىز.

— خوش ئەمىسە، مۇنداق بولسۇن،— يېزا باشلىقى ئالدى بىلەن كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەندىن كېيىن،— مەقسەت-مۇددىئا مۇشۇ، ئەمدى سىلى ئالدىنقى كۈنلىرى ئۆز- ئۆزۈڭلارنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئەھۋالىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقساڭلار، بىز ئاڭلاپ باقساق قانداق؟— دېدى.

— بولىدۇ، يېزىدا ئېچىلغان ئالدىنقى كۈنىدىكى يىغىنىنىڭ روھى بويىچە بىز تەكشۈرۈش خىزمىتىنى جىددىي باشلىۋەتتۇق، يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە كەنتىمىزدە ئىككى نەپەر سېكرېتار، ئۈچ نەپەر مۇدىر ئالمىشىپ بوپتۇ، مۇئاۋىنلىرىدىنمۇ بەش نەپىرى ئالمىشىپ بوپتۇ. ئىلگىرىكى سېكرېتار نىياز داۋۇت، كەنت مۇدىرى رۇسۇل مەتنىيازلار پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن پېنسىيە پۇلى ئېلىپ تۇرۇپمۇ، ئىلگىرى ئىش ھەققى ھېسابىغا تېرىۋاتقان يەرنى قايتۇرۇشنى رەت قىلىپ ھازىرغىچە ئىگىلەپ كەلدى. ئىلگىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن «كەڭرەك بولۇڭلار» دەپ كۆرسەتمە بېرىپتىكەن.

— نېمە؟ كەنتنىڭ ھازىرقى مەسئۇللىرى ئىگىلىگەن يەر، باغىۋارانلىق ھەققىدە گەپ - سۆز يوققۇ؟

— ھا، ھا، ھا! نېمىسنى دەيلا يېزا باشلىقى، بىز تېخى ئۆتكەن يىلىدىن باشلاپ كەنتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقان تۇرساق، بىز ئىگىلىگۈدەك يەر، باغ نەدە تۇرۇپتۇ، ئىش ھەققىمىزنى نېسى قىلىپ ئىشلەۋاتىمىز.

— راست شۇنداقمۇ ياكى؟

— ئەلۋەتتە، مۇشۇ ئولتۇرغانلارمۇ بىلىدۇ، دېھقانلاردىن پىكىر ئېلىپ كۆرسەڭلارمۇ بولىدۇ.

— ھەممىمىزگە ئايان، يېزىمىزنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، سۈيى قىس، تېرىلغۇ يېرى ئاز، شۇڭا دېھقانلار يەرنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. يەر دېھقاننىڭ بارلىقى. يەر مەسىلىسىدە سىلەر ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقتىڭلارمۇ؟

— پاراڭلاشتۇق، ئۇلار «بىز كونا پارتىيە ئەزاسى، بىز مىڭبىر جاپادا سالا - سالا ئېتىزلارنى بەرپا قىلغاندا سىلەر تېخى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىغا تۆرەلمىگەن، بىزدىن بۇ يەرنى تالاشماي ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار» دەپ زادى گەپ يېمىدى.

— ئۇنداق بولسا بىزنى باشلاپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر تەرەپ قىلايلى.

ئىككى كۈندىن بېرى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرى خېلى ئۇنۇملۇك بولدى. سۆھبەتلىشىش، چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق تارىختىن قېپقالغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىندى. بۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئائىلىنىڭ ھۆددە يەر توختامى مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋەتسىلا بۇ كەنتنىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئاياغلىشاتتى. كۈن پېشىن بولغاندا يارمۇھەممەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئايۇپ ئاكىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار تەكەللۇپسىزلا قىشلىق ئۆيگە سالام بىلەن كىرگىنىدە، ئايۇپ ئاكا گويا بىرسى يۈزىگە سوغۇق سۇ چاچقاندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كۈن چۈش بولغۇچە كۆرۈك توخۇدەك ئۆيدىن چىقماي ياتىمىزمۇ ئايۇپ ئاكا، تالا - تۈزگە چىقىپ مال - ۋارانلارغا قارايلى، مىجەزلىرى يوقمۇيا؟— سورىدى يارمۇھەممەت دەماللىققا نېمە قىلارنى بىلەلمەي

تۇرغان ئايۇپ ئاكىدىن.

ئايۇپ ئاكا كەلگەنلەرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن بىرئاز ئېسىنى تاپقاندەك بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— بەكلا سەت ئىش بولدى يېزا باشلىقى، مىجەزىمغۇ يامان ئەمەس، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئەتىگەندىلا كېلىشلىرىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن، قېنى يۇقىرى ئۆتۈشسىلە، يۇقىرى ئۆتۈشسىلە، ئەستا قېرىشقاندەك ما خوتۇنىنىڭ ئەتىگەندە باللارنىڭ ئۆيىگە كەتكىنىنى دەيمەن...... — ئايۇپ ئاكا تام ياقىلىتىپ يىغىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىلەر ئارىسىدىن تارتىشتۇرۇپ يۇرۇپ ئىككى يىكەندازنى سوغۇرۇپ ئېلىپ تەڭلىمات ئۈستىگە سالدى.

— بولدى، ئاۋارە بولمىسىلا ئايۇپ ئاكا، قېنى سىلىمۇ ئولتۇرسىلا، دېيىشىدىغان گەپ بار ئىدى، شۇڭا ئىزدەپ كېلىشىمىز، — دېدى يارمۇھەممەت سۇپىنىڭ لېۋىگىلا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— بۇ يەردە ئولتۇرسىلا قانداق بولىدۇ، ئۈستىگە چىقسىلا دەيمەن، قېنى قالغانلارمۇ......

— بولدى، مۇشۇنداقلا ئولتۇرايلى، — دېيىشكىنىچە جايىغىلا زوڭزىيىشتى باشقىلارمۇ. شۇ تاپتا ئايۇپ ئاكا ئاغزىدا ئۇلارغا تەكەللۇپ قىلىۋاتقىنى بىلەن، كۆڭلىدە «مەن بىلەن دېيىشىدىغان قانداق گەپ بولغىيدى ياكى ئالدىنقى يىلدىكى سايلامدا سىلىگە بېلەت تاشلايمەن دەپ قويۇپ، باشقا بىرسىگە بېلەت تاشلىغانلىقىمنى بىلىپ قالدىمۇيا؟ كاساپەت، ئەتىگەندىلا نەشتىرىنى سانجىپ ئۈچ ئالغىلى كەلگەن بولمىسۇن يەنە؟ قېنى ئاۋۋال گېپىنى دەپ باقمىسۇنمۇ باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئۆيدە ئوتۇن - كۆمۈر كەم ئوخشىمامدۇ؟ مەشىمۇ قويماپلا تېخى؟ — سورىدى كەنت سېكرېتارى رەھمان ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا نەزەر سالغاچ.

— يوققۇ ئەمەس سېكرېتار، شۇ ئازراق تۇرىدۇ، ئاياپراق ئىشلەتمىسەك بولمىغۇدەك.

— ھە، نامەتجان، ئاڭلىغانسىز ماۋۇ گەپنى، ئانچە - مۇنچە

خاتىرىلەپ قويۇڭ، كېيىنچە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كۆمۈر بېرىپ قالسا باشقىلار قاتارىدا ئاز-تولا بىرنەرسە قىلىپ بېرەرمىز، — دېدى سېكرېتار مۇئاۋىن مۇدىرغا قاراپ.

— رەھمەت سېكرېتار، ئۇنچىۋالامۇ بولۇپ كەتمەسمەن، سەل تەخىر قىلىشسىلا، مەن غاچچىدە بىر چاي قايناتاي...... — دېدى ئۇ سىرتقا مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— بولدى قىلايلى ئايۇپ ئاكا، قېنى مەيەردە ئولتۇرسىلا، ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، ئەتىگەندىلا سىلى بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى كىرگەن، سىلى ھۆددىگە ئېلىپ تېرىپ يەۋاتقان ھېلىقى بىنەمنىڭ ھۆددە مۇددىتى توشۇپ كەتتىكە قايتۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتى بولغىلى ئىككى يىل بولۇپ قاپتۇ، لېكىن سىلى تېخىچە قايتۇرۇپ بەرمەيلا ھەم يېڭىدىن توختاممۇ تۈزمەيلا، ئىككى يىللىق ھۆددە پۇلىمۇ پاتاڭلىرىدا باركەن، مۇشۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى دەپ كېلىشىمىز، سىلىنىڭچە؟...... — يارمۇھەممەت كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا ئايۇپ ئاكىنىڭ كۆڭلى سەل ئىزىغا چۈشتى. يارمۇھەممەت ئۇ ئەنسىرىگەن ئىشنى تىلغا ئالدىغاندەك قىلمايتتى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بىنەمنىڭ ھۆددە مۇددىتى راست ئۆتكەن يىلىلا توشقان، ئەينى چاغدا مەن كەنت كادىرلىرىنى ئىزدەپ توختامنى يېڭىلاپ تۈزەيلى دېسەم ئازراق ساقلاپ تۇرسىلا، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن يوليورۇق سوراپ باقايلى دېگەن، كېيىن ئىلگىرىكى يېزا باشلىقىمىز بۇ يىلچە تېرىپ تۇرسىلا، توختامنى كېيىن تولۇقلىۋالساقمۇ بولىدۇ دېدى. شۇ يىلى كېۋەز تېرىدىم، تەلىيىم كاجمۇ - قانداق بىلمىدىم، كېۋەز غوزىلاي دېگەندە بوران سوقۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى، كەنت كادىرلىرىنىڭمۇ خەۋىرى بار، ئاخىر بانكىغا قەرزگە بوغۇلدۇم، شۇ ۋەيرانچىلىقتا ھۆددە پۇلىنىمۇ تۆلىيەلمىدىم، بۇ يىل يەنە «يىقىلغان يەردىن قوپ» دېگەندەك يەنە كېۋەز تېرىغان، يامان ئەمەس پۇلمۇ بولدى، ئەمما ئۆتكەن يىللىق قەرزىمنى ئاران تۈگەتتىم. شۇڭا، بۇ يىلقى ھۆددە پۇلىغىمۇ ئېغىز ئاچالماي قالدىم، كادىرلارمۇ سۈيلىدى بولمىسا.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىلا؟ يەرنى قايتۇرۇپ ئالساق

پىكىرلىرى بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە پىكرىم بولىدۇ- دە، يەرگە شۇنچە مەبلەغ سېلىپ، نەچچە تونىنا ئوغۇت قويۇپ ئاغدۇرۇپ، ئەمدى ئەيۋەشكە كەلگەندە قايتۇرۇۋالىمىز دېسەڭلار ماڭا ئۇۋال بولىدۇ- دە؟ يەنىلا مەن ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرىمەن دېسىلە يېزا باشلىقى،— دېدى ئايۇپ ئاكا يېزا باشلىقىدىن مەدەت تىلىگەندەك.

— ئۇنداق بولسا سىلىنىڭ قانداقراق باشقۇرۇش پىلانلىرى بار؟ ئىككى يىللىق ھۆددە پۇلىنى قانداق قىلاي دەيلا؟ قېنى دەپ باقسىلا ئاڭلاپ باقاي، مېنىڭچە پىلانلىرى مۇۋاپىق بولسىلا ئۇ يەرنى يەنىلا سىلىگە ھۆددىگە بېرەيلى، قانداق دېدىم؟— دېدى يېزا باشلىقى ئولتۇرغان باشقا كادىرلارغا قاراپ.

— يېزا باشلىقى بەك بەلەن گەپ قىلدى، ئاتىلىرىدىنمۇ بۇنداق قۇلاققا خۇش ياقىدىغان يېقىملىق گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان بولغىيدىلە، قېنى ئويلىغانلىرىنى دەپ باقسىلا،— سۆز قاتتى رەھمان سېكرېتار.

— مېنىڭ ھۆددە پۇلىنى بەرمەيمەن دەيدىغان نىيىتىم يوق، لېكىن ھازىر قولۇمدا پۇل يوق، پات ئارىدا پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ تاپشۇرۇۋېتىمەن. ئەمدى يەرنى قانداق باشقۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەم، ئىلگىرى كېۋەزمۇ، قوغۇن - تاۋۇزمۇ تېرىپ كۆردۈم، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قولۇمغا ئېشىنالماي كەلدىم، كۆزىتىپ باقسام دېھقان ئۈچۈن ئەڭ تېز، ياخشى پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىش باغۋەنچىلىكتەك قىلىدۇ، ھازىر بازارنىڭ چىلانغا بولغان ئېھتىياجى يۇقىرى ئىكەن، شۇڭا كەنت تەشكىلى مۇۋاپىق كۆرسە يەرنى ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆددە ئېلىپ، چىلانزارلىق بەرپا قىلايمىكىن دەيمەن. قارىسام چىلان يېزىمىزنىڭ تەبىئىي شارائىتىغىمۇ ماس كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى يىلدىلا مېۋىگە كىرىدىكەن، تېگىگە ئۈچ - تۆت يىلغىچە زىرائەت تېرىساممۇ بولىدىكەن......— ئايۇپ ئاكا پىلانلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ نېمە دەركىن دېگەندەك يېزا باشلىقىغا قارىدى.

— پىلانلىرىغۇ خېلى جايىدا پىلان ئىكەن، مۇنداق قىلايلى، سىلى ئاۋۋال ئازراق پۇلنىڭ يولىنى قىلىپ ئىككى يىللىق ھۆددە پۇلىنى

دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋەتسىلە، بىز قايتىپ بېرىپ كەنتتىكىلەر بىلەن تەپسىلىي مۇزاكىرىلىشىپ، مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا سىلىگە جاۋابىنى بېرەيلى، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ — دېدى يېزا باشلىقى ئايۇپ ئاكىغا قاراپ.

— رەھمەت يېزا باشلىقى، مەن چوقۇم سىلى دېگەندەك قىلىمەن، ھەر قايسىلىرىغىمۇ رەھمەت، نەچچە يىلدىن بېرى كۆپ ياردەم قىلىپ كەلدىڭلار، — دېدى ئايۇپ ئاكا ئاغزىلىرىنى ئۇمچەيتىپ. ئۇ كۆڭلىدە «يېڭى باشلىق يەرنى تارتىۋالارمۇ» دەپ ئەندىشىدە يۈرۈۋاتقانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپ تەنلىرى كەڭرىپ قالغاندەك بولدى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۆۋەنكى چوڭئېرىق كەنتىدىكى دېھقانلاردىن تەپسىلىي پىكىر ئالدى، ئەھۋال ئىگىلىدى، تەكشۈرۈپ دەلىللىدى، ئىلگىرىكى كەنت ئەمەلدارلىرى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى نورمىدىن ئارتۇق ئىگىلىۋالغان يەر، باغباراڭلارنى تولۇق ئېنىقلاپ چىقتى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كەنت كومىتېتى قورۇسى قايناپ كەتتى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا كۆز تىكىپ تۇرۇشقان دېھقانلار چوڭ يىغىن ئېچىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا قولىدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، كەنت قورۇسىغا يىغىلىشقانىدى.

— يولداشلار! دىققەت قىلايلى، يولداشلار، دىققەت قىلايلى! ھازىر يىغىننى باشلايمىز، ئاۋۇ ئارقا تەرەپتە ئۆرە تۇرۇۋالغانلار ئولتۇرۇڭلار، ھازىر يېزا باشلىقىمىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتىدىن ئاممىغا دوكلات قىلىدۇ، — كەنت سېكرېتارى رەھمان ئۈنلۈك ئاۋازدا يىغىن باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە مىكروفوننى يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. ئاندا-ساندا چېلىنغان چاۋاك بېسىققاندىن كېيىن يېزا باشلىقى سۆز باشلىدى.

— يولداشلار، بىرئاز دىققەت قىلايلى، بۈگۈن ھاۋا سوغۇق، ھەرقايسىڭلارنى توڭدۇرۇپ قويىدىغان بولدۇق، خاپا بولۇشمايلا، مەن كۆپ سۆزلەپ ۋاقتىڭلارنى ئېلىشنى خالىمايمەن، چۈنكى ھەممىمىزنىڭ ئىش - كۈشلىرىمىز بار، شۇڭا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېمەكچىمەن.

ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرى بار، يېزا تەشكىللىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى كەنتىڭلارغا كېلىپ نورمىدىن ئارتۇق ئىگىلىنىۋېلىنغان يەر، باغباراڭلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقىلى بەش كۈن بولدى، بۇ جەرياندا تارىختىن قېپقالغان بىر قىسىم مەسىلىلەر مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. بىر قىسىم پېشقەدەملىرىمىز خىزمىتىمىزنى توغرا چۈشىنىپ قوللىدى، دېھقانلىرىمىز ئاكتىپ ماسلاشتى، مەن ئالدى بىلەن بىزنى قوللىغان، چۈشەنگەن، ماسلاشقان بارلىق يولداشلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى نامىدىن رەھمەت ئېيتىمەن! مەن بۇ قېتىم ھەممىمىز ئورتاق ماسلىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشىپ، قوللىشىدىغانلا بولساق ھەرقانداق مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. كەنتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قايتۇرۇۋېلىنغان يەرنى ئالدىنقى نۆۋەت يەر تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن كۆپەيگەن، ئەمما تولۇقلاپ يەر تەقسىملەپ بېرىلمىگەن نوپۇسقا بەلگىلىمە بويىچە تەقسىملەپ بېرىشنى؛ باغباراڭلارنى ھۆددە ئېلىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلارغا مۇۋاپىق باھادا ھۆددىگە بېرىشنى؛ يىغىلغان نەق پۇللارنى كەنتىمىزدىكى ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ ئوقۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، قىشنى ئۆتكۈزۈشتە قىيىنلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈۋېلىشىغا ئىشلىتىشنى قارار قىلدۇق.

كەنت قورۇسىنى گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى قاپلىدى. نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىڭ بۈگۈن رېئاللىققا ئايلانغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن دېھقانلارنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چېكىلىرى خۇشاللىقىدىن مىستەك پارقىراپ كەتكەنىدى. سوغۇق يەردە ئولتۇرۇپ توڭلىغىنىمۇ بىلىنمەيتتى، بولۇپمۇ يېڭىدىن تۇغۇلغان، توي قىلىپ كۆچۈپ كەلگەن، ئەمما تېرىلغۇ يەر قىسلىقى تۈپەيلىدىن يەر تەقسىملىنىپ بېرىلمەي تۇرۇۋاتقان «قارا نوپۇس»لارغا بەلگىلىمە بويىچە يەر تەقسىملەپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا، خۇددى ئويلىمىغان يەردىن بىرنەچچە تال شاكىلاتقا ئېرىشكەن كىچىك بالىلاردەك سۆيۈنۈپ كېتىشتى. خۇشال مەنزىرىنى خېلىدىن بېرى كۆرۈپ باقمىغان يېزا

باشلىقنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ، كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى. ئادىمىلىك قارىشى كۈچلۈك، ھەققانىيلىققا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان تۆۋەنكى چوڭئېرىقلىقلار بۇ ئوت يۈرەك ئەركەكنىڭ مۇشۇ يۇرتنى، مۇشۇ يۇرتتىكى ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش، ساددا قېرىنداشلىرىنى چىن يۈرىكىدىن قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاندەك بولدى.

# ئۆتنە ئالەم

## 1

ئابلىمىت ئىدارىمىزگە يېڭى كەلگەندە دائىملا كۈلۈپ يۈرىدىغان خۇشخۇي يىگىت ئىدى. يېقىندا بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈۋىدى، ئىلگىرىكى خۇشخۇيلۇقى ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ، ياۋاش قوزىچاقنىڭ ئاۋازىدەك مۇلايىم ئاۋازى بىردىنلا يېڭىدىن بوغدىيىكى چىقىپ ئاۋازى بوملاشقان شاش يىگىتنىڭكىدەك ھۆركىرەپ چىقىدىغان، تېخى بەزىدە بوراندەك گۈركىرەيدىغان بولۇپ قالدى.

يېقىندا ئىدارە باشلىقىمىز ئارامغا چىقىۋىدى، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. مانا ئەمدىلىكتە ئىلگىرىكى زىلۋا بوي، ئۇزۇن بويۇن بۇ يىگىت قورساق سېلىپ باشقىچىلا سالاپەتلىك بولۇپ كەتتى. تېرىلىرى تۈرۈم - تۈرۈم بولۇپ كەتكەن گۆشلۈك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ گىدىيىپ مېڭىشلىرى خۇددى چىشى غازلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن باشلىرىنى تىك تۇتۇپ «ھۇنەر» چىقىرىپ غاقىلداپ يۈرگەن ئەركەك غازغىلا ئوخشايتتى. كۈندىلىك ئىش - ھەرىكىتى ئىلگىرىكى ئىدارە باشلىقلىرىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ پۈتۈنلەي «يېڭىچە» ئىش تۇتۇۋاتاتتى.

بىز خەقمۇ ئاجايىپلا خەق. ئىلگىرىكى باشلىقلىرىمىزنى دەسلەپتە ئۇنداقكەن، مۇنداقكەن دېيىشىپ، كېيىنچە توقسان گىرادۇس بۇرۇلۇپلا ئۇنداق ياخشى، مۇنداق ياخشى دەپ بولۇشىغا ماختاپ، ھەتتا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلمىغان قىلىقلىرىمىز قالمىغان بەندىلەر، ئۇلار ئارامغا چىققان ھامان ئىلگىرىكى چوڭقۇر سالام - سەھەتلىرىمىزمۇ يوقايدىكەن،

كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەنمىز. سېركچىنىڭ مايمۇنىدەك يېڭى باشلىقىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ «ئويۇن» كۆرسىتىدىكەنمىز. مانا ھازىر ئابلىمىتنى ئىلگىرى «غاز بويۇن»، «كۆلگۈنچەك»، «سەيپۇڭ مىجەز»...... يەنە ئاللىقانداق سۆزلەر بىلەن سۆپەتلەپ كۈسۈرلىشىدىغانلار ئەكسىچە ئۇنىڭغا تىزلىنىپ كۈچۈك-لىنىدىغان بولۇپ كېتىشتى.

## 2

— پاھ! پاھ! ئا جۈيجاڭ قالتىس ئادەم جۇمۇ، قارىمامسىلەر باشقىچىلا سەمرىپ قورساق سېلىپ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن بەستلىك بوكسچىغىلا ئوخشاپ كەتكىنىنى.

— ئاشۇ دۈپدۈملاق يوغان قورسىقىدىكى لىقلا بىلىمكەن جۇمۇ ئا جۈيجاڭنىڭ، ئالامەت ئەقىللىك ئادەمكەن دەيمەن، ئىدارىنى يېپيېڭى تۈسكە كىرگۈزۈۋەتتى ئەنە!

— نېمە دېدىڭ؟ قورسىقىدىكى لىقلا بىلىم دېدىڭما؟ نەدىكى بىلىمكەن ئۇ، باشلانغۇچنى چالا پۈتكۈزگەن ئادەمدە؟ بىلسەڭ ئۇ دېگەن سەن - بىزنىڭ، ھاجەتمەن ئاۋامنىڭ ھالال قان - تەرىنى ھارام يەپ، ھەققانىيەتچىلەرگە غوم ساقلاپ يوغىناپ كەتكەن سېسىق يەل تاغىرى ئۇ!

— ھەي، ھەي! ئاستا گەپ قىل، ئاڭلاپ قالىدۇ.

— راست، ئاغزىڭ مايماق كەتمىسۇن يەنە!

— ھازىرلا ئىشخانىسىغا بىرىپ مۇكاپات ئېلىشساڭمۇ پەرۋايىم پەلەك! راست ئەمەسمۇ ئەمىسە؟!

— تووۋا، غازنىڭكىدەكلا ئىنچىكە ئۇزۇن بويۇنلىرى ئىككى يىلدىلا نەسىللىك بۇقىنىڭكىدەك تولۇلۇپ - تولۇلۇپ تۇرىدىغان ياغقا تولۇپلا كەتتى دەيمەن.

— ھەي، ھەي، بايقاپ سۆزلە، ئۇنىڭ بوينىدىكى ياغ ئەمەس قەرز! ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر، ئىش بېجىرگىلى كەلگەنلەر بەرگەن قەرز ئۇ!

### 3

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئا جۇيجاڭ ئاغرىپ قېلىپ بالنىستتا يېتىپ قاپتىمىش، بېرىپ يوقلاپ كەلمەمدۇق؟

### 4

— مەن ھېلىلا يوقلاپ كەلدىم، بىچارە خېلىلا ئېغىر ئاغرىپتۇ، ھېلىقى يوغان قورساق، بۇقا پاتاڭلار ھېچ يەردە يوق، ئورۇقلاپ يىكتەكلا بولۇپ قاپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئىلگىرى ھارام يېگەنلىرىنى قۇسۇپ، بويىنىدىكى قەرزلىرىنى تۆلىگىلى تۇرۇپتۇ - دە، بايقۇش! ئۆتنە ئالەم بۇ!

— نېمە دەيدىغانسەن ھەي ئىككى يۈزلىمچى، ئادەم ئۆلمەن دەپ ياتسا!

— توغرىغۇ، ئىنسان ئىكەنمىز ھامان ئۆلىدىغانلىقىنى؛ پاك تۇغۇلغانىكەن، پاك كېتىش كېرەكلىكىنى ئويلىشىمىز كېرەك ئىدىغۇ؟! ئۇ شۇنداق ئويلىدىمۇ؟ سەن - بىز شۇنداق ئويلىيالىدۇقمۇ؟!

— بۇ...... بۇ......

# ھەسرەت

پەزىلەتخان 10 يىللىق روزىغارىنى، سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى تەرك ئېتىپ جىممىدىلا باقىي ئالەمگە كېتىۋالدى. ھەممىنى ھەسرەت دېڭىزىغا سۆرەپ كىرگەن بۇ تۇيۇقسىز مۇسىبەت، مەھەللىنىڭ بەزىبىر بىكار تەلەپ، ئاغزىغا بالا تەگكۈر كوت- كوت خوتۇنلىرىغا يەنە بىر يېڭى تېما بولۇپ قالدى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ ئا پەزىلەتخان دېگەن مىس - مىس ھوشۇر تاز بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ، نومۇسقا چىدىماي زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋاپتىمىش، — دېدى پاتەم كاسكى ئەتراپتىكىلەرگە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ.

— شۇنداقمىكەن؟ مەن ئېرى داۋۇت سېكرېتاردىن كۆنلەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ دەپ ئاڭلىغان، — دېدى بىرسى.

— خېلى نومۇسچان چوكاندەك قىلىۋىدى، «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دېگەن شۇ - دە، نېمىلا بولسۇن مەھەللىمىزدىن بىر ناپاك ئازلاپتۇ.

— ئاغزىڭلارغا بېقىپ سۆزلەشسىلە خانلىرىم، پەزىلەتخان ھەرقايسىلىرىنىڭ ئارپىسىنى خام ئورىغانمۇيا؟ نەدىن تاپىدىغانسىلەر شۇنداق زەھەردەك گەپنى؟ ئۆلگەننىڭ غەيۋىتىنى قىلسا يامان بولىدۇ، — دېدى گەپ ئۇستىگىلا كەلگەن سەلىمىخان موماي ئۆپكىدەك قىزىرىپ.

ھەر خىل ياخشى- يامان گەپلەرمۇ قۇلاقتىن- قۇلاققا كۆچۈپ تۇردى. لېكىن، ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى سىر بولۇپ قېلىۋەردى.

— ئاتا، مەن يېقىندىن بېرى بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئانام توغرۇلۇق

بەزىبىر بولمىغۇر گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىم، شۇ گەپلەر راستمۇ؟— تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى ئوغۇل پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، غەمكىن كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتقان ئاتىسىدىن.

ئاتا چۆچۈپ ئېسىگە كېلىپ ئوغلىنىڭ سەبىيلىك نۇرى چاقناپ تۇرغان يۇمىلاققىنە قوي كۆزلىرىگە قاراپ، ساقچىغا تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرىدەك، دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. «ياق ئوغلۇم، ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىمدىن، يارىماسلىقىمدىن بولۇۋاتقان گەپ، ئاناڭنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبكار» دېمەكچى بولدى - يۇ، كانىيىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

— ئۆلۈشكۈن سەلىمىخان مومام «بۇ جاھاندا ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگەن شۇ - دە، رەھمەتلىك پەزىلەتخان پەرىشتىدەك ئايال ئىدى دەيدۇ. راستتىنلا ياخشىلار بالدۇر ئۆلۈپ، نىيىتى يامان ھەسەتخورلار ئۆلمەمدۇ؟— سورىدى ئوغلى يەنە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئاتىسىنىڭ قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ.

— ئۆلىدۇ ئوغلۇم، بۇ دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئىنسان يوق،— ئاتا ھەسرەتلىك تىنىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى،— لېكىن ئۆلۈش ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، روھى ئۆلۈش، بۇ مەڭگۈلۈك ئۆلۈم؛ يەنە بىرى، جىسمى ئۆلۈش، بۇ تېنىلا ئۆلۈش. ئەخلاق - پەزىلەتلىك ياخشى ئادەملەرنىڭ جىسمى كۆپ ھاللاردا نىيىتى يامان، ھەسەتخورلاردىن بۇرۇنراق ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ. ئەكسىچە، يامانلارچۇ؟ ئۇلار ئۇزاقراق ياشايدۇ.

ئاتا ئوغلىنى بۈگۈنلا كۆرۈۋاتقاندەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. كۆزلىرىگە ئىككى كۈندىلا چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— نېمشقا ئەمدى؟ خۇدامۇ «ئارقا ئىشىك» قىلامدۇ؟

— ياق، ياق، ئوغلۇم! سەن بۇ ھەقىقەتلەرنى كېيىنچە چۈشىنىپ يېتىسەن، جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ «ئالىي مەكتەپ» ساڭا ھەممىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، ياخشىلار بالدۇر كەتكەندەك

قىلغان بىلەن پەقەت ئۇنىڭ جىسمىلا ئۆلىدۇ، روھى، ياخشى نامى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. گەرچە نىيىتى يامان، ھەسەتخورلارنىڭ جىسمى ئۆلمەي ئۇزاقراق ياشىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ روھى ئاللىبۇرۇنلا ئۆلگەن، ئەل قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئۆچكەن بولىدۇ. روھى قانچە بالدۇر ئۆلگەن ئادەم ماھىيەتتە تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتقان ئادەمدۇر. خۇددى ئالتۇن توپا ـ تۇمان ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالسىمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ساپلىقى، ئۆزگەرمەسلىكى بىلەن قىممىتىنى يوقاتماي كىشىلەر ئەرىپىدىن ئەتىۋارلانغىنىدەك، ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئارقىلىق باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلا مەيلى ئۇ قانداق يەردە، قايسى ئورۇندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئۇلۇغلايدىغانلار، ياد ئېتىدىغانلار، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغانلار ھامان ئالدىدا ھېجىيىپ، كەينىدىن ھەسەت قىلىدىغان نىيىتى يامانلاردىن كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، ياخشىلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

— رەھمەت ئاتا، مەن ئەمدى چۈشەندىم. گەرچە كوچىدىكى كوت ـ كوت خوتۇنلار دائىم مېھرىبان ئانامنىڭ يامان گېپىنى قىلىشىدىغان بولسىمۇ، ئەمما سېنىڭ پات ـ پاتلا ئانامنىڭ سۈرىتىگە تىكىلىپ قارىغىنىڭچە، ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىڭنى؛ يەنە بەزىلەرنىڭ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، «ئانىڭ پەرىشتىدەك ئايال ئىدى، تەقدىرى كاج كەلدى بىچارىنىڭ» دېگىنىچە چوڭقۇر ئۇھسىنىشلىرىنى ئويلاپ، ئانامنىڭ ئەسلى شۇنچىلىك مېھرىبان، پەرىشتە سۈپەت، سۆيۈملۈك ئانا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۆتۈنۈپ قالاي ئاتا، ئانامنى قايتۇرۇپ كېلەيلى، بولامدۇ؟

ئاتا ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم باستى. تەسۋىرلىگۈسىز ئاتىلىق مېھرى بىلەن يېنىش ـ يېنىشلاپ بېشىنى سىلىدى. غەمكىن كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان تامچە ـ تامچە ھەسرەت ياشلىرى ئوغلىنىڭ ئۇستىبېشىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئوغلىغا ئاتىنىڭ باغرى شۇنچىلىك ئىللىق، قاداق باسقان قوللىرى شۇنچىلىك يۇمشاق بىلىنىپ كەتتى. يۇمران يۈرىكى شامدەك ئېرىپ ئېقىپ

كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئوغۇل چەكسىز ئۈمىد بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتىغا قارىغىنىدا، ئاتىنىڭ يۈزلىرىدە ھەسرەت تۇمانلىرى لەيلەپ يۈرگەندەك، ئاندا - ساندا قورۇقلار كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئەمدىلىكتە ئوغۇلنىڭ ۋۇجۇدىغا نەدىندۇر بىر سوغۇق ئېقىم بېسىپ كىرگەندەك، يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. مەسۇم چىرايىدا غەمكىن بىر نۇر قېتىپ قالدى.

# تۇتۇرۇق

## 1

رەھمان ئايالى بىلەن بىردەمدىلا «چولپانلار» رېستورانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئايالى نېمىشقىدۇر بىر ئىشتىن تىتتىت بولغاندەك بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر غۇدۇراپ ئۇستىباشلىرىغا قايتىدىن سەپسالدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئەڭ مودا بولۇۋاتقان ئۇچىسىدىكى چاقماق كوپتا، كورېيەدە ئىشلەنگەن «ھەرەم مېلى» دېگەن تىكىلگەن يوپكا، تۇۋرۇكتەك پاچاقلىرىنى قورۇپ تۇرىدىغان «ھەرەم» نىڭ قارا پايپىقى، تىمساھ خۇرۇمىدا تىكىلگەن تۈركىيەنىڭ ئېگىز پاشنىلىق، تۇمشۇقى ئۇچلۇق ئايىغى كۆزىگە باشقىچىلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

— نېمە بولدى ساڭا ھوي! ئەجەب ئۇستىباشلىرىڭغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتىڭغۇ؟ ھېچ يېرىڭ ھېچنېمە بولماپتۇ، جۆرە بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەي ئىچكىرىگە كىرەيلى، باشقىلار ساقلاپ قالمىسۇن، — دېدى رەھمان تاقەتسىزلىنىپ.

— خەپ، خەپ! قانداقمۇ كىرەرمەن شۇ يەرگە، — دېدى ئايالى خورسىنغان ھالدا.

— ئالجىپ قالدىڭمۇ نېمە، ھوي! قانداق كىرەرمەن دېگەنىمۇ گەپمۇ؟ قارا، ئاۋۇ ئىشىكتىن كىرىپ، ئۇدۇل قاراپ گۇرس-گۇرس دەسسەپ مېڭىپ كىرىمىز، ھە جۆرە! — دېدى رەھمان ئايالىنى قولتۇقىدىن تارتىپ.

— ئىچىمنى سىقمىغا تولا، مۇشۇ كىيىمىم بىلەن كىرسەم باشقىلار نېمە دەپ قالىدۇ دەيمەن.

— نېمىگە نېمىدەپ قالدۇ، كىيىملىرىڭ شۇنداق يارىشىپتىغۇ.

— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن ئاۋۇ مەنمەنچى، ئابرۇيپەرەس، كىيىمگە قاراپ ئادەمگە مۇئامىلە قىلىدىغان ھۆرمەتلىك خېنىملار ئاغزىدا ئەمەس باشقا يەرلىرىدە كۈلۈشۈپ كېتىدۇ دەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟ ئۇلارنىڭ سىنىڭ كىيىنىشىڭ بىلەن نېمە كارى ئەمدى؟

— كارى بار، بۇ كىيىمنى ئۆتكەن ھەپتىدە رەيھانلارنىڭ چېيىغا كىيىپ باردىم، تېخى ئۈلۈشكۈن زۇلپىيەلەرنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغىمۇ مۇشۇ كىيىمىمنى كىيىپ باردىم، بۈگۈنمۇ يەنە مۇشۇ كىيىمىمنى كىيىپ كەلسەم سەت ئەمەسمۇ، يا بۇ ئىدارىمىزنىڭ خىزمەت فورمىسى بولمىسا، دائىملا سالماي كىيىۋالىدىغان.

— ئۇنداق بولسا باشقىسىنى كىيىپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟

— ھەممىسى بىر قېتىمدىن كىيىپ بولغان كىيىملەر تۇرسا.

— ھەي قاچانمۇ كىشىلەر كىيىم كىيمەي يۈرىدىغان زامانلار كېلەر، ئۇ چاغدا باش ئاغرىقىدىن بىر يولىلا قۇتۇلار ئىدىڭ، بۈگۈن قايسىسىنى كىيەرمەن، ئەتە قايسىسىنى كىيەرمەن، باشقىلار نېمىدەپ قالار، دەيدىغان غەممۇ يوق، دائىملا خۇشال ئۆتەتتىڭ-دە، ئۇ چاغدا، يا بولمىسا باشقىلارغا باشلامچى بولۇپ كىيىملىرىڭنى سېلىپلا يۈرۈپ يېڭى بىر مودا يارىتامسەنيا؟!

— ئۆتۈپ بېرىڭە لاۋزىلاشماي، يا مەن مايمۇن بولمىسام.

— دورامچىلىقتا مايمۇندىنمۇ ئېشىپ كېتىۋاتىسىلەر مۇشۇ تاپتا، ھەي سەن جىندەك توختاپتۇر - ھە!— دېدى رەھمان نېمىدۇر بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ۋە چاققانلىق بىلەن رېستوران ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— ھە جۇرە، ئۇنچە بەك غەم قىلماي كىرىۋەرسەك بولىدىكەن، ھېچ گەپ يوقكەن، مەن تەپسىلىي قاراپ چىقتىم، بىز كىرىدىغان ئايرىمخانىنىڭ ئىشىك بېشىدا «بىر قېتىم كىيگەن كىيىمنى يەنە كىيىپ كەلگەنلەرنىڭ ئايرىمخانىغا كىرىشىگە بولمايدۇ» دەپ يېزىپمۇ قويماپتۇ،— دېدى رەھمان ۋە ئايالىنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ رېستوران

ئىچىگە قەدەم ئالدى.

## 2

ئۇلار ئايرىمخانىغا كىرگەنىدە باشقا مېھمانلار ئالللىبۇرۇن كىرىپ بولغانىدى. مېۋە- چېۋەلەرمۇ يېيىلىپ بولۇپ تەخسىلەر قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى.

— قېنى مۇختەر ئاداش، سەن ئالمىغا خېلى ئامراقتۇ، ئاۋۇ تەخسىدىكى بىر تال ئالمىنىمۇ غاچ - غۇچلا بىر تەرەپ قىلىۋەت، مېھمانلارمۇ يىغىلىپ بولدۇق، قورۇمىلارمۇ تارتىلىدىغان چاغ بولۇپ قالدى،— دېدى بۇگۈنكى سورۇننىڭ ساھىبخانى دوستىمىز دولقۇن.

مۇختەر خۇددى مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغانىدەكلا قىلچە تارتىنىپ ئولتۇرمايلا ئاخىرقى بىر تال ئالمىنى ئىككى قاساپلا بىر تەرەپ قىلىۋەتتى. مېۋە تەخسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇشىغا ئاش تارتىلدى.

— قېنى ئاغىنىلەر، ئاشقا كەلمەيمىزمۇ، قورساقمۇ ئېچىپ بىر يەرگە باردى،— دېدى مۇختەر ساھىبخانىنىڭ ئاشقا تەكلىپ قىلىشىنىمۇ كۈتمەستىن ئالدى بىلەن قاچىسىغا تولدۇرۇپ پولو ئۇسۇۋېتىپ.

ئىسسىق - سوغۇق قورۇمىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن تارتىلدى. ھەربىر تەخسە قورۇما چىققان ھامان ئەڭ ئاۋۋال چوكا تەگكۈزىدىغىنى يەنىلا مۇختەر ئىدى. بۇنداق سورۇنلاردا ئۇنىڭ ئىشتىيى ئالاھىدە ئېچىلىپ كېتەتتى. تارتىنىپمۇ ئولتۇرمايتتى، سورۇندىكىلەرنىڭ پات- پات قاراپ قويۇشلىرىغىمۇ، ئايالларنىڭ كۇسۇرلاشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى، ئىچىشىش باشلانغاندا ئاياللارنىڭ گەپ تېمىسى مودا كىيىملەردىن بىردىنلا غىمىدە يوق توختىماي يەپ - ئىچىۋاتقان مۇختەرگە يۆتكەلدى. ئۆزىنىڭ كىيىملىرى تىلغا ئېلىنماستىنلا گەپنىڭ مۇختەرگە بۇرالغانلىقىدىن رەھمانىنىڭ ئايالى كۆڭلىدە قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئېغىر بىر يۈكتىن ئازاد بولغانىدەك ئۇھ تارتىپ قويدى، يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، قىزىق چايدىن ئارامخۇدا بىرنەچچە يۇتۇم ئوتلىدى- دە، گەپكە ئارىلاشتى.

— قاراڭلار ئۇنىڭ يەپ كېتىشلىرىنى، خۇددى نەچچە كۈن ئاچ قالغاندەك،— دېدى تۇرسۇنئاي تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ.

— راستىنلا ئاچ قالدىغان نېمە ئۇ، قارىمامسىلەر ئورۇقلاپ شۈمۈپ تاشلىۋەتكەن ئۆرۈكنىڭ قېقىدەكلا بولۇپ قالغىنىنى،— دېدى گۈزەلئاي كۆزلىرىنى غەلىتە ئوينىتىپ تۇرۇپ.

— شۈنچە يەپ تۇرسىمۇ چىرايىغا چىقمايدىكىنا؟

— بىكار تاماقنى شۈنچە يېگەن بىلەن ئۆيىدىمۇ شۇنداق يېسە بولىدۇ، ئاڭلىسام ئۆيىدە كۈندە بىر ۋاقلا تاماق يەيمىش، قالغىنىغا قاتتىق- قۇرۇق ناننى سۇغا چىلاپ يەپ كۈن ئۆتكۈزەرمىش.

— شۇنداقمۇ، ئەمىسە كىم مېنى مېھمانغا چاقىراركىن دەپ تەمە قىلىپ ئۆتىدىكەن - دە؟

— شۇ ئەمەسمۇ، مېھماندارچىلىقتا باشقىلارغا ئوخشاش بىر - ئىككى چوكا ئېلىپلا قاراپ تۇرمايدۇ، قاراپ تۇرۇڭلار ھېلى «ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دەپ تەخسە- پەخسىدىكى ئاشقان - تاشقانلارنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز يالماپ يۇتۇۋېتىدۇ تېخى.

— بىرنەچچە كۈنلۈك تامىقنى بىراقلا يېۋالىدىكەن - دە، بايقۇش!

— ساھىبخانا قارنىنىڭ ۋاققىدە يېرىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ داستىخاننى دەرھاللا يىغىشتۇرۇۋالىدىغان گەپ، بولمىسا بىرنەچچە كۈنلۈكنىلا ئەمەس بىرنەچچە ھەپتىلىكنى بىراقلا يېۋېتىشىدە گەپ يوق ئۇنىڭ!

— ئەگەر ئاشلىقنى نورمىلىق تەمىنلەيدىغان مەزگىللەردە بولغان بولسا ھەممىنى ئۆزى يېۋېتىپ باشقىلارنى ئاچ قوياتتىكەن بۇ يالماۋۇز دېۋە!

— دەل شۇنداق، بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، ئۇ كېچە - كۈندۈز پۇل تاپسام، مول تاپسام، بايلىقلىرىم كۆپەيسە، ئازايمىسا دەپلا خىيال قىلىدۇ. تاش چىشلەپ يۇرۇپ پۇلنىمۇ خېلى كۆپ تاپتى، لېكىن نېمە قىلىدىغاندۇ تاپقىنىنى خەجلىمەي، جېنىنى قىيناپ. يا بىر خوتۇن

ئېلىپ ئىللىق ئائىلىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمىسە، يا بىر ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن تەڭ بولۇپ مېھمان چاقىرمىسا، يا يېگىنى چىرايىغا چىقمىسا، يا بىر كېلىشتۈرۈپ بىرەر قۇر كىيىم كىيمىسە......

گەپ ئارىلىقىدا تۇرۇپلا يەنە كىيىمنىڭ گېپى چىقىۋىدى، رەھىمانىنىڭ ئايالىنىڭ يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى.

## 3

كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ گەپنىڭ تېمىسىمۇ چېچىلغىلى تۇردى، بىرسى يۇمۇر ئېيتقان، بىرسى چاقچاق قىلىۋاتقان، يەنە بىرلىرى بىرسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋېلىپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىۋاتقان......

— ئاغىنىلەر خەپشۇك! — دېدى ساھىبخانا دولقۇن ئىككى رومكا شارابنى كۆتۈرگىنىچە سورۇن ئەھلىنى دىققەتكە چاقىرىپ، — سورۇنىمىزنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى بولۇۋاتىدۇ، پاراڭمۇ قىلىشتۇق، چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، ئەمدى ماۋۇ ئولتۇرغان قىزىلگۈلدەك سۆيۈملۈك خانىملىرىمىزمۇ زېرىكىش ھېس قىلىپ قالمىسۇن، تاپىنىمىزدىن پۇرقىراپ توپا ئۆرلىگۈدەك، يۈرىكىمىزدە چاي قاينىغۇدەك قىزىپ بىرنەچچە قول تانسا ئوينىمايمىزمۇ؟

— مانا ماۋۇ سېرىقمايدەكلا گەپ بولدى جۇما؟ ھوي خانقىز شوق-شوق پەدىلەرگە چېلىڭا VCD رىڭىزنى، قېنى قوپۇڭلار خوتۇن، ئالدى بىلەن مانا بىز داۋاي، — دېدى رەھىمان گەپكىمۇ ئانچە ئارىلاشماي ئولتۇرغان ئايالىنى تانسىغا تارتىپ.

مۇزىكا قويۇلۇشى بىلەن سورۇن ئۇپۇر - توپۇر بولۇپ كەتتى.

— ھوي، باقى ئاداش ماھىرەچۇ؟ بىرگە ئېلىپ كەلمەپسىنا؟ — دېدى دولقۇن باقىنىڭ يالغۇز كەلگەنلىكىنى ئەمدىلا بايقىغاندەك تانسا ئوينىغاچ.

— مۇنداق ئىش، ئىدارىمىزدىكى مۇرات ئاغىنىمىزمۇ ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتىكەن، شۇڭا ئەر - خوتۇن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ماھىرە مۇراتنىڭكىگە، مەن بۇياققا كەلدىم.

— قاراڭلار، قاراڭلار ئاۋۇ ئىككىيلەنگە، — دېدى دولقۇن ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، ھەممەيلەن تانسىغا قوپماي ئولتۇرغانلارغا نەزەرىنى ئاغدۇردى، — ماۋۇ باقى ئاغىنىمىز بۇياققا، ماھىرە ئۇياققا، تۇرغۇن ئاغىنىمىزمۇ ئۇياققا، ماۋۇ يۇلتۇزئاي بۇياققا كەپتۇ، ھەي باقى ئاداش تۇرغۇن بىلەن ئىككىڭلاركېلىشىپ خانىملارنى بۆلۈشۋالمىغانسىلەر-ھە؟!

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ جۇمۇ؟ بولمىسا...... — ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشتى.

بىر قول تانسا تۈگەپ سورۇن ئەھلى ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشىغا دولقۇن بايىقى گەپنىڭ ئاخىرىنى باشلىدى.

— راست گەپ قىل باقى، راستىنلا كېلىشىپ بۆلۈشۈۋالغان بولساڭلار سەن چوڭ پايدا ئالغان بولىسەن جۇمۇ قوناق شېخى، قارا سېنىڭ ئورۇق، پېلىكى قۇرۇپ قالغان سويمىدەك ئىنجىمارۇق، سولاش گۈلۈڭنىڭ ئورنىغا، سوقا سەندەلدەك، بوي دېسە بوي، چىراي دېسەك چىراي، خۇددى ئەركەك قوينىڭ مايىقىدا ئۈلدىنىپ، ئوغۇتنىڭ كۈچى بىلەن بوي تارتىپ ئۆسۈپ، تولۇق ئېچىلغان خۇش پۇراق ئەتىرگۈلنى قىسىۋالساڭ بۇنىڭدىنمۇ زور ئامەت كېلەمدۇ ساڭا......

— خەجلەي دېسەك پۇلى بار، ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك داچىسى بار، ھېرىپ قالساڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ماشىنىسى بار دېگىنە تېخى، — گەپ قىستۇردى مۇختەر.

— يەنە...... يەنە...... — كىمدۇر بىرسى يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئېغىز ئېچىشىغا دولقۇن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بولدى بەس! ئاغىنىلەر، چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، لېكىن چاقچاقنىڭمۇ جايىدا بولغىنى ياخشى، ئاز گەپ قىلىپ تانسىنى كۆپرەك ئوينايلى، — دېدى.

— نېمە! مەن جىق گەپ قىلىپ كەتتىمما؟ گەپنى ئۆزۈڭ باشلاپ قويۇپ ئەمدى مەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي دېگەندە ئەجەب كۆرەڭلەپ كەتتىڭغۇ؟ چاقچاق جايىدا بولماي قانداق بوپتۇ، يۇلتۇزئاي ئاشناڭمىدىيا، — دېدى ئەمدىلا گەپ باشلاي دېگەندە گېپى ئۈزۈپ قويۇلغان شاكىر قاۋان سوقۇشچى خورازدەك ھۈرپىيىپ قوپۇپ. كۈچلۈك

هاراق كۆچىنى كۆرسەتتىمۇ - قانداق، ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ئەلەستەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى چوّچەكتەك يوغىناپ چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

— نېمە هۆركىرەيسەن هوي، كاللاڭنىڭ بىرەر ۋىنتىسى كەممۇ - قانداق، ئەل - ئاغىنىلەرمۇ مۇشۇنداق ۋارقىراشقان بارمۇ،— دېدى رەھمان سۇركىلىشنى پەسكويىغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ.

— قاراڭلار ئاغىنىلەر، بۇ قاۋاننىڭ تۇرۇپلا ئانچىكى ئورۇنسىز ئىشلارغىمۇ چېچىلىپ - قايناپ، ئۆكۈپ - تاتىرىپ سۆزلەپ قالغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاشۇ يوغان كاللىسىنىڭ چوقۇملا بىر تال ۋىنتىسى كەم جۇمۇ بۇنىڭ!

— نېمە، بىر تال ۋىنتىسى دەيسەنغۇ؟! 45 يىلدىن بېرى تيەنجىننىڭ كونا ۋېلسىپىتىدەك شالاقشىپ كەتكەن كاللىسىنىڭ ئارانلا بىر تال ۋىنتىسى كەمما؟ مېنىڭچە.......— گەپنىڭ تېخى ئاخىرى چىقىپ بولغۇچە شاكىر قاۋان چاقماقتەك تېز ئورنىدىن تۇردى-دە، ساقىينىڭ ئالدىدىكى هاراق شىشىسىنى تارتىپ ئېلىپ گەپ قىلىۋاتقاننىڭ بېشىغىلا سالدى.

— هە، مەن ساراڭ! كاللامنىڭ دەردى بار، قانداق قىلىشاتتىڭ، هۇ خوتۇنى تالاق ئىنجىمارۇقلار، قېنى قايسىڭ كېلىشىسەن، كېلىشە!

شاكىر قاۋان ئەسەبىيلەشكەنىدى. سورۇن بىردىنلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، ئاياللار بولسا ۋارقىراپ- جارقىراشقىنىچە ئۆزىنى سىرتقا ئېتىشتى. هېچكىم ئۇنىڭ يېنىغا بارالمىدى. شىرەلەر ئۆرۈلۈپ، چىنىتەخسىلەر ئۇرۇپ - چېقىلىپ، جېدەل ئەۋجىگە چىققان پەيتتە يەردىن ئۈنگەندەكلا خېلى كۆپ ئامانلىق قوغدىغۇچىلار پەيدا بولدىدە، قوللىرىدىكى قاپقارا كالتەك بىلەن ئۇدۇل كەلگەننى ئۇرۇپ يىقىتىپ، جېدەلنى بېسىقتۇرغان بولدى.

## 4

دولقۇن، رەھمانلار ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن هوشىغا كەلگەندە

ئۆزىنى زەي پۈراپ تۇرغان تارغىنە، تۆمۈر ئىشكلىرى مەھكەم ئېتىلگەن قاماقخانىدا كۆردى. دولقۇن ئىششىغان كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ غۇۋا كۆرۈنگەن كامېرنىڭ ئىچىگە سەپسالدى. ئۆينىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا يۈز-كۆزلىرى يېرىلىپ، قان بىلەن بويىلىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن مۇختەر ئاچچىق - ئاچچىق تولغىنىپ ئىڭراپ ياتاتتى.

— كۆزۈڭنى ئاچ ھوي رەھمان، قارىغىنا، شاكىر قاۋان بىلەن باقى دارازا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ - ھە؟!

— نېمە بولۇپ كەتتۇقەي بىز، ئاشۇ نىجىس قاۋاننى چاقىرمايلى دېسەم ئۇنىماي قويدۇك، دائىملا ئىش تېرىپ يۈرىدىغان بايقۇش ئىدى ئۇ. راست، ئاخىردا ئۇ مۇتتەھەم قولىغا پىچاق ئالغاندەك قىلغان، بىرەر ئىش تېرىپ قويمىغاندۇ - ھە؟!

— ئاغزىڭنى ئۇشتمىگىنە ھوي، ئادەمنى قورقۇتۇپ.

ئۇلار پاراڭ سېلىشىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە شاكىر قاۋان سوراقخانىدا سوراق قىلىنىۋاتاتتى. باقى بولسا ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىنى ئەندىشىگە سېلىپ جىددىي قۇتقۇزۇشتا ھوشسىز ياتاتتى. دولقۇن، رەھمانلار ئەنسىرىگەن ئىش ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولغانىدى.

# پالتا سەۋەبىدىن

ئۇ ئالىقانلىرىغا تۈكۈرۈپ ئاتا مىراس پالتىسىنىڭ تۈپتۈز، سىلىق دەستىسىنى مەھكەم قاماللىغىنىچە بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، بار كۈچىنى يىغىپ، كۆز ئالدىدا شۈمشەيگىنىچە سوزۇلۇپ ياتقان شىرشىم جىگدە كۆتىكىگە زەرب بىلەن چاپتى. خىيالىدا بىر چېپىش بىلەنلا كۆتەكنى نەچچە پارچە قىلىۋەتمەكچىدى. بىراق، قارا كۈچىگىلا تايىنىپ چېپىلغان پالتا دەل جايىغا چېپىلمىغاچقا، قاڭقىپ چىقىپ نېرىراقتا تۇرغان قورام تاشقا قاتتىق ئۇرۇلۇپ، پارقىراپ تۇرغان بىسى قايرىلدى، دەستىسمۇ سۇنۇپ بىر ئۇچى ئۇنىڭ قولىدا قالدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن قوپاللىقى ۋە ئىش قىلىشتىكى ئېپىنىڭ يوقلۇقىدىن، ئاتا مىراس تەۋەررۈكى بولمىش پالتىنىڭ بىسى قايرىلىپ، دەستىسى سۇنۇپ مەجرۇھ بولۇپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە «تۆمۈرچىلىك قولۇمدىن كېلىدىغان بولغاندىكىن پالتىدىن يېڭىدىن بىرنى سوقۇۋالسام بولىدىغۇ؟» دەپ ئويلاپ، بىسى قايرىلغان پالتىنى ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويدى.

قىش كىرگەندىن بېرى پالتىنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. كاچكۇلدىن مۇز چېقىشقا، يىغىلىپ قالغان كۆتەكلەرنى پارچىلاشقا، چوڭ - چوڭ كۆمۈرلەرنى ئۇششاقلاشقا...... يەنە ئاللىقانداق ئىشلارغا ئىشلەتكىلى پالتا بولمىسا بولمايتتى، بولۇپمۇ ئوتۇن - ياغاچلارنى پارچىلاشتا باشقا قورال - سايمانلار پالتىنىڭ رولىنى ئوينىيالمايتى. ئۇ بەزىدە قوشنىلاردىن سوراپ ئىشلىتىپ كۆردى، جىددىي پەيتتە يەنىلا ئۆزىنىڭ پالتىسى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، چۈش كۆرگەندەكلا نەچچە ئاي ئوت يېقىلمىغان دۇكانغا تەستە ئوت يېقىپ بولقىنى قولىغا

ئالدى - دە، سەندەل ئالدىغا كېلىپ، پالتىدىن بىرنى سوقۇۋالماقچى بولدى.

لېكىن، ئۇ ئۇستا كۆرمەي ئىشىك يوچۇقىدىن ماراپ ئۆگەنگەن «چالا ئۇستام» بولغاچقا، ئىككى كۈن ھەپىلىشىپمۇ پالتا شەكلىگە كەلتۈرەلمىدى. تۇيۇقسىزلا خىيالىغا «كونا پالتىنى تېپىپ كىرىپ شۇنىڭغا قاراپ ئوخشىتىپ سوقسام بولىدىغۇ» دېگەن ئوي كىرىپ قالدى- دە، قولىدىكى قىسقۇچ، بولقىنى تاشلاپ ھويلىغا چىقتى. قار - يامغۇردا قېلىپ داتلاشقان پالتىنى توپا - تۇمانلار ئاستىدىن تەسلىكتە تېپىپ كىردى. پالتىنى ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ تەپسىلىي كۆزەتتى ۋە ئالدىدىكى پولات تاختىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، پالتا سوقۇشنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنچە ئوڭاي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. پالتا سوقۇشقا تەييارلىغان پولات تاختىنى نېرىغا ئىتتىرىپ قويۇپ داتلاشقان پالتىنى ئوتقا سالدى. چوغدەك قىزارغان پالتىغا بولقا ئۇرۇپ قايرىلغان بىسلىرىنى ئوڭشىدى ۋە قومچاققا تۇتتى. غېرىبسىنغان پالتا بىردەمدىلا ئەسلىدىكىدەك ھالەتكە كېلىپ ۋاللداپ پارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى سۆيۈنگەندەك بولۇپ يەڭگىل تىندى. يېڭىدىن بىر پالتا سوقۇشقا قارىغاندا كونىسىنى ياساپ رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ نەچچە ھەسسە ئوڭاي بولىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى.

شۇ تاپتا ئۇ بىردە پارقىراپ تۇرغان كونا پالتىغا، بىردە پالتا سوقىمەن دەپ ئىككى كۈن ھەپىلەشكەن پولات تاختىغا قاراپ قوشۇمىلىرىنى تۈرگىنىچە قايسىبىر مەسىلە ئۈستىدە خىيال سۈرۈۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ ئاپتاپپەرەستەكلا ئېچىلىپ كەتتى - دە، ھويلىغا قاراپ يۈگۈردى.

— مايسىگۈل، ھاي مايسىگۈل، قېنى سىلى خوتۇن، بۇياققا چىقىڭلار، — توۋلىدى ئۇ ئۆي ئىچىگە قاراپ.

— ۋاي نېمە بولدى سىلىگە، ئەتىگەندىلا ئادەمنى قورقۇتۇپ ۋارقىراپلا كەتتىڭلىغۇ؟ — مايسىگۈل قوللىرىنى سۈرتكىنىچە ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— بولۇڭلا خوتۇن، چۈشمۇ بولاي دەپ قاپتۇ، گۆشنىڭ قارا

يەرلىرىدىن جىقراق سېلىپ ئوخشىتىپ بىر پولۇ ئېتىڭلا، ھامۇتلارنى ئۆيىمىزگە چاقىرىۋالايلى.

— نېمە دېدىڭلا؟ ۋاي «ئۇلارنى كۆرە كۆزۈم يوق» دەپ گەپلەشمەي قېيىدىشىپ يۈرۈۋاتقىلى بىرنەچچە ئاي بولغان تۇرسا، قانداق قىلىپ بۇگۇن؟......

— مەن كۆپ ئويلاندىم خوتۇن، كىچىككىنە ئۇقۇشماسلىقنى دەپ، كىچىكىمىزدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئاشۇ قەدىناس دوستىمىز بىلەن تاشلىشىپ كەتسەك زادىلا بولمىغۇدەك. نەچچە ۋاقتتىن بېرى چۈشىنىشمىگەن بىراۋلار بىلەن دوست تارتىشىپ يۈرۈپتىمەن، ئويلاپ كۆرسەم، يېڭىدىن دوست تېپىپ چۈشىنىشىپ بولغۇچە، يەنىلا بۇرۇندىن چۈشىنىدىغان، بىلىشىدىغان كونا دوستنىڭ ئەرزىمەس سەۋەنلىكىگە ئېسىلىۋالماي، كەڭ قورساقراق بولۇپ ياخشىلىشىپ قالغىنىمىز مىڭ ئەۋزەل ئىكەن، جانغا ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا كونا دوست ئىكەن ئەمەسمۇ! بولۇڭلا تېز، ئۇلارغا چاي قۇيۇپ ئەپۇ سوراپ بۇگۇنلا ياخشىلىشىۋالايلى.

— «تازىنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن» دېگەن شۇ - دە! بۇرۇنراق شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، ھېلىمۇ ياخشى ئويلاپسىلە، سىلى بېرىپ ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىڭلا، سىلى كەلگۈچە ئاشمۇ تەييار بولىدۇ.

ئۇ كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا دوستىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.



# پۇشايمان

— ھەي ئىسىت، پېنسىيەگە چىقىش ئىلتىماسى سۇنۇشقا نىمىشقىمۇ شۇنچە ئالدىراپ كەتكەندىمەن؟ قارىمامدىغان ئىلتىماس سۇنغانلىقىم ئەتىيازنىڭ شامىلىدەكلا شۇنچە تېز تارقىلىپ كېتىپتا!...... قايسىبىر ئۇزۇن قۇلاق ئاڭلاپ قېلىپ تارقىتىۋاتقاندۇ بۇ خەۋەرنى؟ ھەي ئىسىت! ھەي ئىسىت! — ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇڭشىغىنىچە ئىشخانىسىدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىۋاتقان يەككە ئىگىلىكنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ساۋۇت بىردىنلا مېڭىشتىن توختاپ پىنگىۋىننى ئەسلىتىدىغان سېمىز گەۋدىسىنى كىرىسلوغا تاشلىدى.

دېمىسىمۇ ئۇنىڭ پېنسىيەگە چىقىش ئىلتىماسى تېخى تەستىقلانماستىن بۇرۇنلا كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا «ساۋۇت كېچاك پېنسىيەگە چىققۇدەك، ھەر نېمە بولسا بازاردىكىلەر بىر ئاچ كۆز ئىتتىن قۇتۇلىدىغان بوپتۇق» دېگەن خەۋەر ئۇچۇپ يۈرەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدىكى ئىلگىرى «ۋاي ساكېچاك كەلسىلە...... ۋاي ئالسىلا، باقسىلا...... ئىلتىپات قىلىپ مۇشۇ ئايلىق بازار باشقۇرۇش رەسمىيىتىنى كېمەيتىپ بەرگەن بولسىلا......» دەپ قول باغلاپ تۇرۇپ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان ئادەتتىكى تىجارەتچىلەردىن تارتىپ ئۇششاق ئېلىپ - ساتارلارغىچە ھەممىسىلا تەزىممۇ قىلمايدىغان، ئۇنى كۆرسىلا ئۇ يەر، بۇ يەرگە توپلىشىۋېلىپ ئىما - ئىشارەت قىلىشىپ كۇسۇرلىشىدىغان، ھەتتا بەزى يۈزسىزلەر تېخى تەپ تارتماي ئۇچۇقتىن- ئۇچۇقلا «ۋاي كېچاك جانابلىرى، پېنسىيەگە چىققۇدەك دەپ ئاڭلىدۇق، مۇبارەك بولسۇن، بۇنچە ئالدىراپ چىقىۋالمىسىلىمۇ بولاتتى، پېنسىيەگە چىقىۋالسىلا ھۆكۈمەت بېرىدىغان ئاشۇ ئازغىنە مائاش بىلەن ھېلىقى

تەۋەررۈك قارا سومكىلىرىنى قانىداقمۇ توشىتۇرالىسۇن...... ھەي، نېمىلا بولمىسۇن، بىز كونا قەدىناسلار، ناۋادا كەم - كوتىسى بولۇپ قالسا بۇرۇنقىدەك تارتىنماي دۇكانلىرىمىزغا كىرىپ تۇرالا، ساھىللارغىمۇ ئايىماي بېرىپ تۇرغان يەردە، سىلىدىنمۇ ئاياپ ئولتۇرمايمىز جۇمۇ......»
دېگەنىدەك زەھەردىن ئاچچىق، پوقتىن سېسىق تەنە گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۈنىڭ ئۈستىگە ئابرۇيپەرەس، پەردازخور ئايالىنىڭ ھەر كۈنى تۈگىمەيدىغان غەلۋىسى، يۇقىرىنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى تەستىقلاپ بەرمىگەن كىچىك ماشىنىنى قىرىشقاندەك ئۇ پېنسىيەگە چىقىش ئىلتىماسى سۇنۇپ تەستىقلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا يېڭى باشلىقا تۇغرىلاپ تەستىقلاپ بېرىشى، ئۈنىڭ يۈرىكىنى كۆيۈك يارىسىغا تۇز قۇيغاندەك ئېچىشتۇردى، تىنىمسىز ئازاب ئۈنىڭغا ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى.

شۇ تاپتا ئۇ ئايالىنىڭ «ئالدىراپ ئىلتىماس يازمىسىلا، يېقىندا مائاش ئۆسكۈدەك دېگەن گەپ بار، ھېچبولمىغاندا مائاشنى ئۆستۈرۈپ بولسۇن، شەخسىي ئۆيىمىزنىمۇ يېڭىلىۋالايلى، ئوغلىمىزنى ئۆيلەپ كۆتۈرگەنلىرىمىزنى قايتۇرۇۋالايلى، ئاندىن ئىلتىماس يازسىلىمۇ تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، ئاڭلىسام تېخى ئالدىمىزدا بۆلۈمىڭلەرگە بىر كىچىك ماشىنا بەرگۈدەكمىش، شۇ چاغدا بىزمۇ ھاكىمدەك گىدىيىپ ئولتۇرۇپ تويى - تۆكۈن، مېھماندارچىلىققا بارساق ئابرۇيىمىز تېخىمۇ ئۈستۈن بولمامدۇ...... ئويلاپ باقسىلا بىزنىڭ باشقىلاردىن نەرىمىز كەم، باشقىلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ بىرنەچچە يىل كېرىلىپ ياشىساق نېمىشقا بولمايدىكەن......» دەپ نەسىھەت قىلغىنىغا قارىماي ئىلتىماس يازغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى.

«دوست - دۈشمەنىنىڭ گېپىگە كىرىپ شەيتان ئازدۇرغانىدەكلا ئىش بولدىمۇ نېمە؟ كىشىلەرنىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئەجەب ئويلىماپتىمىنا؟ ھەي، ئايالىمنىڭ گېپىگە كىرگەن بولسامۇ بوپتىكەن، ھېچبولمىغاندا ئۈچ - تۆت يىل ئىشلىسەم ئۇ چاغدا

ماشىنىمۇ، ئابرۇيىمۇ، پۇل - مەنپەئەتمۇ...... ئىشقىلىپ، ھەممە، ھەممىسىلا بولاتتى ئەمەسمۇ؟ توغرا، ھازىرلا تەشكىلات بۆلۈمىگە بېرىپ ۋاڭ ئاقساقالنى ئىزدەپ ئىلتىماسنى قايتۇرۇۋالاي، ئاندىن يەنە بىرنەچچە يىل پارتىيە، خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش توغرۇلۇق كېلىشتۈرۈپ بىر دوكلات يېزىپ تاپشۇراي. ناۋادا ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىپ ۋاڭ ئاقساقال بولىدۇ ئىشلەپ تۇرۇڭ، دەپ قالسا ئەجەب ئەمەس. شۇ چاغدا دوست - دۈشمەنلىرىم، مېنى مازاق قىلىشىپ ئارقىسىدا كۈلۈشكەن ھېلىقى قوڭالتاق تىجارەتچىلەر قانداق قىلىدىكىن قېنى! خەپ توختاپ تۇرۇش! مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قېلىشىسەنغۇ تېخى!»...... ساۋۇت ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە كىرىپ سىلودىن قوزغىلىپ تەستە ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ ئالچاڭلىغىنىچە ئېغىر بەدەنلىرىنى سۆرەپ سىرتقا مېڭىشقا تەمشىلىپ، بىردىنلا بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك توختاپ قالدى. «دۇرۇس، ۋاڭ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارسام قانداق بولىدۇ، مۇشۇ كۈنلەردە قۇرۇق سۆز قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ - دە! ئۇ كىشى ئاسارئەتىقە، قەدىمكى پۇللارنى يىغىپ ساقلاشقا ئامراق، بولۇپمۇ ئالتۇندىن قۇيۇلغان نىكولاي تىللاسىنى جېنىدىن ئېزىز كۆرىدۇ، ھە، توغرا، ئالدىنقى يىلى تاش ھاجىم سوۋغا قىلغان ھېلىقى ئىككى جۈپ نىكولاي تىللاسىنىڭ ئەمدى ئەسقاتىدىغان ۋاقتى كەلدى، ئۇنىڭ مېھرىدىن كەچسەملا......»

ئۇ قول سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئەمدىلا ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى.

— ۋەي ساۋۇت ئاكامۇ؟ ھە، مەن ناھىيەلىك تەشكىلات بۆلۈمىدىن نۇردۇن، سىز يېقىندا پېنسىيەگە چىقىش ئىلتىماسى سۇنغان ئىكەنسىز، دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا قاراردىن ئۆتۈپ تەستىقلىنىپتۇ، بۈگۈنلا ئىشخانامغا كېلىپ مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلىرىڭىزنى......—

گەپنىڭ ئاخىرى تۈگىمەستىنلا ساۋۇتنىڭ قولىدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسى

تاراڭلاپ چۈشۈپ كەتتى. كاللىسىدا گويا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، بەدەنلىرى سىرقىرىدى، ھورناندەك گۆشلۈك يۈزلىرى تاتىرىپ لاسسىدە جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. پولاڭلاپ تۇرغان تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن چىقىۋاتقان «ۋەي، ۋەي......» دېگەن ئاۋازلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.



# ئىككى تىلەمچى

ئۇ ئادىتى بويىچە تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ جەندە-كۇلالىرىنى كىيىپ، يۈز - كۆزلىرىنى بويىدى- دە، كۆرۈنۈشتە گويا دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئادەم تۈسىگە كىردى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ ھەر كۈنى شۇنداق بىر خىل رىتىمدا «سەدىقە بالانى يە، تۇۋا گۇناھنى، ئامىن! سېخىي جەننىتى ئامىن» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كوچىمۇ - كوچا، ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ يۈرىدۇ.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن ئەپەندى، مەن ۋە بالىلىرىم ئۈچۈن ئازراق ساخاۋەتلىك قولىڭىزنى سۇنغان بولسىڭىز، — دېدى ئۇ مۆتىۋەر سۇپەت بىرسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ كىشى دەرھال ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، — دادام بىلەن ئانام پالەچ ياتقىلى 10 يىلدىن ئاشتى، ئايالىممۇ كونا كېسەل، داۋالىتىدىغانغا پۇل يوق، ئامالسىز ئۆيدە ئىنجىقلاپ ياتىدۇ، بەش ئوغۇل تۆت قىزىم ئىشسىز ھەم بويتاق، ھەممىسلا مېنىڭ قولۇمغا قارايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت كوممۇنا ۋاقتىدا قالغان 4000 يۈەن ئۇماچ قەرزىم بار ئىدى، ھەر كۈنى سۈيلەپ كېلىدۇ، بۈگۈنگىچە تۆلەپ بولالمىدىم، ھۆكۈمەت بەرگەن ئازغىنە قۇتقۇزۇش پۇلى نەچچە كۈنلۈكمۇ بولمايدىغان تۇرسا، نېمە ئامال بار دەيسىز، شۇڭا ھەر كۈنلۈك قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە بېرىپ دەرد ئېيتىش، ئەگەر شۇ تاپتا يېنىمدا بىرەر تىيىننىڭ سۇنۇقى بولغان بولسىدى، ئىككىلەنمەيلا سىزگە بېرىۋەتكەن بولاتتىم.

—ھەي ئىست! سىز مەندىنمۇ ئۆتە بىچارە ئىكەنسىز، شۇنچە كۆپ

جاپالارنى تارتقۇچە ماڭا شاگىرتلىققا كىرىڭا، بۇ ئىنتايىن ئوڭاي كەسىپ، ئاسانلا ئۆگىنىۋالىسىز. تاپقىنىڭىز ئىككىمىزگە تەڭ بولسۇن، قانداق دېدىم؟— ھەم ئەپسۇسلانغاندەك، ھەم خۇشال بولغاندەك بىر خىل ھالەتتە.

— رەھمەت، مەن ئىنتايىن يۈزى نېپىز ئادەم. بۇ ئىشنى قاملاشتۇرالمايمەن.

— ھەي، ئۇنىڭ يولى بەك ئاسان، ھەر كۈنى مەندەك گىرىم قىلىۋەرسىڭىز يۈزىڭىزمۇ قېلىنلىشىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ!

— بولدى خوش، يولۇمغا ماڭغىلى قويۇڭ، مېنىڭ يەنىلا خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە بېرىپ، دەرد - ھالىمنى ئېيتقىنىم تۈزۈك.

# ئاتىنىڭ يۈرىكى

سەن، ياق! بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىمۇ ئاخىرلاشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ سەن بىرنەچچە كۈن كىتابقىمۇ قارىماي قانغۇچە ئۇخلىدىڭ. ھەممىمىز ئۇھ دەپ تىنىمىز سەل - پەل كەڭرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىمتىھان نەتىجىسىمۇ ئېلان قىلىندى، سەن خېلى يۇقىرى نومۇر ئالغانىدىڭ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيۇڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى. لېكىن، ئارزۇ - ئارمانغا تولغان ئارامبەخش كۈنلەر پەقەت بىرنەچچە كۈنلۈكلا بولدى. ئۇيقۇڭ بۇرۇنقىدەكلا ئازلاپ قالدى. يۈزلىرىڭدە نېمىدىندۇر بىئارام بولۇۋاتقاندەك پەرىشانلىق بۇلۇتلىرى ئەگىپ يۈرەتتى. كۆزلىرىڭدە بىر خىل تەشۋىشلىك نۇرلار سايە تاشلاپ تۇراتتى. ھەممىمىزنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى كۈل رەڭ بۇلۇتلار قاپلىدى. نېمىشقىكىن، ساڭا سەن ئارزۇ قىلغان مەكتەپتىن چاقىرىق كەلمەيۋاتاتتى. سېنىڭ، ياق، ھەممىمىزنىڭلا يۈرىكى خۇددى جاڭگال كاۋېپىدەك پۇچىلىنىۋاتماقتا ئىدى. نەچچە رەت چاقىرىق سۈرۈشتۈرۈپمۇ ھاردىڭ. ئۈنىڭ بارغانچە ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتى. «نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟......» دېگەن سوئاللار خىيال ئېكرانىڭدا ئەگىپ يۈرەتتى. «ئۈمىدلىك بول ئوغلۇم، بۇ يىل چاقىرىق كەلمىسە قايتا ئوقۇ، كېلەر يىلى چوقۇم ئەڭ ياخشى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيالايسەن» دەيتتىم ساڭا تەسەللى بولسۇن دەپ. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ قەلب ئاسمىنىممۇ تۇمانلىق، كۆڭۈل قەسرىم ئازاب ئىسكەنجىسىدە پەرىشانىدى. بىلەمسەن ئەي يۈرەك پارەم، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ مېنىڭ خۇشاللىقىم، سېنىڭ پەرىشانلىقىڭ ئوخشاشلا مېنىڭ پەرىشانلىقىم ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ پۈتۈڭگە تىكەن كىرسە

مېنىڭ يۈرىكىم سىرقىرايدۇ- دە، ئوغلۇم!

ئاجايىپ شېرىن چۈش كۆرۈپ ئويغانغان بىر كۈنى چۈشتە ئىشتىن قايتىپ كەلسەم، سەن ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدىڭ. قولۇڭدا بىر كونۋېرت، يۈزلىرىڭدە قۇياش جىلۋىسى، كۆزلىرىڭ يۇلتۇز، كىچىككىنە ئاغزىڭ ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان تۈت چىشلىق كېۋەزنىڭ ئۆزىلا، ھاياجانلانغانلىقىڭدىن سۆزلىيەلمەيلا قالغانىدىڭ. يۈرىكىم سەزدى، ساڭا كىچىككىپىرەك بولسىمۇ ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىق كەلگەنىدى. مەن سەندىنمۇ بەكرەك ھاياجانلاندىم. 46 يىللىق ھاياتىمدا ماڭا ھېچقاچان مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ سېھىرلىك بەخت تۇيغۇسى نېسىپ بولۇپ باقمىغان، ئۆزۈمنى بىرەر قېتىممۇ تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بەختلىك ھېس قىلغىنىمنى، كۆڭلۈمنىڭ بۇنچىلىك شېرىن راھەتلەنگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن. قەلبىم باھاردەكلا كۆلۈپ كەتتى......

مانا ئەمدى يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بىز كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان ئالىي مەكتەپكە مېڭىش ۋاقتىڭ توشقانىدى. لېكىن، سەن تا مۇشۇ كەمگىچە ئۇزاقراق يەرگە سەپەر قىلىپ باقمىغان، كىچىك جەننىتىڭدىن ئايرىلىپ باقمىغانىدىڭ. يۈزلىرىمىزدە بەخت جىلۋىسى، ئەمما يۈرىكىمىزنىڭ بىر يەرلىرىدە قىيالماسلىق غەليانلىرى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى......

سېنى يالغۇزلا يولغا سېلىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي، بىرگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدۇم.

يانمۇيان ئولتۇرۇپ پويىزنىڭ رىتىملىق تاراقلىغان ئاۋازىغا جور بولغىنىمىزچە كېتىۋاتاتتۇق. ئورۇققىنە قوللىرىڭ ئىككى قولۇمنىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىدا چىڭ قىسىلغان، يۈرىكىمدە ئاجايىپ بىر ئوت، ئاجايىپ بىر مېھىر، شۇ تاپتا بۇ ئوت، بۇ مېھرىنىڭ پەقەت ۋە پەقەتلا سېنىڭ يۈرىكىڭگە تۇتاشقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتاتتىم. راست ئوغلۇم، مەن سېنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ ھېسسىياتىم بىلەن جېنىمدىن، ياق دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق بىلىمەن، چۈنكى سەن مېنىڭ ئۈمىدىم، كەلگۈسۈم.

سەن دائىم قەلب تۆرىمدە بولغاچقىلا كەلگۈسىمنىڭ مەڭگۈلۈك باھاردەك پارلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

ئانچە بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن مەكتىپىڭگە كېلىپ ئورۇنلىشىۋالدىڭ. مەكتىپىڭ بىز ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ بەكرەك گۈزەل ئىدى.

جاپالىق، ئەمما قايناق تۇرمۇش ھاياتىڭ باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى مەن قايتىپ كەتمەكچى بولدۇم، سەندىن ئايرىلىشقا كۆڭلۈم قىيمىسىمۇ، لېكىن قايتىپ كەتمىسەم بولمايتتى.

سەھەر، ئىككىمىز يانمۇيان مېڭىپ مەن ياتقان مېھمانسارايدىن چىقتۇق. سىرتتا سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم، خىياللىرىممۇ خۇددى پەرىشان كۆڭلۈمدەكلا پاراكەندە، چېچىلاڭغۇ.

— خوش، ئوغلۇم! بىز مۇشۇ يەردىلا خوشلىشايلى، — دېدىم كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە ساڭا يۈزلىنىپ، — بەلكىم مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ، گەرچە ئەتراپىڭدا ئادەملەر مىغىلداپ تۇرسىمۇ، يېنىڭدا بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنىڭ ياكى بىرەر يېقىن دوستۇڭ، قىسقىسى بىرەر سۆيۈملۈك ئادىمىڭ يوقتەكلا بىلىنىشى، ئۆزۈڭنى تۇنجى قېتىم بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانىدەك ھېس قىلىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، شۇنى ئېسىڭدە تۇت ئوغلۇم، ھايات يولى ئۇزۇن ھەم ئەگرى - توقاي، ئۇ ئۈمىد ۋە غايە بىلەنلا دوست، لېكىن قورقۇنچ ۋە قايغۇ بىلەنمۇ ھەمشىرىڭ! شۇڭا ھاياتىڭنى قەدىرلە، پۇرسەتنى قولدىن بەرمە، پۇرسەت دېمەك ھايات دېمەك، ھەمىشە ئالدىڭغا قارا، يىراقلارغا نەزەر سال! بەردەمرەك بول، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆگىنىپ، ئېسىل خىسلەت، ياخشى نەتىجىلىرىڭ بىلەن ئىنىڭگە ئۈلگە بول! خوش، ئوغلۇم ياخشى قال، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم!

بىر نېمە دېمەكچى بولدۇڭ - يۇ، بىراق ھېچنېمە دېيەلمىدىڭ. كۆزۈڭ قىيمىغان ھالدا ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ، بىرسى بويىنۇڭدىن ئارغامچا بىلەن سۆرىگەندەك مەكتىپىڭ تەرەپكە يول ئالدىڭ. مەنمۇ يولۇچىلار بېكىتى تەرەپكە بۇرۇلدۇم. بەلكىم كۆز بۇلاقلىرىڭدىن ئېتىلىپ

چىقىۋاتقان تامچە ـ تامچە ياش ئاستىدا كۆڭۈل قەسرىنىڭ شاپتۇلدەكلا ئېزىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، مىچىلدىغان ئاۋازىنىڭ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ قالدى......

شۇ چاغ يۈرىكىمنى بىرسى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن ئازاب بازغىنىدا كۇكۇم ـ تالقان بولۇۋاتاتتىم. كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ۋۇجۇدۇمغا كۈچلۈك بىر سوغۇق ئېقىم بېسىپ كىرگەندەك بولدى. ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك مەڭزىمنى بويلاپ دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلار يىغلاۋاتقان ئاسماننىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، غايەت زور قورام تاش قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى يانجىۋەتكەندەكلا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى ئەزمەكتە ئىدى. ئېيتقىنا ئوغلۇم، سەن مۇشۇ كەمگىچە ئاتاڭنىڭ كۆزىدىن بىرتامچە ياش ئاققانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ جېنىم ئوغلۇم!

نەچچە قەدەم ماڭغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئىختىيارسىز ئارقامغا بۇرۇلۇپ سەن تەرەپكە قارىدىم. سەنمۇ ماڭا قارىغان ئىكەنسەن. كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. لېكىن، ئاتىلىق سالاھىتىم بىلەن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىمنى سېنىڭ كۆرۈپ قېلىشىڭنى راۋا كۆرمىدىم. كۆز ياشلىرىم بىلەن سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم.

سەن مېنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى، ئۈمىدىمنى يۈدۈپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن مەكتىپىڭ تامان كېتىۋاتاتتىڭ. سەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكۈچە نەچچە رەت ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىغىنىمنى ساناپ بېرەلمەيمەن. ئاخىرقى قېتىم قارىغىنىمدا سەن كۆرۈنمەي قالدىڭ. كۆزلىرىم سېنى ئىزدىدى. شۇ تاپتا دىلىمدا، تىلىمدا كۈندە تۈمەنمىڭ قېتىم زىكرى قىلىنىپ تۇرىدىغان مۇبارەك ئىسمىڭنى ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىراپ تۇۋلىغۇم كەلدى. تۇۋلىيالمىدىم، ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندىم. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرۈپ بارغىنىمچە قۇچىقىمنى كەڭ ئېچىپ خۇددى باچكىسىنى قوينىغا ئالغان ئانا

كەپتەردەك ئىللىق باغرىمغا باسقۇم كەلدى، لېكىن بىرسى پۇتۇمدىن باغلاپ قويغاندەكلا ئورنۇمدىن مىدىرلىيالماي، جايىمدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم. يۈرەك تىۋىشىم ئاڭلانمايتتى، ئۇ سېنىڭ قەلب قەسرىڭدە ساڭا ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى......

# سائىل

## 1

نۇرتاش ئىدارىمىزگە باشلىق بولۇپ كېلىۋىدى، خۇددى ئولتۇرۇپ قالغان گاچا قىزىغا ئەلچى كەلگەن مومايدەك، نۇرتاشنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، پايپېتەك بولۇپ كەتتى. «بىزنىڭ ساۋاقداش بولىدۇ» دەپ قوياتتى ئۇ ئىدارىدىكىلەرگە پەخىرلەنگەندەك بىر تەلەپپۇزدا. دېمىسىمۇ يېڭى باشلىق كەلگەندىن كېيىن ئىدارە باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. كۈندە دېگۈدەك ئىشخانىدا ئولتۇرالماي ئۇياق - بۇياققا كېتىۋالىدىغان، پۇتىدا شارىكى بارلارمۇ ئەمدى ئىشخانىسىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ غىت قىسىپ ئولتۇرىدىغان بولدى. باشلىقنىڭ ئالدىدىن بالدۇرراق ئۆتۈپ، تونۇشۇۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرگەنلەر ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن باشلىق ئىشخانىسىغا كىرىپ ياكى كەچ پۇرسەتلەردە ئۆيىگە يوقلاپ بېرىپ ۋەياكى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ...... دېگەندەك ئاۋۋال ئۆزىنى، ئاندىن ئىدارىدىكى مەلۇم بىرلىرىنى تونۇشتۇرۇپمۇ ئۈلگۈردى.

— ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىرى بەك بەلەن بولدى باشلىق، ئەسلىدە بالدۇرراق كەلگەن بولسىلا تېخىمۇ بەلەن بولاتتىكەن، ئەجەب تەستە قۇتۇلدۇق دەيمەن ئاشۇ سادىر «سومكا»دىن، ئىدارىدىكى كادىرلارنىڭمۇ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ بىر پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋەتكەن دەيمەن. يا بىرەر كۈنمۇ ئۇنتۇلۇپ قالمىغان شۇ قارنى تويماس قارا سومكىسىنى، يا يىرتىلىپ كەتمىگەن دەيمەن. بىر كۈن بىر قاسساپنىڭ كانارىغا ئېسىپ قويغان، بىر كۈن سەيچىنىڭ غالتىكىگە تاشلاپ قويغان «كەچتە ئالغاچ

كېتەي» دەپ...... ئىشقىلىپ، ھەي...... نېمە دېسەم بولا؟ بىزەڭ
سائىلىنىڭ ئۆزۈلىغۇ......— دېدى نۇرتاش يېڭى باشلىقنىڭ ئۆيىگە
يوقلاپ بارغان چاغدا ئىلگىرىكى باشلىقنى دادلاپ. باشلىق
ئۈندىمەستىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى. لېكىن، چىرايىدا ھېچقانداق
ئىپادە كۆرۈلمىدى. ئىلگىرىكى باشلىقتا باشقىلارنى يامانلاپ بەرسە ياكى
كۆز ئالدىدىلا ئۇنى ماختاپ - ئۇچۇرۇپ قويسا خۇشلۇقىدىن گازىر
كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىسىپ، چۆچەكتەك ئاغزى كالچاراپ يالاقتەك بولۇپ
كېتەتتى. باشلىقنىڭ ھېچقانداق ئىپادىدە بولمىغانلىقىدىن «كۆڭلىگە
ياقمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويدۇممۇ نېمە؟» دېگەن خىيال لىپ
قىلىپ ئۆتكىنىدە، نۇرتاشنىڭ كۆڭلى ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالدى.
گەرچە ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈلمىگەنىدەك قىلغان بىلەن
كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن چەكسىز خۇش بولۇۋاتقىنىنى ئۇ قانداق
ھېس قىلالىسۇن......

باشلىق بۈگۈن ئەتىگەن ئىشخانىسىغا كىرە - كىرمەيلا نېمە
ئىشقىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۈستىلىنى يىغىشتۇرغاچ نۇرتاشنى
چاقىردى.

— نۇرتاش، ھوي نۇرتاش مۇدىر!

مۇدىر ئىشخانىسىدىن «ھە، مانا، مانا، ھازىر» دېگەن ئاۋاز
ئاڭلىنىپ، نۇرتاش پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلىغىنىچە باشلىقنىڭ
ئالدىغا ھازىر بولدى.

— نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركى باشلىق؟— دېدى ئۇ مۇللىسى
ئالدىدىكى تالىپتەك قول باغلاپ تۇرۇپ ئېگىشكىنىچە.

— مامۇت ھاكىمنى بالنىستقا كىرىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ، راست
شۇنداق بولغانمىدۇ؟— جىددىي بىر تۇستە سورىدى باشلىق مۇدىرنىڭ
نەچچە ئاي چوتكىلانمىغان ئاغزىدىن چىقىۋاتقان غەيرىي پۇراقتىن
سەسكىنىپ نېرىراق سۈرۈلگەچ.

— مەنمىغۇ شۇنداقراق ئاڭلىدىم، ئەمما......— نۇرتاش سەل
تەمتىرەپ قالدى.

— نېمە ئەمما، پەمما ئۇ؟ شۇنداقراق ئاڭلىدىم دەيسىلىغۇ، نېمىشقا

بالدۇرراق ئۇقۇشۇپ كۆرمىدىڭلا؟ ئىشخانا مۇدىرى بولغان ئادەم ناھىيە رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە مەسئۇل رەھبەر ئۆيىدە تۇرۇپ يۆتەلسىمۇ ئۇنىڭ زۇكامداپ قالغانلىقىنى ھېس قىلالىغۇدەك سەزگۈر، ئەڭ ئېسىل زۇكام دورىلىرىدىن دەرھال يەتكۈزۈپ بېرەلىگۇدەك چاققان بولۇش لازىم، بىر ئامالالارنى قىلىپ رەھبەرلەرنىڭ بارغان- تۇرغان يېرىدىن خەۋەردار بولۇپ قويغۇلۇق، بولمىسا ئىشتىن چاتاق چىقىدۇ، بىلدۇقما؟ـــ باشلىق سەل چىچىلىپ قالدى. نۇرتاش ئاۋازى بوم، چىرايى سۇرلۇك سوتچىنىڭ ئالدىدىكى ئوغرىدەك تاتىرىپ كەتتى.

ـــ بىلدىم باشلىق، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم دىققەت قىلىمەن، ـــ دېدى تىترەك ئاۋازدا.

ـــ جۇرۇڭلا، دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلاپ كېلەيلى.

ـــ قايسى ماشىنىدا بارىمىز؟

ـــ ئىككى تاقلىسىلا بارغىلى بولغاندىكىن، ھاۋا يېگەچ پىيادىلا بارايلى.

ئۇلار ئىدارىدىن چىقىپ 100 مېتىرچە ماڭا - ماڭمايلا جۇلجۇل كىيىملىك، قاپقارا جاڭگا ساقىلى يېشىغا ماس كەلمىگەن، 35 ياشلاردىكى بىر سائىل ئۇدۇللا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـــ ئاللانىڭ ھەققىدە پۇتۇن بىر كوي سەدىقە بەرسىلە ئاكا، ئالتۇن بويلىرى ئامان بولغاي، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەيلا ئاكا، ئۇلۇغ پەيشەنبە كۇنى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ روھى خۇش بولۇپ قالار ئاكا...... ئامىن!!ـــ سائىل دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ يەنە نېمىلەرنىدۇ دەپ ئۇزاق دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

- نېمە؟ ئاكا؟! ھەي، كۆزۈڭ كورمۇ سېنىڭ؟ ساقىلىڭ غولاچتەك تۇرۇپ ئاكا دەيسەنغۇ ئادەمنى بالدۇر قېرىتىپ، كۆزۈڭگە بوۋاڭدەك كۆرۈنۈۋاتامدىمەن؟ نېمىدەپ ۋالاقلايدۇ ما دىۋانە، ھەي، سەدىقە پۇلنى ساڭا بەرسەم، تېخى ئۆلمىگەن ئاتا - ئانامنىڭ روھى خۇش بولامدا؟ قانداق دېگەن گەپ بولدى بۇ ئەمدى!ـــ باشلىقنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ كەتتى.

ـــ خاپا بولمىسىلا ئەپەندى، ھەممەتلىرىگە دۇئا قىلىپ قويىمەن،

ساۋاب بولىدۇ، — سائىل قولىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن كەتمىدى.

— ئەپەندى؟ كىم ئەپەندىكەن؟ ئەمدى مەن كۆزۈڭگە ئاشۇ دائىملا ئۇششاق بالىلار بىلەن ۋارقىراپ - جارقىرىشىپ يۈرۈيدىغان ئەپەندىچاقلاردەك كۆرۈنۈۋاتامدىمەن؟ بىلىپ قوي، مەنچۇ ئاشۇ ئەپەندىلەر باشقۇرۇپ يۈرگەن كۆك ماڭقىلارنىڭ دادىلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم! قارا بۇنىڭ، قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى پۇچەكلەشتۈرۈۋاتقىنىنى! ئۆزىچە «ساۋاب بولىدۇ» دەيدا تېخى، قۇرۇپ كەتسۇن شۇنداق «قوكى تۆشۈك» ساۋابلار، قۇرۇق دۇئاغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ ھازىر؟ بەش ئەزاسى ساپساق تۇرۇپ يەنە....... — «ئەجەب بىزار بولدۇم مۇشۇ كۈنلەردە دىۋانە دېگەندىن، دوقمۇش - دوقمۇشتا كىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ بىزىرىپ تۇرۇۋالغان، يا ئارامخۇدا يول ماڭغىلى بولمىغان، مۇشۇ خەقنىڭ ئاغزىغا نۇر جۇيجاڭ، ئىدارە باشلىقى جانابلىرى...... دېگەندەك گەپلەر كەلمەمدىكىنا؟» دەپ غۇدۇرىغىنىچە يانچۇقىنى كولاشتۇردى باشلىق، لېكىن قولىغا پۇل چىقمىدى، — ما ئىشنى كۆرۈڭ، يانچۇقۇمغا پارچە پۇل سالماي چىقىپتىمەن ئەمەسمۇ مۇدىر، يېنىڭىزدا پارچە پۇل بولسا ماڭا ئون كوي «قەرز» بېرىپ تۇرۇڭلار، دوختۇرخانىغا بارغۇچە يەنە نەچچە يەردە يول توسىدۇ بۇ «ساقچىلار»، — دېدى نۇرتاشقا قاراپ.

نۇرتاش كۆزى قىيمىسىمۇ كۆڭلىدە بىلىپ، قوللىرى تىترىگەن ھالدا بىر كويلۇق پۇلدىن ئون ۋاراق چىقىرىپ بەردى.

— ئەپتىڭلىگە قاراپ بىر تىيىنمۇ بەرمەي دېگەن، خەر بوپتۇ، مانا ئېلىڭلا، ھەي، ياش بولغاندىكىن تەييارتاپلىق قىلماي ئىشلەپ تاپساڭلار بولمامدۇ دەيمەن، — دېدى باشلىق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارىغىنىچە، قاققان قوزۇقتەكلا قېتىپ قالغان سائىلنىڭ قولىغا بىر كوينى تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ.

دېگەندەك تېخى مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ئۇلارنىڭ نەچچە يەردە ئالدى توسۇلدى. ئۇلار بەزىبىر مېيىپ، ئاجىز - ئورۇق، ياشانغانلارغا بىر كويدىن بەرگەندىن سىرت، ياش، بېجىرىملىرىگە قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ

كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئون كوي پۇل بىردەمدە تۈگەپ كەتتى.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن سىخىيلەر، چىققان دۆۋەڭلار ئېگىز، ئۆمرۈڭلار دەريادەك ئۇزۇن، تېنىڭلار ساغلام بولغاي ئىلاھىم! ئامىن!

ئۇزۇن ساقاللىرى گىجەكلەشكەن، ئورا كۆزلىرى نۇرسىز، ئۇستىبېشى پەجمۇدە، قارىماققا 70 ياشلاردىكى بىر بوۋاي ئۆلارنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئەستا، بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟— دېدى باشلىق غۇدۇراپ. يانداپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ ئەك كۆڭلى ئۇنىمىغاندەك بىر بوۋايغا، بىر مۇدىرغا قارىدى،— نۇرتاش مۇدىر يانچۇقۇڭلىنى يەنە بىر كولاپ پارچە پۇل بولسا ئېلىڭلا قاراپ تۇرماي.

بوۋاينىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ مۇدىرنىڭمۇ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى بولغاي، بەش كويلۇق پۇلدىن بىر ۋاراق چىقىرىپ بوۋايغا سۇنۇۋىدى، باشلىق توسۇپ قويدى.

— هاي، هاي، ئەكېلىڭلا ماڭا بېرىڭلا پۇلنى، ھەممىنى بۇ بوۋايغا بېرىۋەتسەك، ئالدىمىزغا يەنە باشقىسى كەلسە نېمە بېرىمىز؟— ئۇ مۇدىرنىڭ قولىدىن پۇلنى يۇلۇپ ئېلىپ، بوۋايغا يۈزلەندى،— مۇنداق بولسۇن بوۋاي، ماۋۇ بەش كوينى سىلىگە بېرەي، بىر كوينى ئېلىپ قېلىپ تۆت كويىنى ياندۇرۇپ بەرسىلە.

بوۋاي بىر پۇلغا، بىردە ئالدىدىكى سالاپەتلىك ئىككى مۆتىۋەرنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە بىر قارىۋېتىپ قولىدىكى پارچە پۇللارنىڭ ھەممىسىنىلا باشلىقنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى - دە، بەش كوي پۇلنىمۇ ئالماي ئالدى - كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى.

— ھەي بوۋاي، ھەي سائىل! بۇ پۇللىرىڭنى......— باشلىق نېمىنىدۇ ئويلاپ بوۋاينى چاقىرغىنىدا، ئۇ ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئۇنىڭ پۇل تۇتقان قولى ھاۋادا ساڭگىلىغىنىچە قېتىپ قالدى.

— بىزنى دىۋانە كۆرۈپ قالدىمۇ نېمە بۇ دىۋانە،— دېدى باشلىق ئېسىگە كېلىپ،— بوپتىلا، ھەمىشە بىزلا بەرمەيلى، ئۇلارمۇ بېرىپ باقسۇن،— دېدى- دە، قولىدىكى بىر تۇتام پارچە پۇللارنى رەتلەپمۇ ئولتۇرماي پۈرلەپلا ئىچ يانچۇقىغا سالدى.

«بـۇنچە مەيـنەت بولـۇپ، پۇرلـىشىپ كەتـكەن پـارچە - پـۇرات پۇللارنى باشلىق ئەمدى ماڭا بېرىۋېتىـدىغۇ» دەپ ئـويلاپ، باشـلىقنىڭ قولىغـا تەلمـۈرۈپ تۇرغـان نۇرتـاش مۇدىرنىـڭ كـۆزلىرى چەكچىيىـپ، يۈزلىرى شىۋىرغان سوققاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

ئۇلار دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە كوماندىرى توختاش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن ئەسكەردەك شاپپىدە توختاپ قالدى. باشلىق سوئال نەزەرىدە مۇدىرغا قارىدى:

— قۇرۇق قوللا يوقلاپ كىرسەك بولماس، — دېدى ئەتراپقا نەزەر سالغاچ. ئۇ سوۋغاتلىقنى قەيەردىن ئېلىشنى كۆزلەۋاتاتتى.

— شۇنداق، شۇنداق، قۇرۇق قول كىرسەك ئەلۋەتتە سەت بولىدۇ-دە، مەن دىككىدە گۈل دۇكىنىغا بېرىپ......

— گۈل دۇكىنىغا؟ ئۇ يەردە نېمە بار، گۈلنى يېگىلى بولامتى، ئەر كىشى دېگەنگە قۇۋۋەت بولىدىغان نەرسىلەر بولغىنى ياخشى، ئاۋۇ يان تەرەپتىكى تاللا بازىرىغا كىرىپ، قاراپ قويسىمۇ روھنى ئۇرغۇتقۇدەك يېمەكلىكلەردىن ئېلىپ چىقىڭلا، يانچۇقتا پـۇل بـاردۇ؟ بولمىسا مەن......

— پۇل بار باشلىق، ئۆزلىرىنى كايىتمىساقمۇ...... ھە، «قىزىل كالا» ئىچىملىكىدىن بىر يەشىك ئېلىپ چىقسام......

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلە، — گەپنىڭ بېلىگە تەپتى باشلىق، — بۇغا مۈڭگۈزى تالقىنى، بۇقا چۈۋىسى قېقى، يولۋاس سۆڭىكى قۇۋۋەت ھارىقى...... دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالمامسىلە مۇنداق، خاتىرجەم ئېلىۋېرىڭلا ئىشچىلار ئۇيۇشما خىراجىتىدىن ئاتچوت قىلدۇرىمىز.

مۇدىرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ خاتىرجەم ھالدا تاللا بازىرىغا قاراپ ماڭدى.

— ھاي مۇدىر، توختاڭلا، تالون يازدۇرغاندا 1500 يۈەن قوشۇپ يازدۇرغاچ چىقىڭلا، ئۆلۈشكۈن ئا بۆلۈم باشلىقىنى يوقلاپ بارغاندا ئالغان نەرسىلەرگە تالون يازدۇرماپتىكەنمىز، — دېدى باشلىق ئەسكەرتىپ.

«300 يۈەنلىك نەرسە- كېرەك ئالغاندەك قىلغان، 1500 يۈەن

قوشۇپ يازدۇرۇۋڭلا دەيدا، توغرا، باشلىق دېگەننىڭ پۇل خەجلەيدىغان ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ «قۇشقاچ گۆشىمۇ گۆشتە!» مۇدىر خىيال ئېرىقىدا ئاققىنىچە تاللا بازىرىغا كىرىپ كەتتى.

## 2

ئىككى كۈندىن بېرى ئىدارىدە كۈس- كۈس پاراڭلار ئاۋۇپ قالدى.

— ئاڭلىدىڭلىمۇ، يېڭى باشلىق بىر قىسىم ئوتتۇرا قاتلام خادىملىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرغۇدەكمىش؟— دېدى ساجىت ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىۋەتكەندىن كېيىن ھامۇتنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن تۇتۇپ.

— كىم ئاڭلىمايدۇ بۇنداق كۈچلۈك «بوران» نى، ئاۋۋال ئۆزلىرى كۈچلۈك بوران چىقىرىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان خەق بۇ، باشلىقنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان بىچارىلەرنىڭ كۈنى تەس بولىدىغان بولدى - دە، خېلى كۆپ بۆلۈم باشلىقلىرىنى نېرى - بېرى قىلارمىشقۇ؟— دېدى ھامۇت سەل ئۈنلۈكرەك ئاۋازدا.

— بوشراق سۆزلەڭلا دەيمەن، «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما؟— ساجىت ئالاق - جالاق بولۇپ ئەتراپقا قاراپ قويدى.

— قورققۇدەك نېمىسى بار، ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرگەن بالتىراقتەكلا پاخال گەپلەرغۇ، تايىنلىق بىر قىسىملار ئۆزلىرى ئەتەي يەلپۈپ كۈچەيتىۋاتقان بوران بۇ!— دېدى ھامۇت ساجىتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— مۇنداق دەڭلا، بەزىلەرنىڭ قۇيۇندەك پىرقىرىشىپ كەتكەنلىرى بىكار ئەمەسكەن- دە؟

— ئەلۋەتتە، نەچچىسى ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ، ئەمەل تەمەسىدە شېرىن چۈش كۆرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ شۇتاپتا. كىم بىلىدۇ سىلىمۇ كۆڭلۈڭلىدە پىچاق بىلەپ يۈرۈۋاتامسىلە تېخى! ھى، ھى، ھى...... خام خىيالدا بولۇپ يۈرمەڭلا يانا، ھەممە ئىشنىڭ

ئىگىسى بار دەيمەن، — دېدى ھامۇت «سىلىمۇ شۇلارنىڭ بىرىغۇ؟» دېگەندەك مەنىلىك تەلەپپۇزدا.

ساجىتنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، «نېمە دەيدۇ ما ئاداش، كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا گەپ قىلىدۇيا، ئۈلۈشكۈنكى ئىشنى ھېچقانداق كىشى سېزىپ قالغاندەك قىلمىغان، باشلىق دەپ قويغانمىدۇيا؟ ياق، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، بۇنداق ئىشنى بىركىمگە دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئەمىسە ما ئاداش......» ئۇنىڭ خىيالى ئاخىرلاشمايلا شۇ كۈنىدىكى ئىش كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى......

ساجىت ئەتىگەن ئىشقا كېلىپ ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قالدى. ئۇ «ئەتىگەندە نېمە ئىش بولغىيدى ئەمدى؟ بىرقانداق سېلىققۇ سالماس قاق بودا» دېگەن خىيال بىلەن باشلىق ئىشخانىسىغا كىردى.

— ھە، قېنى، كېلىڭلا ساجىت، قورۇنماي ئولتۇرۇڭلا، — دېدى باشلىق ئۈستەل ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرغاچ. ئۇ شۇنچىلىك تەبىئىي، خۇشچاق كۆرۈنەتتى. ساجىتنىڭ كۆڭلى سەل تىنجىدى.

— سىلى بىلەن دېيىشىدىغان مۇھىم گەپ بار ئىدى، — دېدى باشلىق ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى يېپىۋېتىشنى شەرەتلىگەچ. ساجىت بەستىگە ياراشمىغان چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ئىشىكنى مەھكەم يېپىپ قويدى. «نېمە گەپ بولغىيدى مەن بىلەن دېيىشىدىغان، يا مەن بىر ئالاھىدە ئادەم بولمىسام» ساجىت باشلىقنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى.

— يېقىندىن بېرى ئىداردە بولۇنۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى سىلىمۇ ئاڭلىغانسىلە؟ — دېدى باشلىق سىرلىق ھىجىيىپ.

— ئاز - تولا ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇ بەرىبىر كوچا پارىڭى - دە؟

— ھەي ئاداش، — دېدى باشلىق ساجىتقا تىكىلىپ تۇرۇپ، — سىلى «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما؟ مەن نېمە كويدا، سىلى نېمە ئويدا، بىر يېزىدىن ئىكەنمىز دەپ سىلىنىڭ غېمىڭلىدە يۈرۈۋاتىمەن شۇ تاپتا، ئۆزىنى بىلىپ قېشىمغا

كىرەرمىكىن دېسەم غېمىڭلىدە يوق يۈرۈيسلىنا نەچچە كەمدىن؟ مۇنداق گەپ، ئۆز ئادەم بولغاندىكىن ئوچۇقىنىلا دەۋېرەي،— باشلىق سەل مىدىراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ئاۋازىمۇ كۆرۈنەرلىك پەسلەپ كەتتى،— كۆرۈۋاتىسىلە، ماۋۇ نۇرتاش دېگەن ئاداش ئىسمى- جىسمىغا لايىق «كىچىك تىلى» بار نۇختىپەزكەن ئەمەسمۇ؟ دىتىمغا زادىلا سىغمايۋاتىدۇ، شۇڭا ئورنىنى ئالماشتۇرۇۋېتەيمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇ ئورۇنغا سىلىنى مۇۋاپىق كۆردۈم، سىلىچە مۇشۇنداق قىلسام بولامۇ؟ پىكرىڭلىنى ئاڭلاي دېۋىدىم؟

ساجىتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، دەماللىققا نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمەي، خۇدىنى يوقاتقاندەك بولۇپ ئاران ئورنىدىن تۇردى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن باشلىقنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— رەھمەت سىلىگە، رەھمەت! مۇشۇنداق بولسىلا ئەلۋەتتە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى، قوللىرىغا قول، پۇتلىرىغا پۇت بولاتتىم، بولسا بىر شۇنداق قىلسىلا، ۋاقتى كەلگەندە مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن. قارىماملا بىزدىن كېيىن كەلگەن سويمەكلەرمۇ بىر بۆلۈمنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ يۈرۈۋاتىدىغۇ ئاينا؟

— لېكىن، ئالدىمىزدا يەنە بىر بوسۇغا تۇرۇۋاتىدۇ، ئالدىنقى كۈنى ئويلىغانلىرىمنى ما شۇجىنىڭ سەمىگە سېلىۋىدىم، تازا ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرۇۋاتىدۇ، سىلىگە باشقىچىرەك قارايدىغاندەك قىلىدۇ.

— ماڭىغۇ ئۇنداقتەك تۇيۇلمايدۇ بولمىسا،— ساجىتنىڭ چىرايىدىكى نۇر ئۆچتى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى، «راستتىنلا شۇنداق قارامدىغاندۇ؟ ئەستا، ئالدىنقى قېتىم بوينۇمدىكى قاشتاشنى تالاشقاندا بېرىۋەتكەن بولسامبۇ بوپتىكەن».

— بولمىسا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالدىدىن بىر ئۆتۈپ قويامسىلە يا؟— دېدى باشلىق بىردەملىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— قانداق قىلىپ دەيلا؟

— قارىسام بۇ كىشى قاشتاش دېگەن نەرسىگە قەۋەت ئامراقكەن، قولنى ئازراق كەسمىگۈچە ئىش ھەل بولمايدۇ، شۇڭا......

— ئەستا مېنىڭ ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئىش بىلەن خوشۇم يوقتى،

قاملاشتۇرالماسمەنمىكىن؟

— بىلىمەن، شۇڭا مۇشۇ كەمگىچە بىر ئورنىڭلىدا توختاپ قالغان ئادەم سىلى.

— راست دەيمەن باشلىق، زادىلا ئەپلەشتۈرەلمەيدىغانده‌كلا قىلىمەن جۇمۇ، — دېدى ساجىت بېشىنى قاشلاپ. «ئۆتكەندە تالاشقاندا بەرمىگەن ئۇ نەرسىنى ئەمدى قانداق بېرىمەن» دېيەلەيتىمۇ.

— ھەي ئاداش، ئۇنىڭ باش قاتۇرغۇدەك نېمىسى بار، چارىسى ئاسان دەيمەن، سىلى ئالدى بىلەن لايىقىدا تەييارلىق قىلىپ غىپپىدە ماڭا ئەكىلىپ بېرىڭلا، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىمنىڭ مانا مانداقلىقىنى بىلىسىلىغۇ، مانا مەن كۆڭۈلدىكىدەك جۆندەپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ باش مالتىقىنى چىقىرىپ.

شۇ كۈنى كەچ ساجىت نەچچە يىل بويىندىن ئايرىماي ساقلاپ كەلگەن قىممەتلىك ئەگگۈشتىرىنى ئۆز قولى بىلەن چىرايلىق ئوراپ، باشلىققا بېرىۋاتقاندا رەھىمسىز بىر قارا قول يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك ئازابلانغان، تەنلىرى سىرقىراپ كەتكەنىدى.

لېكىن، باشلىقنىڭ ۋەدىسىنى، بەخت قۇشىنىڭ بېشى ئۈستىدىلا ئەگىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن جاۋىلداق خوتۇنىنىڭ «20 يىل كالىدەك ئىشلەپمۇ تىرناقچىلىك بولسىمۇ ئەمەلگە ئېرىشەلمىدىڭىز، دىتىڭىز بولغان بولسا بىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بېشىمىزنى ئېگىز تۇتۇپ، كۆكرىكىمىزنى كېرىپ ياشىغان بولاتتۇق» دېگەندەك تاپا-تەنىلىرىدىن بىر يولىلا قۇتۇلىدىغانلىقىنى خىيال قىلغىنىدا، بىر يەرلىرى ئاجايىپ تاتلىق سېزىملار بىلەن غىدىقلانغاندەك بولدى.

ئىككى كۈندىن بېرى ساجىتنىڭ كۆڭلى بىرئاز تىنغاندەك بولۇۋىدى، مانا بۈگۈن ھامۇتنىڭ تاققا - تۇققا گېپى بىلەن ئېشىغا چۈشكەندەك بىئاراملىق ھېس قىلىپ قالدى. «ھەممە ئىشنىڭ ئىگىسى بار جۇمۇ دەيدا، راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالارمۇيا؟ ئەجەب ئويلىماپتىمىنا، ناۋادا قاقباش باشلىق يۈرىكىمنى سۇغارغاندەك بەرگەن سوۋغاتلىرىمنى موككىدە ساندۇقىغا سېلىۋېلىپ، ما شۇجىغا بەرمەي قالسا ئىشىم سوغا چىلىشامدۇ - قانداق؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭ

يۈرىكىنى تىلىپ ئۆتتى.

## 3

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقىمىكىن، مامۇت زاپخوز نەچچە كۈندىكىدىن ۋاقچىرەك ئورنىدىن تۇردى. ئىرىلەڭگۈلۈك بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاز - تولا ناشتا قىلدى. ئاشخانىدىن ئىرغەشتۇرۇپ قۇرۇقدالغان ئۇن خالتىسىدىن بىرنى تاپتى ۋە قولتۇقىغا قىسىپ تالاغا ماڭدى. ئۇ تۈنۈگۈنكى پىلانى بويىچە يېزىدىكى ئۆيىدە بېقىلىۋاتقان كەپتەرلىرىنىڭ باچكىلىرىدىن 10 — 20 جۈپنى بۈگۈنكى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا قوناق سېتىۋېلىپ كەلمەكچى. ئۇ ئۈچ چاقلىق توكلۇق ۋېلىسپىتىنى يېتىلەپ، تار گۈللۈكتىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەڭرى مەيدانغا كەلگەندە ئاندىن لىككىدە مىندى. ئاستىراق مېڭىپ چوڭ دەرۋازىدىن چىقىشىغىلا كىمنىدۇر بىرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك تەقەززالىق بىلەن ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇرغان ئىدارە باشلىقىغا يولۇقتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باشلىق، تىنچ - ئامان تۇرۇپلىمۇ؟ — سالام بەردى مامۇت ۋېلىسپىتنى توختىتىپ قويۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام مامۇت ئاخۇن، تىنچ - ئامانلىققۇ، قارىمامدىغان زامان ئاخىر بولامدۇ نېمە؟ زامان ئاخىرىدا «كىمنى خىيال قىلسا شۇ كېلىدۇ دەپ» ئاڭلىۋىدىم، شۇ تاپتا سىلىنى خىيال قىلىپ تۇراتتىم، مانا دېگەندەكلا سىلى كېلىپ قالدىڭلا ئەمەسمۇ؟

— بىرەر ئىش - كۈشلىرى بارمىدى ماڭا بۇيرۇيدىغان؟ — سورىدى مامۇت ئاخۇن قولىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ.

— مۇھىم بىر ئىشقۇ يوق، بۈگۈن دېھقان بازىرىغا بېرىپ ئۆنىڭدىن - بۇنىڭدىن سېتىۋېلىپ كېلەي دېۋىدىم، لېكىن سودىغا تازا ئېپىم يوق بىللە بېرىشىپ بېرەمدىكىن دەپ.

— بەك ئوبدان بوپتۇ، مەنمۇ بازارغا بارماقچىدىم شۇ تاپتا.

— ھە راست، ئاڭلىسام سىلىنى قوشۇمچە توخۇ - كەپتەر بىلەن ھەپىلىشىدۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ — باشلىق گېپىنى ئەسلىي مۇددىئاسىغا

بۆتكىدى.

— شۇنداق باشلىق، مەندە يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بار قارىسىلا، كالا - قوي گۆشلىرىنى يېمەي پەرھىز تۇتىدىغان گەپكەن، بازاردىن توخۇ - كەپتەر سېتىۋېلىپ يەيمەن دېسە تازا ئىشەنچلىك ئەمەس، بازار دېگەنگە خىمىيەلىك تەركىبى يۇقىرى يەم - خەشەك بىلەن بېقىلغان توخۇ - كەپتەرلەر كۆپرەك كىرىدىغان گەپكەن، شۇڭا ئۆز قولۇم بىلەن بېقىپ يەي دەپ ئىشنىڭ سىرتىدا 50 — 60 توخۇ، 80 — 90 كەپتەر بېقىپ قويۇۋاتىمەن. توخۇ دېگەن تۇخۇملاپ بېرىدىكەن، كەپتەر باچكىلايدىكەن شۇ......

— بەك ياخشى قىپسىلە، خوراز - پورازلارمۇ باردۇ؟ ئاڭلىسام چۈجە خورازنىڭ گۆشى بىلەن شۇۋىگۈرۈچ قىلسا بەك ئوخشايمىشقۇ؟ — دېدى باشلىق ئۇنىڭ لەقىمىنى شىپى قىلىپ. ئەسلىدە مامۇتنىڭ ئىدارە بويىچە «تۆمۈر خوراز» دەپ نامى بار ئىدى.

— شۇنداق، شۇنداق، بەك ئوخشايدۇ ھەم تەملىك، ھەم سىڭىشلىك، — دېدى مامۇت بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ تۇرۇپ. «چۈجە خوراز، كۆك كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشى بىلەن تۇپىنى قوشۇپ ئۇماچ قىلسىمۇ بەلەن ئوخشايدۇ - دە» دېدى - يۇ، گېپىنى غورتىندە يۇتۇۋەتتى.

— كۆك كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشى بىلەن غولپىيازدا قورۇما قورۇپ، قولدا يېيىپ كەسكەن چۆپ بىلەن لەغمەن قىلسا تىلدا قالغۇدەك ئاش بولىدۇ - دە، بىزنىڭ خانىم قەۋەتلا ئامراق دەيمەن مۇشۇنداق تاماققا. لېكىن، ھېلى سىلى دېگەندەك توخۇ - كەپتەرنى بازاردىن سېتىۋالسا ئىشەنچلىك بولمايدىكەن، شۇڭا سىلىنىڭ...... — باشلىق گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە مامۇت گەپ ئالدى.

— ئەسلىدە توخۇ - كەپتەر سېتىۋالاي دەپتىكەنلىدە؟ مەنمۇ دەل بازارغا باچكا سېتىپ قوناق ئالارمەن دەپ ماڭغان دېسىلە.

— شۇنداقمۇ؟ «كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە تېۋىپ ئۆزى كەپتۇ» دېگەن شۇ - دە، مۇنداق بولسۇن، بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان شۇ باچكىلارنىڭ ھەممىسىنى مەن بازار باھاسىدا سېتىۋالاي، سىلى ئېغىر

كۆرمەي بوغۇزلاپ، پاكىز ئادالاپ ئۆيگىلا ئەكىرىپ بېرەمسىلىكىن، توپا - توزاندا بازارغا بېرىپمۇ يۈرمەي، قانداق؟

— بولمامدىغان، نېمە قىلىلا بازاردىن سېتىۋېلىپ، توخۇ - كەپتەر دېگەن بىزنىڭكىدە كۆپ تۇرسا. لېكىن، بازار باھاسىدا سېتىۋالىمەن دېگەنلىرى قاملاشمىدى، ئۇنچىلىك نەرسىنىڭ پۇلىغا مەن باي بولۇپ كېتەمدىم، لازىم بولغاندا دەۋەرسىلە، مەن ئۇنداق كۆزى كىچىكلەردىن ئەمەس!

— ئۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ؟ سىلى قوناق ئالىمەن دېگەن تۇرساڭلا؟

— ئۇنىڭ كارى چاغلىققۇ، بولمايدىغان نېمىسى بار دەيمەن، بىز يا يات ئادەملەردىن بولمىساق، ئاۋارە بولۇپ بازارغا بېرىپ يۈرمەي ئۆيلىرىدە ساقلاپ تۇرسىلا، مەن بىر - ئىككى سائەت ئىچىدە پاكىزلاپ توڭلاتقۇلىرىغا سېلىپ بېرىمەن، ئەمىسە مەن ماڭاي،— ماموت توكلۇق ۋېلىسىپىتىغا چاققانلىق بىلەن مىنىپ يېزا يولى تەرەپكە قاراپ چاپتى.

قاراپ تۇرۇپلا ئۈچ - تۆت يۈز كويىنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدىغىنىدىن شۇ تاپتا ماموتنىڭ يۈرەكلىرى پۇچىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەتىسىنى ئويلىدىمۇ ياكى باشقا مۇددىئاسى بارمۇ ئەيتاۋۇر قىلچىلىكمۇ چاندۇرۇپ يۈرمىدى.

«توۋا، نەچچە ۋاقىتتىن ئەجەب بىلمەي يۈرۈپتىمىنا بۇ سولتەكنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى. بالدۇرراق بىلگەن بولسام ئۆيگە مېھمان كەلگەندە بازارغا قاتراپ يۈرمەسكەنمەن. ھېلىھەم بولسىمۇ سەككىز - ئون كەپتەر، ئۈچ - تۆت مېكيان تېپىپ ئۇنىڭكىگە قوشۇپ قوياي. شۇ چاغدىلا توخۇم، چۈجە، باچكا دېگەن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭكىنى ئۆزۈم يېمەمدىمەن......» باشلىق مۇشۇ شېرىن خىياللار بىلەن ئۆيگە قاراپ ماڭدى. «توختا!» دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى بۇيرۇق بېرىپ، «ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ساجىتنى بازارغا ماڭدۇراي، تۆت مېكيان، ئالتە كەپتەر تېپىپ كەلسۇن......» ئۇ ئىزىدا چىپپىدە توختاپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

# 4

هەر كۈنى چۈشتە ۋە كەچتە كادىرلار ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى تۈۋىدىكى يوغان سېدىنىڭ تۈۋىدە «سەگىدەش» ئىدارە باشلىقىغا ئادەت بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ يەردە سەگىدىگەچ ئۆتكەن - كەچكەنلەر بىلەن سالاملىشىدۇ، ئۇچراشمىغانلار بىلەن ئۇچرىشىپ هال - مۇڭ بولۇشىدۇ.

مانا بۈگۈنمۇ ئىشخانىسىدا ئىچى سىقىلىپ قالغاندەك هېس قىلىپ، چۈشلۈك دەم ئېلىشقا تېخى يېرىم سائەتتەك ۋاقىت بولسىمۇ ئىشكىنى تاقاپ دەرۋازا ئالدىغا هازىر بولدى. 10 — 15 مىنۇتتەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇرسىمۇ بىرەر تونۇش - بىلىشى ئۇچرىمىدى. سەل - پەل ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆيگىلا كىرىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن تونۇشلا بىرسىنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. لېكىن، ئۇ كىشى خېلى يېقىنلاپ كېلىپ بىردىنلا يولنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئارقىسىغا يېنىشقا تەمشەلدى.

— هەي ساۋۇت ئاخۇن، ساۋۇت ئاخۇن! بۇياققىمۇ قارىغاچ مېڭىڭلا دەيمەن، مۇشۇ كۈندە ئادەمدىن قاچىدىغان بولۇۋالدىڭلا جۇمۇ، بىر ئوبدان ئۇدۇل كېلىۋېتىپ تۇرۇپلا يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈۋالدىكەنسىلىنا؟ مۇسۇلماندارچىلىقتا سالام - سەھەت قىلىشىپ ئۆتەيلى مۇنداق.

— يوقسۇ، سىلىدىن قاچامدىغان، كۆرمەي قاپتىمەن باشلىق، — ساۋۇت بوينىنى زەنجىردە باغلىغاندەك كېلىپ يۈرىكىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بىلىندۈرمەي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. «قارىمامدىغان ‹قورققان يەردە جىن بار› دېگەندەكلا ئۇچراپ قالغىنىنى بۇ ئادەمنىڭ، ئالدىرىغاندا گالۋاڭ بولىدىغان بولدۇم - دە» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

— قاچان كەلدىڭلا يېزىدىن؟ يونكىتنىڭ ئىشلىرى جايىدا كېتىپ بارىدىغاندۇ؟ ئۇزاق بوپتۇ بىرەر - يېرىمدەم هال - مۇڭ بولۇشمىغىلى، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپمۇ زېرىكىپ قالىدىكەن كىشى، مانا بۈگۈن ئوبدانلا

ئۈچرىشىپ قالدۇق، چۈشمۇ بولۇپ قاپتۇ، يۈرۈڭلا ئاۋۇ دوقمۇشتىكى قەشقەرلىكنىڭ ئاشخانىسىدا پولۇ، سامسا، كاۋاپ بەكلا ئوخشايدۇ، تاماق يېگەچ ھال - مۇڭ بولايلى، مەنمۇ بىر مېھمان قىلىۋالاي سىلىنى، — دېدى باشلىق «ئارمان بوۋاقلار تالقىنى»دا تۈجۈپلەپ بېقىلغان بوۋاقنىڭ قولىدەك بوغۇم - بوغۇم قوللىرى بىلەن ساۋۇت ئاخۇننىڭ قوللىرىنى قىسىپ ئەھۋال سورىغاچ.

— رەھمەت باشلىق، مېھمان قىلىش توغرا كەلسە مەن مېھمان قىلسام بولاتتى، لېكىن بۈگۈن شۇنداق ئالدىراش بىر ئىشىم بار ئىدى.

— ئا...... ئالدىراش دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ئالدىراش ئىش ئۆلگەندە تۈگەيدۇ، جۈرۈڭلا مەن مېھمان قىلىمەن دېگەندىكىن، — باشلىق ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقان پېتى سۆرەپ ماڭدى.

— ھېلىقى داۋۇت دېگەن «قوڭالتاق» باشلىقلارغۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەس بولۇپ كەتتى مۇشۇ كۈنلەردە، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى ئۇ دېۋانە، سىلى بىلىسىلىغۇ، تېخى نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئاتا - ئانىسى يېنىمغا تولا كېلىپ يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ، يىراق سەھرادىن شەھەرنىڭ قولتىدىكى يېزىغا يۆتكەپ قويدۇم، «قۇرغۇيۇڭ بولاي، لاچىنىڭ بولاي» دېگەندەك ئەتراپىمدا پايپېتەك بولۇپ كەتسە، خېلى ئاق - قارىنى پەرق قىلىدىكەن دەپ، بىر ئاي ئىلگىرى مەيدەمگە يۆلەپ تۇرۇپ پونكىتىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى قىلىپ قويدۇم. مانا ئەمدى «ئېشكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتتى، توقۇمى نەزىر» دېگەندەك، بىزلەر بىلەن كارى يوق ئاينا، — دېدى باشلىق قاقشاپ تۇرۇپ. شۇ تاپتا ساۋۇتنىڭ تىتتىت بولۇپ، خۇددى تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك قىمىرلاپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ساۋۇت نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي ئۆزىنى چاي ئىچىشكە زورلاپ، پۈشۈلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئاۋۇ ساجىت دېگەن ئابدالنىمۇ بىر مەھەللىلىك دەپ مۆرەمدە كۆتۈرۈپ، نەچچە يەرگە پالاقشىپ يۈرۈپ مۇدىر قىلدىم، زاپخوز ماموت «تۆمۈر خوراز» نىمۇ مېكىيان چۈجىسىنى قانات ئاستىدا قوغدىغاندەك

قانات ئاستىمغا ئېلىپ، نى - نى مۇشكۇل ئۆتكەللەردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ قويدۇم. ئۇ دىۋانىلەرنى مۇشۇنداق ئادەم قىلىپ قويسام، ئەمدىلىكتە ئۇلاردا ئىنساب قالمىدى، يىراقتىن كۆرسىمۇ ئالۋاستىدىن قاچقاندەكلا قېچىپ يۈرىدۇ، بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان، كۆرىمىزغۇ تېخى!!

ئۇ يەنە كىملەرنى چىشلەپ تارتىدىغان بولغىيدىكىنتاڭ، ئالدىغا تاماق كەلگەندىن كېيىنلا زوۋانى سەل بېسقىپ قالدى. «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەن شۇ بولسا كېرەك، ئۇ خۇددى چۆل - جەزىرىدە نەچچە كۈن تاماقسىز قېلىپ، ئاچلىقتىن ئۆلەي دېگەندە بىرەر سېخىينىڭ داستىخىنىغا ئۇلاشقان سائىلدەك «خوش- خوش» نىمۇ ئۇنتۇپ ئىشتاھا بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلدى.

«ئۇھا!» دەپ ئېغىر تىنىدى ئىچىدە ساۋۇت ئاخۇن. «ھەر نېمە بولسا تاماق بالدۇر كەلدى، بولمىسا يەنە كىملەرنى تالاپ - غاجاپ قاقشاپ بېرەتتىكىن بۇ بايقۇش» دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، دېيەلمەي قالدى. «سىلىگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ نەرسىسىنى يېيىشنى، ئېلىۋېلىشنىلا ئويلايدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مېھمان قىلىشىنى، ئېسىل نەرسىلىرىنى سوۋغا قىلىشىنى نورمال ئىش ھەم ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەنلىك دەپ ھېسابلايدىغان، ھەمىشە كىشىلەرنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ، تىللىسىمۇ، قوغلىسىمۇ بېزىرىپ تۇرۇۋېرىدىغان، بىرەر نان ياكى بىر - ئىككى مو پۇلغا ئېرىشكەندىن كېيىنلا «ئېشەكنىڭ بىر تال تۈكىنى بولسىمۇ يۇلۇۋالدىم» دەپ غەلىبىسىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان، داپ يۈز دىۋانىدەكلا ئۇياتسىز كىشىدىن كىممۇ قاچمايدۇ» دېيەلمەيدۇ- دە، ئەلۋەتتە. دۇرۇس، ھەر كىم بولسىمۇ ھوقۇقۇم بار دەپلا ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە قىلىۋەرسە بولمايدۇ- دە. ھەرقانداق ئەمەلدار ئاشۇ «ئالتۇن تاج»نى ئۆز بېشىدا مەڭگۈ تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىنىمۇ يادىغا ئېلىپ قويۇشى كېرەككۇ؟

تاماق ئاخىر يېيىلىپ بولدى.

— مۇلازىم، ھوي قىزچاق! بۇياققا كېلىپ ماۋۇ ئاشقان تاماقلارنى

خالتىغا قاچىلاپ ماۋۇ ئاكىڭىزغا بېرىڭ،ــ دېدى ئۇنىڭ ۋارقىراپ باشلىق، ئاش ئىسراپ بولسا بولمايدۇ.

ــ يوقسۇ، يوقسۇ، ئۆزلىرى ئالغاچ كەتسىلە، مېنىڭ بېجىرىدىغان ئىشلىرىم بار دېگەننى، كۆتۈرۈپ يۈرسەم قاملاشمايدۇ.

باشلىق لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ باش مۇلازىم ئورنىغا باردى. ساۋۇت ئاخۇن كۆڭلىدە «ھەرنېمە بولسا ئالدىنقى قېتىمقىدەك بولمايدىغان بولدى، بىرەر قېتىم بولسىمۇ پۇل تۆلەپ باقامدۇ» دېگەن ئويدا قەستەن ئارقىدىراق كەلدى. باشلىق بىردە ئۇ يانچۇقىغا، بىردە بۇ يانچۇقىغا قول سېلىپ ھەممىلا يانچۇقنى بىر قېتىمدىن ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن، قولىغا پۇل چىقمىدى.

ــ كەچۈرۈڭ خانقىز، ئېھتىياتسىزلىقتىن يېنىمغا پۇل سالماي چىقىپتىمەن، دەپتىرىڭىزنىڭ ئۇلۇغ بېتىگە يېزىپ قويۇپ تۇرۇڭ، چۈشتىن كېيىنلا......

ــ نېمە دەيلا غوجام، سىلى دائىملا يانلىرىغا پۇل سالماي چىقاملا؟ نەچچە قېتىم بولدى مۇشىنىڭ بىلەن،ــ دېدى مۇلازىم قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

باشلىق تۇغۇشى يېقىنلاپ قالغان ئىنەكتەك ئېغىر پۇشۇلداپ، چوڭقۇر بىرنى تىنىۋەتتى ـ دە، ئارقىسىدا تۇرغان ساۋۇت ئاخۇنغا چەكچىيىپ قارىدى.

ــ بولدى خانقىز كايىمىسىلا، يېزىپ قويىمەن دەپمۇ يۈرمىسىلە، تاماق پۇلىنى مانا مەن تۆلەيمەن، مانا پۇل ئالسىلا،ــ دېدى ساۋۇت ئاخۇن يۈز كويلۇقتىن ئىككى ۋاراقنى تەڭلەپ،ــ مەن تۇرغان يەردە سىلىگە نېمە كەپتۇ پۇل تۆلەيمەن دەپ،ــ دەپ قويدى باشلىققا ئەدەپ يۈزىسىدىن. باشلىقنىڭ غەلىتىلا بولۇپ قالغان ئات يۈز تەلەتىمۇ سەل ـ پەل ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى.

ــ بەكلا سەت ئىش بولدى ساۋۇت ئاخۇن، كېيىنكى قېتىمدا مەن راۋۇرۇس مېھمان قىلىمەن جۇمۇ،ــ دېدى كونا گېپىنى تەكرارلاپ. «ئەمدى خۇدايىم ساقلىسۇن سىلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىلى» دەپ پىچىرلىدى ساۋۇت ئاخۇن ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

## 5

مۇشۇ كۈنلەردە ئىدارىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى باشلىقنى كۆرسە ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى باشلىقتىنمۇ ئاچ كۆز، قۇۋ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئارامغا چىققانلاردىنمۇ ئۇنىڭ ئۇياتسىز قىلىقلىرىدىن بىزارلىق ھېس قىلمايدىغانلار يوق. ئىشلەۋاتقان كادىرلار ئاۋامنىڭ خىزمىتىنى، ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىنى دېمىسە ئىدارىگە ئاياغ باسقۇسى كەلمەيدۇ. كەلگەندىن كېيىنمۇ قاچان سائەت توشاركىن دەپ قاچقىلى كۆزى تۆت. ناۋادا باشلىق بىر - ئىككى كۈنلۈك يىغىنغا كېتىپ قالسا، تېرىلىرى كەڭرىپ قالغاندەك، ئىدارە ئازادىلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. شۇڭا، باشلىقنىڭ پات - پات يىغىنغا كېتىشىنى، بولسا بىر ئىككى يىللىق ئۆگىنىشكە كېتىشىنى تىلەيدۇ. سىرتلاردىن باشلىقنى ئىزدەپ كېلىدىغان تونۇش - بىلىشلىرىمۇ، ھال ئېيتىپ كېلىدىغان ھاجەتمەنلەرمۇ بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئىككى كۈندىن بېرى، ئىشتىن چۈشكەن چاغدا چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىدىغانلارمۇ كۆرۈنمەي قالدى. بۈگۈنمۇ دەرۋازا ئالدىدا كىملەرنىڭدۇر، ئالدىدىن ئۆتۈپ قېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان باشلىق بىرھازا ساقلاپ زېرىكتى. بىرەر تونۇش - بىلىش تۇگۇل ئىشتىن چۈشكەن كادىرلاردىن بىرەرسىنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، كادىرلارنىڭ قەيەردىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. «ئۆيىگە قايتمايۋاتامدىغاندۇيا» دەپ ئويلاپ، ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ تەكشۈرۈپمۇ كۆردى. ئىشخانىلاردا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. «ئۇچۇپىقۇ چىقىپ كەتمىگەنىدۇ؟» دەپ پىچىرلىدى باشلىق ئۆز - ئۆزىگە.

كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە باشلىق ئادىتىنى بۇزۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقمىدى. دېرىزىنى قىيا ئېچىپ قويۇپ ئەتراپىنى كۆزەتتى. كادىرلارنىڭ بىردىن - بىردىن غىپلا قىلىپ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئېچىلىپ باقمىغان كىچىك يان ئىشىكنى كىمدۇر بىرسى ئېچىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى دەپ غۇدۇراپ كەتتى.

ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى شۇنچىلىك يېگانە ھېس قىلىشقا باشلىدى، ئەتراپىدا ھېچ كىشى يوقتەكلا، ئىشخانا بىناسى تۆت تەرەپتىن قىسىۋاتقاندەكلا بىلىنىپ كەتتى.

本集子选录作者最近所写的，反映现代社会及存在现象的部分中、短篇小说。

**图书在版编目（CIP）数据**

散清的彤云 ：维吾尔文 / 赛麦提·麦麦提著. --
喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2012.5
ISBN 978—7—5373—2615—5

Ⅰ. ①散… Ⅱ. ①赛… Ⅲ. ①中篇小说－小说集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）②短篇小说－小说集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. ①I247.7
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 083387 号

责任编辑：**阿尔祖古丽·斯迪克**
责任校对：**坎拜尔古丽·吾斯曼**

# 散清的彤云

**（中、短篇小说）**

作者：**赛麦提·麦麦提**

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
880×1230 米 1/32 开本 7.375 印张 2 插页
2012 年 5月第 1 版 2012 年 5月第 1 次印刷
印数：1— 3000 定价：20.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927

ئەسەر: **40** پارچىدىن كۆپرەك مالىيە. باج.
ئىقتىسادقا دائىر ئىلمىي ماقالىسى ئېلان
قىلىنغان. «ئىككى خىل پوزىتسىيە»ناملىق
ھېكايىسى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر
قىلغان «**100** ھېكايە» ناملىق توپلامغا.
ئىككى پارچە شېئىرى شىنجاڭ خەلق نەشـ
ـرىياتى نەشر قىلغان «تاغ بۇلاقلىرى»
ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ يەنە
**2009** ـ يىلى **3** ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېر ـ
ستېتى نەشرىياتىدا «ھايات تامچىلىرى»
ناملىق نەسرلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان:
«يۈرەك كېسىلى» (ھېكايە)، «ئۇچرىشىش»
(نەسر)، «ئۇچرىشىش خاتىرىسى» (شېئىرلار)
قاتارلىق ئەسەرلىرى جۇڭگو مەدەنىيەت
نەشرىياتى نەشر قىلغان «باج ئۇچقۇنلىرى»
(خەنزۇچە) ناملىق ئەدەبىي توپلامغا
كىرگۈزۈلگەن.

سەمەت مۇھەممەت رامىزان شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمـ ـ
ـئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ياز ـ
غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت
ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار
جەمئىيىتى دۆلەت باج سىستېمىسى شۆبە
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

كىتاب خېتىنى يازغۇچى: قۇربانجان روزى شەيدائى

ISBN 978-7-5373-2615-5

9 787537 326155 >

（民文）定价：20.00 元